# تارىم

5

AltunOq

1990

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر : مەھەممەت شاۋۇدۇن
مەسلىھەتچىلەر: ياسىن خۇدا بەردى، ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم.

تەھرىر ھەيئەتلەر (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، ئارسلان، ئابدۇروسۇل ئۆمەر، ئابلىكىم باقى، تۇرغان شاۋدۇن، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مەھەممەت زۇنۇن، مەھمۇد زەيدى، ئىمىن تۇرسۇن، ئىمىن ئەخمىدى، زوردۇن سابىر.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

5

AltunOq

1990

40 - يىل نەشرى

www.uyghurkitap.com

# بوستاندا

## ماقالىلەر


لى كاڭنىڭ..........يولداش دېڭشياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز.......... 19

قەييۇم تۇردى..........يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى (ماقالە).......... 29


## نەسرىي ئەسەرلەر


ياسىن خۇدا بەردى..........قەلبداش (ھېكايە).......... 4

يەھيا سادىق..........سەپەردە (نەسر).......... 9

پەرھات تۇرسۇن..........مۇزلىغان دېرىزە (پوۋېست).......... 57

مالىك كېۋىر..........يېزا دوختۇرى (ھېكايە).......... 95

ئابلىكىم ھاپىز..........تۈگىمەس ئىشلار (ھېكايە).......... 112

زۇنۇن تاھىر..........پەتىچى (ھېكايە).......... 124

ھۆرنىسا تۇردى..........گۈلبانۇم (ھېكايە).......... 130

نەبىجان مەخمۇت..........«تىرىلگەن» پېرسوناژ (ھېكايە).......... 157


## شېئىرلار


سىدىق قاۋۇز..........مېھرى - شەپقەت ئاسمىنىدىكى چولپانلار.......... 10

مۇھەممەتئىمىن ھېيت..........ئىناقلىق كۈيلىرى.......... 11

ئابدۇللا سۇلايمان..........دوستلۇقتىن ياشنايدۇ بۇ ئۆمۈر.......... 12

موسا ئەھەد..........ئىناقلىق.......... 13

نەجمىدىن سىدىق..........ئىتتىپاقلىق - ھاياتلىق.......... 13

ماھمۇت زايىت..........بارچە مىللەت بولىدۇق بەزمىدە.......... 14

ئەھەد مۇھەممىدى..........دوستلۇق كۈيى.......... 15

ھەسەن تىلمۇالدى..........بىلمەن، ئىناقلىق ھەممىدىن قىممەت.......... 16

مۇھەممەت روزى..........يازدىم شېئىر.......... 17

ئابدۇرشىت ئىمىن..........ئىتتىپاقلىق شەنىگە.......... 17

ماخمۇت مۇھەممەت..........ئىتتىپاقلىق ناخشىلىرى.......... 18

تۆمۈر داۋامەت……………ئۈچ شېئىر…………………………………… 43
رەخىم قاسىم……………باھار كۈيلىرى…………………………………… 45
رەشىدە سېيىت……………شېئىرلار…………………………………… 47
ئەرشىدىن تاتلىق……………ئىسسىقكۆل…………………………………… 49
ئارسلان……………مۇھەببەت لىرىكىلىرى…………………………………… 50
غوپۇر رەخىم……………ئانىلارنى تۆرگە ئالايلى…………………………………… 53
تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم……………ئاچچىق كۈلكىلەر…………………………………… 53
ئۆمەرجان نىيازى……………دىلبەر…………………………………… 56
نەمەت ناسىرى……………رۇبائىيلار…………………………………… 56
ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن……………گىرىمسەن سىيمالار…………………………………… 104
سېيتمۇالدى كېرىم……………سەھرادا سەھەر…………………………………… 108
ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر……………ئىلھامبەخش تۇيغۇلار…………………………………… 110
توختىمۇھەممەت تۇردى……ئولتۇرىمىز جانان بىلەن خۇشچىراي…………………………………… 111

## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

قۇرمانئەلى ئوسپان……………شېئىرلار…………………………………… 141
تەلئەت ناسىرى……………ئىككى شېئىر…………………………………… 143

## بالىلار ئەدەبىياتى

ئەركىن داۋۇت……………غۇنچىلار تىلىدىن ياڭرىغان كۈيلەر (شېئىر)…………………… 144
ئېلى زاھىت……………ئىرادە قەترىلىرى (شېئىر)…………………………………… 147
ئىلھام ئاتاۋۇللا……………شېئىرلار…………………………………… 148

## كىتابخانلاردىن خەت

يۈكسەك ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن ھېكايە…………………… 150
«سادا» ھېكايىسىدىكى سادا…………………………………… 154

* * *

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسنخەتلەرنى مەھەممەت ئايۇپ ئىشلىگەن.

ياسىن خۇدا بەردى

# قەلبداش

(ھېكايە)

## 1

تالقان تۆكتى كۆز ئايلىرى:

مەن يۇرتۇمغا قىلغان بۇ قېتىملىق زىيارىتىمنىڭ باياشاتلىق بىلەن تولغان مۇشۇ ئەلۋەك پەسلىگە توغرا كېلىپ قالغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال ئىدىم. ماختىنىشقا، ئىلھاملىنىشقا ئەرزىيدىغان ئاجايىپ مەنزىرىلەر كۆز ئالدىمدا...

كوچىلار گۈل، ھويلىلار گۈل... نەگىلا بارساڭ، سېنى بىرىنچى بولۇپ باغرىغا چىللايدىغىنى چېتىگە كۆز يەتكۈسىز ئالمىزارلىق. ئۇ يەرنىڭ سالقىن ھاۋاسى، غۇر-غۇر شامىلى ۋۇجۇدۇڭدىكى يول ھارغىنلىقىنى قاياققىدۇر ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ، گۈل ۋە ئالمىلارنىڭ خۇشپۇرىقى خۇددى خۇشال بەزمىدە ئىچكەن ئۆتكۈر مەيدەك سېنى ھوزۇرلاندۇرىدۇ. شۇ مەي كەيپىچىلىكىدە يولۇڭنى داۋاملاشتۇرىسەن، كېتىپ بارغىنىڭ بۇلۇق زىرائەت ئۆسكەن ئېتىز ئارىسى. سەن شۇ چاغدىلا شەھەرنىڭ تىنىمسىز ۋاڭ-چۇڭلىرى بىلەن ئارامسىزلانغان كۆڭلۈڭنىڭ بۇ ھاياتبەخش تىمتاس زېمىندا باشقىچە يايراپ كەتكەنلىكىنى سېزىسەن. قىرلارغا باش قويغۇدەك، يېشىل چىمەنلەرگە باغرىڭنى ياققۇڭ كېلىدۇ. بۇ يۇرتنىڭ سېنى لەززەتلەندۈرىدىغان خىسلەتلىك قۇچىقى يالغۇز بولا ئەمەس. راھەتبەخش، مىسلىسىز گۈزەل بىر كۈي قۇلىقىڭغا ئاڭلىنىدۇ. ئۇ، ئالدىڭىدىكى قاش دەرياسىنىڭ ھەيۋەتلىك شارقىراشلىرى. مەن ئۇنىڭ كۈمۈش دولقۇنلىرىغا چۆمۈلمەكچى بولىسەن، يۈگۈرەيسەن. ساڭا شۇ چاغدا مېھرىبان، ئۇلۇغ بىر ئانا قوللىرىنى سوزىدۇ. ئۇ ئابرال تاغلىرى...

مەن بۇ يۇرتتىكى تۇنجى كېچىنى ئاشۇ لەززەتلىك تۇيغۇ ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم. پىلانلىرىم كۆپ ئىدى. ئالدىرىشىم كېرەك. مەن ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئۇدۇل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە مېنىڭ كىچىك چاغدىكى دوستۇم ھاكىم قاسىمجاننى ئىزدەپ كەتتىم. ئۇ، بۇ يەرنىڭ ئاددىي كىشىلىرىگە ئوخشاش، ئىشقا جانباز، ئۆتكۈر زېھنىلىك، پاراڭچى ئادەم. ئۇ ئىشخانىسىدا نەگىدۇر مېڭىش ئۈچۈن چاپىنىنى كىيىپ تۇرغانىكەن. مېنى كۆرۈپلا يىراقتىن قولىنى سوزۇپ، كۆتمەك، قېلىن قاشلىرى ئاستىدىكى چىرايلىق كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ:

— بەللى، سەنمىدىڭ بۇرادەر، ئاسماندىن چۈشتۈڭمۇ، يەردىن ئۈندۈڭمۇ؟ ئالدىڭغا توققۇز تازىم قىلىپ نەچچە بارساق ۋاقتىم يوق دەيسەن. ئەمدى ئالمىلار پىشىپ قېلىۋىدى، ئوغرىلىق قىلغىلى كەپسەن-دە، — دېدى. ئۇنىڭ باشقىلارغا تولىمۇ قوپال ئاڭلىنىدىغان بۇ چاقچىقى ماڭا بىزنىڭ بەكمۇ يىراقتا قالغان بالىلىق چاغلىرىمىزنى بەسلەتتى. شۇڭا مەن ئۇنىڭ چاقچىقىنى ئېغىر ئالمىدىم.

— خاتىرجەم بول، قارىۋاي! — دېدىم مەن مۇشتۇمۇمنى ئۇنىڭ تامىدىكى قوزۇقتەك چوقچىيىپ تۇرغان بۇرنىغا نوقۇپ، — ئالمىنى ئەمدى سەن بىلەن ئوغرىلىمايمەن.

— نېمىشقا؟

— سەن ھاكىم-دە! خەقنىڭ ئالىمىسىنى ئوغرىلىساڭ ئانداق ھاكىم بولۇپ تۇرالايسەن؟

بىز چاقچاقلىرىمىزدىن سۆيۈنۈپ قاقاقلاپ كۈلۈشتۇق. ئۇ مېنى دېۋانغا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندىن كېيىن ماڭا بىر تال تاماكا سۇنۇۋېتىپ:

— خوش، سېنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دېدى.

مەن بۇ قېتىم يۇرتقا كېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى قىسقىچە تونۇشتۇردۇم.

— بەك ياخشى بوپتۇ، — دېدى ئۇ قاپقارا بۇرۇتلىرىنىڭ ئۇچىنى چىمدىپ قويۇپ، — ئەمىسە مەن سېنى ھازىرلا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر سورۇنغا باشلاپ باراي. بىڭتۇەندىكىلەرنىڭ يەرلىكتىكىلەرگە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن خەلق مەيدانىدا بىرلەشمە مەشرەپ ئۆتكۈزۈلمەكچى. سەن شۇ يەردىن يازماقچى بولغان خەۋەر-ماقالىلىرىڭ ئۈچۈن ياخشى خام ماتېرىيال توپلىيالىشىڭ مۇمكىن.

بىز ئىشخانىدىن چىقىپ، ناھىيە بازىرىغا يۈرۈپ كەتتۇق. بازار قاينام-تاشقىنلىققا چۆمگەن. چىرايلىق كېيىنگەن ھەر مىللەت دېھقانلىرى ئېتىز، باغلىرىدىن چىققان كۆز نېمەتلىرى بىلەن ئەتراپنى تولدۇرۇۋەتكەنىدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىن كاۋاپ بىلەن پولۇنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماغقا ئۇرۇلاتتى. ئاشپەز، سامسىپەزلەر دۇكانلىرىدىن سىرتقا بويىنىنى سوزۇشتۇرۇپ، بەس-بەس بىلەن خېرىدار چاقىرىشاتتى.

بىز خەلق مەيدانىغا كەلدۇق. مەيدان چېتىگە قاتار-قاتار ئۇستەللەر قويۇلغان بولۇپ، ئاق خالاتلىق دوختۇرلار كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى كۆرۈۋاتاتتى. ئون نەچچە خەنزۇ يىگىتى دېھقانلارنىڭ چاچ-ساقاللىرىنى ئېلىۋاتاتتى. تېلېۋىزور، رادىئو، ۋېلىسىپىتلىرىنى رېمونت قىلىۋاتاتتى.

ھاكىم ئۇلارنى ماڭا كۆرسىتىۋېتىپ، بىر خىل مەمنۇنىيەت بىلەن:

— بۇلار بىڭتۇەندىن كەلگەن يولداشلار، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى پۇلسىز، — دېدى.

— قالتىس ياخشى ئىشقۇ بۇ! — دېدىم مەن بۇ ئىشلاردىن سۆيۈنۈپ.

— نەچچە يىلدىن بېرى ئىشلىرىمىزغا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان بىرمۇنچە زىددىيەتلەرنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىۋالدۇق دېگىنە... — قاسىمجان كۈلۈپ قويدى.

— شەكلەنلا ئەمەستۇ؟

— يوقسۇ، ئىشەنمىسەڭ تەكشۈرۈپ باق.

— قانداق ھەل قىلدىڭلار؟

— ئاچقۇچ رەھبەرلىكتە. تېخى ئاڭلىمىدىڭمۇ دەيمەن. يېقىندا ناھىيىمىزگە يېڭى پارتكوم شۇجىسى كەلدى. ئۇ ناھىيىمىزدە نەچچە يىلدىن بېرى ھەل بولماي كېلىۋاتقان زىددىيەتلەرنى ئۆزى بىۋاسىتە تۇتۇپ ھەل قىلىپ، ناھىيىمىزنىڭ ھازىرقىدەك مۇشۇنداق ياخشى ۋەزىيىتىنى ياراتتى.

خەلق مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا 5-6 يۈز كىشى بىمالال ھەرىكەت قىلالايدىغان بوش ئورۇن قالدۇرۇلۇپ، ئەتراپى ئارغامچا بىلەن توسۇپ قويۇلغانىدى. مەيداننىڭ تۆت ئەتراپى بىردەمنىڭ ئىچىدە ئادەمگە لىق تولدى. مەيدانغا ھەر مىللەت كىشىلىرى توپلانغانىدى. مەن ئەزەلدىنلا مەشرەپ خۇمار ئىدىم. شۇڭا تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن قاسىمجان بىلەن بىللە مەيداننىڭ بىر چېتىگە كېلىپ ئولتۇردۇم.

ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەك

www.uyghurkitap.com

مۇزىكانتلىرى ئورۇندىغان ئىلى سەنىمىنىڭ ياڭراق ساداسى ئىچىدە مەشرەپ باشلىنىپ كەتتى. باياتىن مۇزىكا ئاۋازىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرغان يىگىتلەر، قىز-چوكانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئاممىغا قاراپ ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، ئارقا - ئارقىدىن ئۇسسۇلغا چۈشۈشتى. ئۇسسۇلچىلار بارغانسېرى كۆپەيدى، ياشلارلا ئەمەس، ئوتتۇرا ياشلىق، ھەتتا 70 — 80 ياشلىق ئاقساقال بوۋاي - موماي لارمۇ ئىختىيارسىز سورۇنغا چۈشۈپ ئويناپ كېتىشتى. مەشرەپ تازا ئەۋجىگە چىققان چاغدا، مەيداندا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان بىر چوكان مەندىن ئون مېتىرچە نېرىدا ئولتۇرغان بىر كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىم قىلدى - دە، ئۇنى ئۇسسۇلغا تارتتى. ئۇسسۇلغا تارتىلغان بۇ كىشى ئوتتۇرا ياشلىق، ئېگىز بويلۇق، قاراقاش، خۇددى چاكچىلىلەردە باتۇرنىڭ رولىغا چىقىدىغان ئارتىسلەرنىڭكىدەك ئىككى قېشىنىڭ قۇيرۇقى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، چىرايىدىن كۆلكە يېغىپ تۇرىدىغان قاۋۇل ئادەم بولۇپ، چوكاننىڭ تەكلىپىنى تەكەللۇپسىزلا قوبۇل قىلدى ۋە خۇشاللىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، قائىدە بويىچە كۆپچىلىككە ئېگىلىپ تۇرۇپ چوڭقۇر تەزىم قىلدى - دە، مەيدانغا چىقىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ ئۇسسۇلنى شۇنداق قائىدە - يوسۇنلۇق، شۇنداق رىتىملىق ئوينىدىكى، ئۇنىڭغا قاراپ ھەممەيلەننىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى، مەنمۇ ھەيران قالدىم.

— ھە، ئاشۇ كىشى، — دېدى ھاكىم ماڭا ئۇنى كۆرسىتىپ، — بايا مەن گېپىنى قىلغان يېڭى پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ جيالىن.

مەشرەپ ئاخىرلاشاي دېگەندە ھاكىم مېنى باشلاپ بېرىپ ۋاڭ شۇجىغا تونۇشتۇردى. بىز ئۇنىڭ بىلەن بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن مېھمانخانىغا قايتتۇق. ھاكىم يولدا كېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ توغرىسىدىكى تەسىراتلىك بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

2

ۋاڭ شۇجى ناھىيىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوپۇل - تېۋپۇللا مەجلىس ئېچىشقا، يولىيورۇق بېرىشكە ئالدىراپ كەتمىدى. ئالدى بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتىپ ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن تونۇشتى. ناھىيىلىك ئىدارە - جەمئىيەتلەردىن تارتىپ باللار باغچىسىغىچە، بازار ئىچىدىن تارتىپ شەھەر ئەتراپى ۋە يىراق جايلاردىكى يېزا - مەيدانلارغىچە ھەممىنى بىر قۇر ئارىلاپ چىقتى، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى، زىرائەتلەرنى، باغ - ئورمانلارنى، مال-چارۋىلارنى ۋە ئوتلاقلارنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇرغۇن كادىرلار، دېھقان، چارۋىچىلار، زىيالىيلار ۋە دېموكراتىك زاتلار، دىنىي ساھەدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ پاراڭلاشتى.

ۋاڭ شۇجى ئۇيغۇرچىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. بايا سۆزلەشكەندە دىققەت قىلغانسەن، ئۇيغۇرچىنى خۇددى ئۇيغۇرلاردەك بىمالال، راۋان سۆزلەيدۇ، شۇڭا ئۇ نەگە بارسا خۇددى سۇغا تەشنا دالىلارغا سىڭگەن باھار يامغۇرىدەك ئامما ئىچىگە سىڭىپ كېتەتتى. شۇ سەۋەپتىن ئۇ ئاز كۈندىلا ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ئامما بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتتى. كىشىلەر كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى، تەلەپ - ئارزۇلىرىنى ئۇنىڭغا دېيىشەتتى. ئۇ ۋاقىتنى قالتىس قەدىرلەيتتى.

مەن بىر كۈنى ئەتىگەندە پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى

ئېچىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، پارتكوم مەجلىسخانىسىغا يېتىپ كەلدىم. مەجلىسخانىدا ۋاڭ شۇجى ئۆزى يالغۇز ماتېرىيال كۆرۈپ ئولتۇرۇغانىكەن. ئالاھەزەل ئون مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن كۆپچىلىك، بىرلەپ ـ ئىككىلەپ كېلىشكە باشلاپ، سائەت توققۇزلار چامىسىدا ئاندىن تولۇق يىغىلىپ بولدى. ۋاڭ شۇجى ماتېرىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈردى ـ دە:

— يولداشلار، ئەمىسە يىغىننى باشلايلى، — دېدى جىددىي قىياپەتتە، — بۈگۈنكى يىغىن بىر سائەت كېچىكىپ ئېچىلدى، دېمەك ئون نەچچىمىزنىڭ ئون نەچچە سائەت ۋاقتى ئىسراپ بولدى، دېگەن سۆز. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئەللەتنىڭ قايتا تەكرارلانماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەمدى ئۆز گېپىمگە كېلەي، مېنىڭ بۇ ناھىيىگە يۆتكىلىپ كەلگىنىمگە 3 ئايدىن ئاشتى. بۇ جەرياندا مەن ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلىنىپ چىقتىم. ئەھۋاللار بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشتۇم. نۇرغۇن پىكىر ۋە ئىنكاسلارنى ئاڭلىدىم. ھېس قىلىشىمچە، ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ياخشىكەن، ۋەزىيىتى مۇقىم ئىكەن. لېكىن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارمۇ ئاز ئەمەسكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ھازىر جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە بىكتۇەننىڭ ھاراق زاۋۇتىدىن چىققان پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى. بۇ توغرىلىق ئاممىنىڭ نارازىلىقى كۈچلۈك ئىكەن. مۇبادا بۇ مەسىلە ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، بىكتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ مۇناسىۋىتىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئېغىر تەسىر يېتىدۇ...

— ۋاڭ شۇجىنىڭ دېگەنلىرى توغرا، — دېدىم مەن ئۇنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ، — بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش بەكلا كېچىكتى، كېچىككەنسېرى يەرلىك بىلەن بىكتۇەن ئوتتۇرىسىدىكى ئارازچىلىق كۈچىيىۋەردى. مەنمۇ بۈگۈنكى يىغىندا بۇ ئىش توغرۇلۇق جىددىي قارار چىقىرىلىشىنى تەكلىپ قىلىمەن.

مەجلىسخانىنى بىر پەس جىمجىتلىق قاپلىدى. بىر ئازدىن كېيىن مالىيە ـ سودا ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجى خەن باۋشى سۆز ئالدى.

— مېنىڭچە، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ھازىر ئالدىرىمىساق، — دېدى ئۇ ئۆز سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغۇچى ۋەزمەن ئاھاڭدا، — پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئايرىم ئېرىق ۋە ئەۋرەز كولاشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن كەم دېگەندە 40 - 50 مىڭ يۈەن پۇل خەجلەش كېرەك. ۋەھالەنكى، بۇ پۇل زاۋۇتنىڭ ئىككى يىللىق پايدىسى بىلەن تەڭ. ئۇنداقتا زاۋۇتقا كۆپ زىيان بولىدۇ ـ دە. بۇنىڭغا بىكتۇەندىكىلەر ھەرگىزمۇ قوشۇلمايدۇ. ئەكسىچە، زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىدۇ.

ۋاڭ شۇجى يېزىۋاتقان خاتىرىسىنى توختىتىپ، بېشىنى كۆتۈردى:

— بىكتۇەنگە ھازىر 40 - 50 مىڭ يۈەن زىيان بولۇشتىن قورقساق، پاسكىنا سۇ تۈپەيلىدىن خەلقنىڭ سالامەتلىكىگە يېتىۋاتقان زىياننىڭ ئورنىنى نەچچە ئون مىڭ يۈەن پۇل خەجلەپمۇ تولدۇرغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى يامان ئاقىۋىتىچۇ؟ ئىگىلىشىمچە، ئۆتكەن يىلى مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن يۈزدىن ئارتۇق كىشى توپلىشىپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەلەپ قويۇپ بارغانىكەن. شۇ چاغ-

www.uyghurkitap.com

دا مەسىلىنى جىددىي تۇتۇپ ھەل قىلىشنىڭ ئورنىغا، خاتا ھالدا «بۇ بىر ئوچۇم يامان ئادەملەرنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكىتى» دەپ قارىلىپتۇ. ھەتتا بۇ ئىشقا باشلامچىلىق قىلغان كىشىلەرگە خاتا ھالدا زەربە بېرىلىپتۇ. بۇ قانداق ئىش؟ مېنىڭچە بۇ، ھوقۇقنى قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسەتكەنلىك، قانۇننى كۆزگە ئىلمىغانلىق، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىق. بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق قانۇنسىز ئىشلارغا قەتئىي يول قويماسلىقىمىز كېرەك. مەن بىكتۇەندىكى يولداشلار بىلەن كۆرۈشتۇم. ئۇلارنىڭ ناھىيىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن جان - دىل بىلەن خىزمەت قىلىش ئىرادىسى ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن. بۇنداق شارائىتتا، ھاراق زاۋۇتىدىن چىققان پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن كېتىدىغان 40 — 50 مىڭ يۈەننى ئايىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قۇرۇلۇش باشلانسا، خەلقمۇ قاراپ تۇرمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا مېنىڭ تەكلىپىم: قاسىمجان ھاكىم باشچىلىقىدا بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلساق، بۇ گۇرۇپپا بىكتۇەندىكى يولداشلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پاسكىنا سۇنى تېزرەك بىر تەرەپ قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلسا.

ۋاڭ شۇجىنىڭ بۇ تەشەببۇسى يىغىن ئاخىرىدا بىر ئېغىزدىن ماقۇللاندى. ئەتىسى (ھاراق زاۋۇتىدىن چىقىدىغان پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئېرىق - ئۆرەز چېپىلىدىكەن) دېگەن خەۋەر پۈتۈن ناھىيە بازىرىغا تارقالدى.

كىشىلەر قەۋەت خۇشال بولۇپ كېتىشتى. نۇرغۇن كىشىلەر كەتمەن، گۈرجەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، بىكتۇەندىكى يولداشلار بىلەن قولغا - قول تۇتۇشۇپ، ئېرىق - ئۆرەز چېپىش جېڭىگە ئاتلىنىشتى. ئوچۇق دالىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئەمگەك ناخشىسى ياڭرايتتى. ئەسلىدە بىر ئايدا تۈگىتىش مۆلچەرلەنگەن ئىش بىر ھەپتىدىلا تاماملاندى.

نەچچە يىلدىن بۇيان پاسكىنا، دۇغ سۇ ئېقىپ كېلىۋاتقان ئېرىقلاردا ئەمدى مەرۋايىتتەك سۈپسۈزۈك سۇ ئۆركەشلەپ ئاقتى. شۇنىڭدىن بېرى ئېرىقنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى تېرەك، سۆگەتلەر قايتىدىن تېخىمۇ ياشىرىپ باراقسانلاشتى. كىشىلەرمۇ ئېرىق بويىغا كېلىپ، ئابىي ھايات سۈدىن ئوچۇملاپ ئىچىدىغان بولدى...

ئاغىنەمنىڭ ۋاڭ شۇجى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىسى تۈگىدى. ئەمما قەلبىمدىكى ئاشۇ ئىلھامبەخش تۇيغۇلاردىن تۇغۇلغان پىكىرلەر ھېلىمۇ تۈگىگىنى يوق. مېھمانخانا دېرىزىسىدىن كۈندۈزدىكى شاۋقۇنلۇق ھاياتتىن كېيىن راھەتلىنىپ ئۇيقۇغا كەتكەن يۇرتۇمنىڭ كېچىدىكى مەنزىرىسىگە قاراپ تۇرىمەن. كۆكتە يۇلتۇز، كوچىلاردا چاراقلاپ تۇرغان ئېلېكتر چىراغلىرى... شۇ يارقىن نۇرلار ئارىسىدا ۋاڭ شۇجىنىڭ ھېلىقى ئۇسسۇل ئويناۋاتقان چاغدىكى خۇش خۇي سىيماسى كۆرۈنگەندەك بولىدۇ. ئىچىمدە دېدىمكى، خەلقنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، كۈلكىسىنى كۈلگەن قانداق ياخشى ئىش! ئۇ ھەقىقەتەن خەلق بىلەن قەلبداش، خەلقنىڭ دادىغا يېتىدىغان ياخشى شۇجىكەن.

1983 - يىل، غۇلجا.

يەھيا سادىق

# سەپەر

(نەسىر)

مېنىڭ كۆپرەك ۋاقتىم ئۇزۇن يوللۇق سەپەردە ئۆتىدۇ، ئۆزۈممۇ سەپەر قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن.

ئۇزۇن سەپەرگە چىققىنىمدا ۋەتىنىمنىڭ يېشىل بوستانلىقلىرىغا، دالىلىرىغا، تاغ - داۋانلىرىغا، دەريا - كۆللىرىگە تويماي قارايمەن. ھەر قېتىمقى سەپەردىن يېڭى-يېڭى تەسىراتلارنى ئالىمەن. بولۇپمۇ ئاپتوبۇستىكى بىر مەنزىلنى كۆزلەپ ماڭغان 50 — 60 ئادەمنىڭ قېرىنداشلاردەك مېھرىبانلىقى، كۆيۈمچانلىقى ۋە ئىناقلىقى مېنى بەكمۇ ھاياجانلاندۇرىدۇ. ئۆتكەن يىلى يازدىكى قەشقەرگە قىلغان سەپىرىمنى ئەسلىسەم ھاياجىنىمنى باسالماي قالىمەن. ئاپتوبۇستىكى بىر نەچچە مىللەتتىن بولغان ھەمراھلار ئىككى كۈن ئىچىدىلا ئۆزئارا تونۇشۇپ، بىر بىرىمىزگە ئىجىل بولۇشۇپ قالغانىدۇق. ئاپتوبۇس بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ قاتناش بېكىتىدە توختىغاندا، بىر نەچچىمىز تويغۇچە كىشمىش ئۆرۈك يېدۇق، كەچتە كوچادا قوندۇق. نېمە بالا بولدى، كۆزۈم ئۇيقۇغا بېرىشقا قورسىقىم قاتتىق ئاغرىشقا باشلىدى. ھەمراھلىرىمنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۈنۈمنى چىقارماي ئۇيان - بۇيان تولغىنىشقا باشلىدىم. ئاغرىق بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئىچىمدە ئوت كۆيۈۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. ئاخىرى ئاغرىققا چىدىماي ئىڭرىغان ئوخشايمەن، ھەمراھلاردىن بىرى چىراغنى ياقتى، باشقىلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، كارىۋىتىم ئەتراپىغا ئولاشتى.

— خېلىدىن بېرى قاتتىق بىئارام بولىۋاتىسىز، بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دەپ سوراشتى ئۇلار.

بىرەيلەن مەن ئېيتىپ بەرگەن ئاغرىق ئالامەتلىرىنى مۆلاھىزە قىلىپ:

— جىددىي خاراكتېرلىك تولغاقتەك قىلىدۇ. دەرھال دوختۇرغا ئاپىرايلى، — دېدى. ياتاقتىكى ھەمراھلىرىم دەرھال كىيىنىپ، مېنى يۆلەپ ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدى. بېكەت بىلەن دوختۇرخانا ئارىلىقى بىر كىلومېتىردەك كېلەتتى. چوڭ كوچىغا چىققاندا ئاغرىق دەستىدىن يەر دەسسىيەلمەيلا قالدىم. ئاخىرى خۇدۇمنىمۇ يوقاتقان ئوخشايمەن. شۇنىڭدىن كېيىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام دوختۇرخانىنىڭ ئاپئاق كارىۋىتىدا يېتىپتىمەن. يېنىمدا بىر خەنزۇ سېستىرا ماڭا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ مېنىڭ كۆز ئاچقانلىقىمنى كۆرۈپ:

— قىزىتمىڭىز يېنىپ، يۈرەك سوقۇشى نورماللاشتى، ھەمراھلىرىڭىزمۇ سىزنىڭ خەتەردىن قۇتۇلغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ قايتىپ كېتىشتى، ئۇلار ئەتە ئەتىگەن كەلمەكچى، — دېدى.

— مەن نېمە كېسەل بوپتىمەن؟ —

(ئاخىرى 123 - بەتتە)

AltunOq

www.uyghurkitap.com

سىدىق قاۋۇز

## مېھرى - شەپقەت ئاسمىنىدىكى چولپانلار

خۇددى توزدەك لىباس كىيدى دالىلار،
گۈلگە تولدى ئارامبەخش باغلىرىم.
كەڭ يايلاقلار چۆمدى كۆكلەم پەيزىگە،
زۇمرەت تاجنى تاقتى ئاقباش تاغلىرىم.

شۇنداق گۈزەل، شۇنداق خۇشال كۈنلەردە
چۆمدى دوستلۇق شادلىقىغا بارچە جاي.
كەلدى يىپەك دىيارىغا سۈجۈدىن
ئانىسىنى يوقلاپ ئاشۇ تولۇنئاي.

ئانا، دېدى ھاياجاندا شاۋلەن قىز،
ئاتتى ئۆزىنى لەيلىخاننىڭ قوينىغا.
ياقتى يۇمران لەۋلىرىنى مەڭزىگە،
گىرە سېلىپ ئۇنىڭ ئاپئاق بوينىغا.

خۇشال تەپتى لەيلىخاننىڭ يۈرىكى،
ياغدى كۈلكە - خۇش تەبەسسۇم چېھرىدىن.
ئەزىم دەريا ئاقتى گويا قەلبىدە
قىزغا بولغان چىن ئەقىدە - مېھرىدىن.

شۇ مىنۇتلار بولدى ئانا كۆرگەندەك،
داشۆدىكى سائادەتلىك قىزىنى.
ئېيخ نەقەدەر ئامەتلىك - ھە، لەيلىخان؟!
خۇشلۇقىدا بىلدى تار كەڭ يېزىنى.

كۈل رەڭ سارجا كاستۇمىنى ئاۋايلاپ
كەيگۈزدى قىز ئانىسىغا ئاشۇ دەم.
بەتىنكىنى ياندىپ ئاپئاق تاۋارغا،
كۆڭلى بىلەن قوشۇپ بىللە تۇتتى ھەم.

كۈتتى ئانا شۇنچە قىزغىن قىزىنى،
ئەتىۋارلىق مېھمىنىغا سويدى قوي.
تال باراڭلىق ھويلا تولدى ئادەمگە،
بولغىنىدەك بۇ قورۇدا بەزمە - توي.

بولدى زاھىر زور خۇشاللىق، ھاياجان،
كۈلكە يېغىپ ئوت چاقنىغان كۆزلەردىن.
ئايان بولدى ئۇنى بەش يىللىق سېغىنىش
سۆھبەتتىكى شېرىن - لەزىز سۆزلەردىن.

قالدى ھەيران تام قوشنىلار، نەۋرىلەر،
بولدى ئورتاق خۇشاللىققا، كۈلدى تەڭ.
قىلدى ئىزھار ئىش ۋەجىنى لەيلىخان،
قېرىنداشلىق بوخچىسىنى ئېچىپ كەڭ.

ئۇچتى بىردىن ئانىجاننىڭ ئوي قۇشى
يىگىرمە يىل نېرىسىغا - يىراققا.
كەزدى كەچمىش گۈلزارىنى لەيلىخان
داۋا ئىزدەپ كۆڭۈلدىكى پىراققا.

بىر جۈپ شۇڭقار تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپ،
چېگرا يۇرتقا كەلدى بىر يىل ئالتۇن كۈز.
تارتتى يىلتىز ئۈجمىزارلىق بوستاندا،
بولدى جەڭگاھ ئۇلار ئۈچۈن دالا - تۈز.

بىلدى شەرەپ رىيازەتنى تېخنىكلار،
جۇت بورانلار تاۋلاپ باردى جىسمىنى.
كەلدى ئۇلار ئەجرى بىلەن نەقىشلەپ
تۆھپىكارلار كىتابىغا ئىسمىنى.

تۇتتى تولغاق شى ليۇخۇانى بىر كۈنى،
مېنىڭ بالادا يەڭگىدى ئۇ، تۇغدى قىز.
كەتتى ئەپسۇس شۇ ناتاۋان ھالدىن،
قالدى بوۋاق بولۇپ ئۇندىن بىرلا ئىز.

ئۆتتى ئۈچ كۈن بىھۇشلۇقتا، ئاخىرى
ئالدى جاننى يۈرەكتىكى زەخمىناك.
ئايرىلدى بىخ يىلتىزىدىن ۋاقتسىز،
ئاجىزەنى ئەجدىھاردەك يۇتتى خاك.

ھەمراھىدىن جۇدا بولغان يولچىنىڭ
يەلكىسىدىن باستى تاغدەك دەرت - ئەلەم.
قاتار ئۇنىڭ ۋارىسىنى سەپكە كىم؟
شۇدەم باشقا چۈشتى تەگسىز تەشۋىش، غەم.

بولۇپ ئورتاق قايغۇسىغا ئاتىنىڭ،
كۆكرىكىگە باستى قىزنى لەيلىخان.
ئېمىزدىغا سالدى ئەمچەك پەپىلەپ،
ئاق سۈت بىلەن زەئىپ بىخقا بەردى جان.

شۇندىن بېرى بولدى سىڭىل، نەسەپداش
ئىككى ئايلىق نۇر جامالغا شۇ يېتىم.
سالار ئىدى ئانار گۈلنى ئېسىگە
ئوماقىنا كۈلسە شىياۋلەن ھەر قېتىم.

چېكىپ جەۋرى، كۈتۈپ بىر جۈپ بوۋاقنى،
كىرپىك قاقماي ئۆتتى تالاي تۈنلىرى.
ئېيتىپ ئەللەي ناخشىسىنى گاھىدا،
بوغۇلدى ھەم لەيلىگۈلنىڭ ئۈنلىرى...

قېرىنداشلىق بۆشۈكىنى تەۋرىتىپ،
ئۇ ئۇزاتتى ئالتە كۈزنى، باھارنى.
كۈتتى غەمخان ھوزۇرىدا قانچىلاپ
كۆڭۈلسىز تۈن، خۇشۋاق قۇتلۇق باھارنى.

بىراق ئۇنى قېرى، تەنھا مومىسى
چىللىۋالدى ئالتۇن كۈزدە قېشىغا.
مانا شۇنداق ئەگىپ ھىجران بۇلۇتى،
سالدى سايە ئانا - بالا بېشىغا.

ئايرىلىشقا قىيماي كۆڭلى، نائىلاج
ماگدى لوپىنىڭ سۇجۇ تامان يول سېلىپ.
لەيلۈم ئانا، تۇرسۇن ئاتا، نۇرجامال...
خەير خوش! دېدى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

تاغ - دەريالار، تۈمەن يوللۇق مۇساپە،
ئۈزەلمىدى قېرىنداشلىق مېھرىنى.
سۈرەتلەردىن، سېغىنىشلىق خەتلەردىن
كۆردى ئۇلار دىدارىنى، چېھرىنى.

يىپەكچىلىك زاۋۇتىدا، سۇجۇدا
تېخنىك بولۇپ ئىشلەر ھازىر شىياۋلەن قىز.
بۇ تەسىرلىك سەرگۈزەشە نەقىشتەك
دىل قېتىغا سالدى شۇنداق ئۆچمەس ئىز.

ئەسلىمىلەر سەپىرىدىن چېكىنىپ،
زەپ شادىمان سەزدى ئانا ئۆزىنى.
زوقلىنىپ ئۇ چەكسىز ئىززەت ئىلكىدە،
شى شىياۋلەنگە تىكتى نۇرلۇق كۆزىنى.

يالدامىلار، شېرىن سۇخەن - باياىلار
چېكىپ ئۆتتى كۆڭۈللەرنىڭ تارىنى.
سۆيۈنمەس كىم لەيلىخاندەك، شاۋلەندەك،
چىن دوستلۇققا قىلسا تەقدىم بارىنى؟!

دوستلۇق مېھرى ئوخشار ئەينى قۇياشقا،
دىل زېمىنى ئۇنىڭ بىلەن ئىللىغاي.
قەلبلەرنى چېتىپ مەھكەم رىشتىدەك،
مۇھەببەتنىڭ گۈلشىنىگە چىللىغاي.

مۇھەممەتئىمىن ھېيت

## ئىناقلىق كۈيلىرى

### ھەر ياقتا

ئىناقلىق شەنىگە قايناق ناۋا ياڭرايدۇ ھەر ياقتا،
ئىناقلىق كۈيىگە تەڭكەش ساما قاينايدۇ ھەر ياقتا.

www.uyghurkitap.com

ئىناق بولماي روناق تاپقان بۇ دۇنيادا قاچان كىملەر،
چىقىشقاقلار هامان غالىب، يېتىم قالمايدۇ هەر ياقتا.

بىرى كۆلسە، بىرى يىغلاش راۋا كەلمەيدۇ ۋىجدانغا،
ئەگەر بولسا ئاشۇنداق ئىش ۋابا تارقايدۇ هەر ياقتا.

بۈگۈن ئۆلكەم ئىناقلىقتا شەرەپ قۇچماقتا، يارانلار،
مۇهەببەتمۇ يېزىپ نەزمە شۇنى كۈيلەيدۇ هەر ياقتا.

## بولمىسا

شان كېلۇرمۇ بارچىمىزنىڭ كۆچى قوۋناق بولمىسا
تىلدا ئوخشاشلىق بولۇپ هەم دىللار ئورتاق بولمىسا.

نە كېرەك ۋاپاسى يوق تۇغقانۇ دوست يارانلىنىڭ،
يولدا يولداش، دەرتتە غەمخان، بەختى قوشماق بولمىسا.

تەڭ باراۋەرلىك بۈگۈن نۇر چاچتى بۇ كەڭ ۋادىغا،
تەۋرىنگەيمۇ بۇ قەلەملەر قەلبى قايناق بولمىسا.

ئابدۇللا سۇلايمان

## دوستلۇقتىن ياشنايدۇ بۇ ئۆمۈر

ئىنساننىڭ يارالمىشى ئالەم بىلەن،
باغلانغان ئالەممۇ چىڭ هەر ئادەمگە.
بولمىسا ئىنسان ئارا كېلىش - بېرىش،
تولاتتى كۆللى ئالەم غەم - ماتەمگە.

ماتەملەر، شادلىقلارنىڭ قىيانلىرى
باسقاندا دەشتى ئەسىر چۆللىرىنى؛
ئاڭلىدى دۇنيا يېشىل بوستانلاردىن،
قەۋملەر، قەبىلىلەر كۈيلىرىنى.

كۈيلەرنىڭ مۇڭى بىلەن قېرى تارىخ
يىغلىدى، گاهى كۈلدى قانچە ئەسىر.
نىزادىن بىرلىشىشكە ئەقىل ئىزدەپ،
پۈتكۈزدى مىللەت ئاتلىق كەڭرى قەسىر.

ئىنسانى هېس، ئورتاقلىق رىغبىتىدە
قەلبلەر قەلب تاپتى پاسىل ئاتلاپ.
دوستانە بېرىش - كېلىش ئۈزۈلمىدى،
كەتسىمۇ دۇنيانى سەل، بوران قاپلاپ.

شەرقنىڭ قەدىم يولچى كارۋانلىرى
مۇهەببەت، دوستلۇق توشۇپ توختىمىدى.
قەۋملەر ماتەمگە تەسكىن بېرىپ،
تويىغا شادلىق توشۇپ توختىمىدى.

تەبىئەت ياراتقان بار مەئىشەتنى
يەتكۈزدى ئۇ قەۋمدىن بۇ ئۇلۇسقا،
يەتكۈزدى پەن ئىجادى، ئىختىرانى
خەنزۇغا، ئۇيغۇرغا هەم پەرەڭ، رۇسقا.

چېگرا، تىل توساقلىرى كارۋانلارغا
قىلمىدى كار، ياخشىلار كەڭ تارالدى،
جەڭگاهلار ئاسمىنىدا قۇياش پارلاپ،
قەدىمي يۇرتتا يېڭى تاڭ يارالدى.

قوشۇلدى جۇمھۇرىيەت بايرىقىغا
تۆكۈلگەن قېنى ئوغۇز ئەۋلادىنىڭ.
سەپەرداش بولۇپ خۇئاگدى ئوغلانىغا،
كۈلدۈردى روھىنى ھەم ئەجدادىنىڭ.

ھاياتنىڭ ئەلگىكىدە تاسقالغاندا،
ياخشىسى ئىلغاندى ئۇ، بىز مىللەتنىڭ،
شاكىلى ھەم ناچىرى كۆرۈنگەندە
ئېگىسى سەن دېمىدۇق بىز ئىللەتنىڭ.

ئەسىرلەر تارىخىنىڭ ساۋاقلىرى
دەرس بەردى ئۇ مىللەت ھەم بىز مىللەتكە،
مىللەتنىڭ ناچىرى يوق، ھۈرۈنى يوق،
ھەر ئادەم ئۆزى ئىگە شۇ ئىللەتكە.

بولغاندەك موھتاج بىلىق سۇغا دائىم،
بىر مىللەت جان گوياكى بىر مىللەت قانى،
دوستلۇقتىن ياشنايدۇ بىز قىسقا ئۆمۈر
سۆيگۈدىن پۈتەر شۇنداق ئۇزۇن جاھان.

مۇسا ئەھەد

## ئىناقلىق

سەن بىلەن بەختكە چۆمۈلەر ھايات،
سەن بىلەن ۋە تەنگە ياغار كۈچ قۇدرەت.
سەن بىلەن خەلقىمىز ئىجىل ـ ئۆم، ئىناق،
سەن بىلەن ھەر جەڭدە يار زەپەر ـ نۇسرەت.
تەقدىرداش، قىسمەتداش، دىلكەش بارچىمىز،
كۆرۈمىز تەڭ قايغۇ، شادلىقنى ئەبەد.

سېنىڭسىز تىنچىسىز مالىمان ئالەم،
دىللاردا ئەنسىزلىك، تەشۋىش غۇسسە ـ غەم.
سېنىڭسىز زىمىستان كەبى سوغ دۇنيا،
تۇرمۇشتىن نەلەززەت ئالار ھاياتھەم.
سېنىڭسىز كۆڭۈللەر بولماس خاتىرجەم،
سېنىڭسىز ياتلىشىپ كېتىدۇ ئادەم.

سەن بولغاچ تاغ كەبى ئىشەنچ ـ ئىرادە،
ماڭىمىز مۇرىسىنى مۇرىگە تىرەپ،
سەن بىلەن لەت قىلىپ يولدا توسقۇننى،
ئۆتكەللەر قويىندا قالماسمىز مەڭدەپ.
سەن بىلەن تەڭداشسىز غەيرەت ـ كۈچ بىلەن
شان قۇچۇپ بارىمىز چوققىغا ئۆرلەپ.

سەن بىلەن ھايات گۈل، شېرىن ھەممە چاغ،
كۆڭۈل توق، دىللار شاد، تۇرمۇش پاراۋان.
سەن بىلەن باھاردەك ئىللىق قەلبلەر،
ھەر كۆڭۈل، ھەر ۋۇجۇت خۇشال ھەر قاچان.
بەختىنىڭ ھۆلىسەن، شەرەپ ـ شانىسەن،
سەن بىلەن ھەر سەپكە زەپەر يار ھامان.

ئەھمەدىن سىدىق

## ئىتتىپاقلىق ـــ ھاياتلىق

ئىتتىپاقلىق كۈچ ـ قۇۋۋەت ھەممە مۇقىملىققا كېپىل،
ئىشىمىز روناق تاپار بىز ھەر قاچان بولساق ئىجىل.
ئىتتىپاقلىقتۇر ھايات مىمارىنىڭ تاش تۈۋرۈكى،
بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشنىڭ، دوست ئۆتۈشنىڭ كۆۋرۈكى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سوتسيالستىك تۈزۈمدە نەۋ باھار بىزنىڭ دىيار،
ھەر جەھەتتىن تىنچ زامان ئىلكىدە بىز شاد-بەختىيار.
قىلدى داڭدار، بىزنى سەركار مەرىپەتنىڭ نۇرلىرى،
ئەل نېمە دېسە دېسۇن، بىز مەڭگۈ شەرقنىڭ ھۆرلىرى.

ھەممە مىللەت تەڭ ئېغىز تەگكەن بۇ جەننەت مېۋىسى،
خۇش، قېنى، دەپ كۆتۈرۈشكەن مەي-شارابى، پېۋىسى،
پۇتمىدىمۇ، ئىتتىپاقلىق ئېقىندىن سۇ ئىچىپ،
دەپ باقە يالغانمۇ، راست؟ ئېيتقانلىرىم ھۆكۈم پىچىپ.
كۆز يۇمۇپ قانداق تۇرالايمەن بۇلارنى كۈيلىمەي،
ھەم تىزىپ مىسرالىرىمغا ئىتتىپاقلىق — گۈل دېمەي.

مامۇت زايىت

## بارچە مىللەت بولدۇق بەزمىدە

### ئارشاڭ بولاقتا ھېيت

ئارشاڭ بولاق مېھمانخانىسى
قىزىپ كەتتى ئايەم-بەزمىدە.
تەبرىكلىدۇق ئۆز ھېيتىمىزنى،
پولو-لەغمەن، ناخشا-نەزمىدە.

مۇساپىرلىق سەزمىدۇق قىلچە،
دىل سۆيۈندى دوستلۇقتىن يايراپ.
گۈزەل ئوماق قۇجيەن قىزلىرى
قۇيۇپ تۇردى گۈل رەڭلىك شاراب،

پەيزى قىلدۇق ئۆيىمىزدەكلا،
بولمىغاچقا ياتلىق، يىراقلىق.
شوخ تەبەسسۇم، ئىشارەتلەردە
دىلدىن دىلغا كۆچتى ئامراقلىق.

### لى شىجىن ھەيكىلى ئالدىدا

چيەنتاڭجاڭ دەرياسى ئاقار ئۆركەشلەپ،
كېمىدە بېلىقچى ئېيتماقتا ناخشا.
بوندىكى مەنزىرە بىر گۈزەل سۈرەت،
قىرغاقتا تۇڭجىنسەن-راۋاق ھەم باغچە.

تۇرىمەن شىپاڭدا، ئالدىمدا مېنىڭ
لى شىجىن ھەيكىلى مىسالى گىگانت.
تىبابەت بابىدا قەدىم جۇڭگودا
ئۇ ھېكىم لوقماندەك بىر ئۇلۇغ تالانت.

خەلققە ساغلاملىق ھەم ئۇزۇن ئۆمۈر
بەخش ئېتىش يولىدا تىرىشقان ئۇزاق.
قايتمىغان يولىدىن، تاغلاردىن ئاشقان،
توسسىمۇ ئالدىنى ھاڭ-قىيا، توسۇق.

لى شىجىن-تۆھپىكار ئالىم ئىزىدىن
گۈللىگەن جۇڭگوچە قەدىم تىبابەت.
ئۇزارغان ئادەملەر ئۆمرى خېلىلا،
ئازىيىپ يۇقۇملۇق كېسەللىك-ئاپەت...

تۇرىمەن خىيالدا، ھەيكەل ئالدىدا،
لى شىجىن دۇنياغا قىلماقتا خىتاب:
ئەي ئالىم، ئادەمسەن، ئادەمدەك ياشا،
تۆھپەڭنى ئىنسانلار بەختىگە ئاتاپ!

Altun0q

### خاڭجۇدىكى شىنجاڭ ساناتورىيەسى

خاڭجۇدىكى كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى
راھەت، بەخت باغچىسى پېشقەدەملەرنىڭ.
مېھرى ئىللىق قۇياشتەك ئىكەن بۇندىكى
دوختۇرلارنىڭ، كۈتكۈچى ھۆرسەنەملەرنىڭ.

مېھمانخانا ئازادە، پاكىزە، گۈزەل،
ئەتراپىدا تاغ، راۋاق، ياپيېشىل بوستان.
كۆللىرىدە يايرايدۇ ئالتۇن بېلىقلار،
ئاچار ئەقىل - زېھنىڭنى ئوخچىغان پونتان.

خۇشال - خۇرام كېلىدۇ قىشۇ - ياز ئۇزۇۋامەي
ياشانغانلار بۇ يەرگە تارىم بويىدىن.
كۈتىلىدۇ ئەتىۋار ئەزىز مېھماندەك،
كۆڭۈللۈكتۇر تۇرمۇشى ھەتتا ئۆيىدىن.

داۋالاندۇق، دەم ئالدۇق ئەدىب - ئالىملار،
جۇشقۇنلىدى دىللاردا سۆيگۈ - مۇھەببەت.
بۇ جايدىكى كۆڭۈللۈك، تىنچ - ئىناق كۈنلەر
ئېسىمىزدىن چىقمايدۇ ئەبەدىل - ئەبەت..

### تاتار ئالىمى ساتتار ئەۋزىگە

يول - سەپەردە بىللە بولدۇق، ئاقساقال، ①
تاغۇ - باغنى سەيلە قىلدۇق، ئاقساقال.
ئۆتتى جاڭنەندە نويابىر ئايلىرى،
شاد - ئىناق ئويناپ ۋە كۈلدۇق، ئاقساقال.

ئۆستۈرۈپتۇ سىزنى ئىدىل ۋادىسى،
تۆھپىكار ئالىم، ئىجادكار ئانىسى،
سىز ھامان بولغاچ بىلىم پەرۋانىسى،
يۈزىڭىز يورۇق ۋە نۇرلۇق، ئاقساقال.

بېشىڭىزدىن ئۆتكىنى داستان ئىكەن،
ئىزىڭىزدىن ئۈنگىنى بوستان ئىكەن،
قېرىغاندا قەددىڭىز ئاسمان ئىكەن،
نىيەتى - ئىقبالى قۇتلۇق ئاقساقال.

چارۋا تەتقىقاتىغا باغلاپ مېھىر
بوپتۇ مەنزىل سىزگە ئوتلۇق چۆل - ئېدىر،
ئەجرىڭىزدە يېشىلىپ تىلسىم ۋە سىر،
بىلدۈرۈپتۇ سىزگە قۇللۇق، ئاقساقال.

ئاتمىش ئۈچ يىللىق ئۇزۇن يولنى بېسىپ،
تۆھپىڭىزدىن بوپتۇ ئالىملىق نېسىپ،
ئىزىڭىزدىن شاگىرت ئەۋلاد ئىز بېسىپ،
بوپتۇ سىزدەك مول ھوسۇللۇق، ئاقساقال.

ئۆمرىڭىزدىن بولدى بىر ھېكمەت ئايان:
يوق جەسۇر ئىنسان چىقالماس تىك داۋان.
سىز ماڭا رىغبەتچى ئۇستاز ھەر زامان،
ئاپىرىن، ۋىجدان - غۇرۇرلۇق ئاقساقال.

چىقمىغاي ئەستىن كۆڭۈللۈك سەيلىمىز،
ئەسلىشەرمىز نەدە بولساق مەيلى بىز.
كۆپ ياشاڭ، بولسۇن تالاي پەينەۋرىڭىز،
مۇشۇ نەزمەم سىزگە يوللۇق، ئاقساقال.

ئەھەد مۇھەممەدى

## دوستلۇق كۈيى

قۇچاق ئاچقاي كۈلۈپ خۇش خۇي سائادەت ئۆم، ئىناق ئەلگە،
ئاقار دولقۇن ياساپ ئامەت ئويۇشقان ئىتتىپاق ئەلگە.

بولۇر ئالەم ئارا غالىب ئۇيۇشقان چىن ۋاپا ئەھلى،
رەقىپ ھەردەم سالۇر قامچا ئىناقلىقتىن يىراق ئەلگە.

① ساتتار ئەۋزى — ئىلى ئوبلاستلىق چارۋىچىلىق تېخنىكۇمىنىڭ پروفېسسورى، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسى، چارۋىچىلىق تەتقىقاتىدا مەملىكەت ئىچىدە تونۇلغان تۆھپىكار ئالىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

تاپالماس ھېچكىشى مەنزىل يۇرۇپ تەنھا سەپەر ئۆزرە،
ھاياتنىڭ سەھنىسى بەردى ئەجايىپ چوڭ ساۋاق ئەلگە.

ئۇلۇغ ئارزۇ ئاشار ئىشقا يېڭىلمەس بىھېساب كۈچتىن،
ئىجىل، ئامراق، كۆيۈمچانلىق سۈيى زەمزەم بۇلاق ئەلگە.

كۆڭۈل تىنماس ئارازلىقتىن بۇزۇلسا قان-قېرىنداشلىق،
قىلار نالەت پەلەك ھەتتا تىنىچسىز شۇ قالاق ئەلگە.

ئېچىلسۇن، ياشنىسۇن، كۈلسۇنكى دوستلۇق گۈللىرى رەڭدار،
كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلسۇن چېچەپ ئۇ خۇش پۇراق ئەلگە.

ھەسەن تىلىۋالدى

## بىلمەن، ئىناقلىق ھەممىدىن قىممەت

رۇبائىيلار

چىن دوستلۇق بەزىدە سىنايدۇ سېنى،
بىلگىنكى، ساداقەت دوستلۇقنىڭ جېنى.
تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپ ئىمتىھانىدا
دوستلارغا سەممىي بولامسەن، قېنى.

*　　*

بىلمەن، ئىناقلىق ھەممىدىن قىممەت،
دوستلارنى چىن دىلدىن قىلىمەن ھۆرمەت.
بەئەينى دەريادەك ئۈزۈلمەس ئېقىن،
دوستلۇقنىڭ مېھرىدىن يارالغان ھېكمەت.

*　　*

بىرلەشكەن ھەرگىزمۇ ئاداشماس يولدىن،
كەلسىمۇ ئېزىتقۇ گاھى ئوڭ-سولدىن.
كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىدۇ چوقۇم
ئىناقلىق بايرىقى چۈشمىسە قولدىن.

*　　*

يېگانە ياشىماق ھەممىدىن قىيىن،
ئۆملۈكتىن جەننەتكە ئايلىنار زېمىن.
ئىناقلىق، دوستلۇققا بولمىساڭ سادىق،
پۇشايمان قىلىسەن بەرىبىر كېيىن.

*　　*

ئاپناپتەك ئىللىقتۇر دوستلۇقنىڭ مېھرى،
بولمايدۇ ئۇنىڭدىن چەتنىسەڭ نېرى.
ئىناقلىق رىشتىدىن بىنا قىلدۇق باغ،
ئۆمرىمىز شادىمان شۇنىڭدىن بېرى.

*　　*

ياشىساق بارچە مىللەت ئىجىل-ئىناق،
قىسقىرار مەنزىل قانچە بولسا يىراق،
قەدىرلەپ سەنمۇ دائىم ئىناقلىقنى،
كۆزۈڭنىڭ قارىچۇقىدەك ئاسرا ھەرۋاق.

*　　*

ياشىساق دوستلۇقنىڭ مېھرىگە قېنىپ،
شام چىراغ ئۆچكەندەك ئۆچمەيمىز يېنىپ.
ئەجىردىن ھاياتقا ياقىمىز مەشئەل،
ئىتتىپاق، ئۆملۈكتىن كۈچ-قۇۋۋەت ئېلىپ.

*　　*

بولمايدۇ يېگانە بىر دەرەخ ئورمان.
ئۆملۈكسىز بولمايدۇ ئىش ھەرگىز ئاسان،
كىمكى داجىسا دوستلاردىن يىراق،
پالاكەت باسىدۇ ئۇنى ھەر قاچان.

*　　*

ئۆلچىنەمەس چىن دوستلۇق يۇرت ھەم تىل بىلەن،
ئۆلچىنەر سەممىي سۆيگۈ-دىل بىلەن.
ئىتتىپاق، ئىناقلىق بولسا مۇستەھكەم،
باغلايسەن ھەتتاكى پىلنى قىل بىلەن.

مۇھەممەت روزى

## يازدىم شېئىر

نەزمە يازدىم مەن بۈگۈن چىن ئىتتىپاقلىق ھەققىدە،
تەپتى ئاتەشتىنمۇ يالقۇنلۇق مۇھەببەت ئىلكىدە،
جۇش ئۇرۇپ كەتكەن ئاجايىپ شاد - خۇراملىق پەيتىدە،
رەڭمۇرەڭ گۈللەر باراقسان بوپ ئېچىلغان پەسلىدە،
تاشتى ئىلھامىم مېنىڭ ئۇرغۇپ يۈرەكنىڭ تەكتىدە.

بولمىغاي ئۈملۈك كۈچى گەر ئىتتىپاقلىق بولمىسا،
تاپمىغاي ئىشلار روناق، ئەلدە ئىناقلىق بولمىسا،
ئىتتىپاقلىق نۇر چاچالماس دىلدا پاكلىق بولمىسا،
ھەمدە ئۇشبۇ كەيپىيات ھەردەم تۇراقلىق بولمىسا،
بۇ ئۇزاق تارىخ چىقارغان ھەق ھۆكۈمدۇر ئەسلىدە.

بىر ئۇلۇغ ئائىلىدۇر بىزنىڭ ۋەتەن - دىيارىمىز،
ئۇندا ھەرمىللەت قېرىنداش، بەكمۇ ئىناق بارىمىز.
بىرنىيەت بولغاچقا گۈللەپ ياشنىدى گۈلزارىمىز،
بەختىمىز تاپتى كامال، كۈلدى يەنە ئىقبالىمىز،
ئۆتمىدۇ كۈنلەر شۇڭا شادلىق ئىچىدە - بەزمىدە.

قول تۇتۇشۇپ بارچە مىللەت چۆلنى بوستان ئەيلىدۇق،
يولدىكى مۈشكۈل - خەتەر، توسقۇننى يەڭدۇق، چەيلىدۇق،
شان قۇچۇپ ھەر بىر قەدەمدە تويدا بىللە قاينىدۇق،
ئەڭ ئاداققى پەللىگە يەتمەككە بەلنى باغلىدۇق،
سەپ تۈزۈپ تەكشى قەدەمدە ئاتلىنىپ چوڭ بەيگىگە.

ئىتتىپاقلىق مەشئىلى تائەبەتكە نۇر چاچار،
مەنزىلىمىزگە يېتەكلەپ كەڭرى، داغدام يول ئاچار،
دەۋرىمىزنىڭ چاقنى ئالغا ھەمىشە سىلجىتار،
شۇ سەۋەبتىن ئىتتىپاقلىق بىز ئۈچۈن ئالىي شوئار،
ئۇ تۇرار گۈلدەك پورەكلەپ بارچە مىللەت قەلبىدە.

ئابدۇرېشىت ئىمىن

## ئىتتىپاقلىق شەنىگە

گۈزەل ۋەتەن قوينىدا بارچە مىللەت ئىناق بىز.
ئىناقلىقنى مەدھىيىلەپ يازدۇق شېئىر - قوشاق بىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىل رىشتىمىز باغلانغاچ بىر - بىرىگە مۇستەھكەم،
توسقۇنلارنى يېڭىشتا قىلچە يوقتۇر بىزدە غەم.
ئىتتىپاقلىق جەڭلەردە كاپالىتى غەلىبىنىڭ،
ھۇل - ئاساسى ھەر قاچان كەلگۈسىنىڭ - ئەتىنىڭ.

**ماخمۇت مۇھەممەت**

## ئىتتىپاقلىق ناخشىلىرى

### دوستلار، ئويناييمىز

باغلار يېشىل، چىرايلىق،
گۈللەر قىزىل، چىرايلىق،
باغلاردىمۇ، گۈللەردىمۇ
دوستلۇق ئېسىل، چىرايلىق.

باغلار تولار شادلىققا
دوستلار كۆلگەن چاغلاردا،
دوستلۇق گۈلى ياشنىماقتا
گۈل ئېچىلغان باغلاردا.

باغلار كېزىپ ئويناييمىز،
گۈللەر تىزىپ ئويناييمىز.
چىن دوستلۇقنى كۈيلەپ دائىم
ناخشا ئېيتىپ تويماييمىز.

### دوستلۇق ناخشىسى

دوستلۇق قىممەتتۇر بىزگە،
گۈلدەك زىننەتتۇر بىزگە.
ئىناق ئۆتمەك، دوست تۇتماق
ئالىي ھۆرمەتتۇر بىزگە.

دوستلار، دوستلار كېلىڭلار،
قوللارغا گۈل ئېلىڭلار.
دوستلۇق دېگەن شۇ سۆزنى
گۈللەر بىلەن يېزىڭلار.

بىز دوستلۇقنى كۈيلەيمىز،
دوستلۇق قىزىل گۈل دەيمىز.
ئىتتىپاقلىق، دوستلۇقتا
قول تۇتۇشۇپ ئۆرلەيمىز.

### مىيىپ قىزچاق كامىلە

بىزنىڭ ياخشى دوستىمىز
مىيىپ قىزچاق كامىلە.
ساۋاقداشلار غەمخورى،
مەكتەپ ئىللىق ئائىلە.

بەك تىرىشچان كامىلە
ئەلاچىلار سېپىدە.
بەل باغلىسا ھەر ئىشقا،
مەھكەم تۇرار گېپىدە.

ئۈچ بالداقنى تاقىدى
بۆگۈن بىزنىڭ كامىلە.
قول تۇتۇشۇپ ئۆرلەيمىز،
ئۇنىڭ بىلەن بىز بىللە.

### ھەسەن - ھۆسەن

ئاكام بىلەن ئىككىمىز،
تەڭلا باقتۇق ئاسمانغا،
ھەسەن - ھۆسەن كۆرۈندى،
يامغۇر توختاپ ئاسماندا.

ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن قىز
ھەسەن - ھۆسەن گوياكى.
يېنىمىزغا چۈشەمدۇ،
بىز چىقامدۇق ۋە ياكى؟

ھەسەن - ھۆسەن ئاسماندا،
ھەسەن - ھۆسەن بىز يەردە.
دوست بولىمىز ئايرىلماس،
تەڭ ئوقۇساق ئەگەردە.

# يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

لى كاڭنىڭ

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە مەدەنىيەت نازارىتى بىرلىكتە چاقىرغان دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئۆگىنىش مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى مۇھىم بىر يىغىن بولدى. بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى ۋە كۆرىشىنى كۈچەيتىش يولىدىكى بىر مۇھىم قەدەم، شۇنداقلا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ 1989-يىل 9-ئاينىڭ 4-كۈنى بايان قىلغان سۆھبىتىدىكى «ئەدەبىيات-سەنئەت سېپىنى قايتا تەرتىپكە سېلىش» توغرىسىدىكى يوليورۇقنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش يولىدىكى كونكرېت تەدبىر. بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش يىغىنىدا بىر قىسىم ھەر مىللەت يازغۇچى، سەنئەتكارلىرى، ئوبزورچىلىرى، ئەدەبىيات-سەنئەت ژۇرناللىرىنىڭ باش مۇھەررىرلىرى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بىرلىكتە ئۆگەندى، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە دائىر خاتا سەپسەتىلەرنى بىرلىكتە تەنقىد قىلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە بىرلىكتە ئىزدەندى. ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىدىيىسىنى ئايدىڭلاشتۇردى، روھىنى ئۇرغۇتتى، كۆڭۈل ئازادلىقىغا ئېرىشتى، گۇرۇپپا يىغىنلىرىدا شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەمەلىيىتىگە ۋە ئۆز ئىدىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، تونۇشىنى، تەسىراتىنى سۆزلىدى. ئىرادىسىنى بىلدۈردى، ئاكتىپ ھالدا ئۆزىنى ئۆزى تەنقىد قىلدى. كەيپىيات ناھايىتى ياخشى بولدى.

بۈگۈن مەن بۇ يەردە ئۆگىنىشتىن ئالغان بەزى تەسىراتىمنى شۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئۆز كۆز قارىشىمنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

1. پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى، شىنجاڭدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك، بۇ، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت سېپى ۋەزىيىتىنىڭ مۇھىم تەرىپى.

AltunOq

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى 2 - 3 يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدا زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. ئومۇمىي ئەھۋال بىر قەدەر ياخشى. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىدىيىۋى ساپاسىنى ۋە كەسپىي ئىقتىدارىنى خېلى زور دەرىجىدە ئۆستۈرگەنلىكتىن، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ سۈپىتىمۇ قەدەممۇ قەدەم ئۆستى. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئىلگىرىلىشى تېخىمۇ تېز بولدى. ئۇلار ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئويۇن قويۇش جەھەتتە شىنجاڭ سەھنىلىرىدە تايانچ كۈچكە ئايلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بەزىلىرى مەملىكەتنىڭ، ھەتتا دۇنيانىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سەھنىلىرىدە تەسىر قوزغىدى. شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى بىر قەدەر ياخشى ئاساسقا ئىگە بولدى، مۇندىن كېيىنكى تەرەققىيات ئىستىقبالى كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغايدۇ.

مەن بۇ يەردە شىنجاڭدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ 1989 - يىلدىكى ۋەزىيىتى ئۈستىدە نۇقتىلىق توختىلىپ ئۆتىمەن. 1989 - يىلدىكى مالىمانچىلىقتا ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنىڭ ئەھۋالى بىر قەدەر نورمال، بىر قەدەر ياخشى بولدى. بۇ، مۇنداق ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بىرسى، مالىمانچىلىق مەزگىلىدە، شىنجاڭدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى باشتىن - ئاياغ سەگەك بولۇپ، نورمال ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتتە چوڭ نەتىجىلەرنى ياراتتى، مالىمانچىلىق مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرى بىر قەدەر نورمال بولدى. ھەر قايسى جەمئىيەتلەر ۋە تەھرىر بۆلۈملىرىنىڭ كەسپىي خىزمەتلىرى تەسىرگە ئۇچرىمىدى. ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە، يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاش، مۇكاپاتلاش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىدىن 60 نى باھالاپ چىقتى. «جۇڭگو غەربىي قىسىم ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى «جۇڭگو دولقۇنى»، «يېپەك يولىنىڭ يېڭى قىياپىتى» دېگەن تېمىلاردا ماقالە قوبۇل قىلىش، باھالاش، مۇكاپاتلاش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. 8 - ئايدا بېيجىڭدا جاڭغىرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى ئېچىلدى ۋە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، بۇ، جاڭغىر تەتقىقاتىدا ئالەمشۇمۇل تەسىر پەيدا قىلدى. مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاش ۋە «ئالتە زىيانداش»نى يوقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.

يەنە بىر جەھەتتىن، شىنجاڭدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى مالىمانچىلىق مەزگىلىدە تونۇشى ئېنىق بولماسلىق، ئويغىنىش، قايتا ئويلىنىش ۋە پارتىيىنىڭ 4-، 5- ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى قەتئىي ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەت بىر جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. بىراق، ئومۇمىي ئەھۋالدىن ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى مۇتلەق كۆپ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ مەيدانى مۇستەھكەم، پوزىتسىيىسى ئايدىڭ، مېڭىسى سەگەك بولدى. مالىمانچىلىقتا، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا قات-

ناشىمدى. بولۇپمۇ ئەدەبىيات سەنئەت ساھەسىدىكى رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە مەركىزىي كو-
مىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاپ، مالىمانچىلىققا قەتئىي قارشى تۇردى ۋە ئامىمىغا
تىنىچ - ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغداش، خىزمەت ئورنىدا چىڭ
تۇرۇش، كوچىلارغا نامايىشقا چىقماسلىق، مىش - مىش گەپلەرگە قۇلاق سالماسلىق ۋە
ئۇنى تارقاتماسلىق، مەسىلە كۆرۈلسە ۋاقتىدا خىزمەت ئىشلەش، توسۇش توغرىسىدا تەر-
بىيە ئېلىپ باردى. ئۈرۈمچىدىكى «19 - ماي» ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەسى بىر تە-
رەپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇرغۇن ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتلى-
رى تولۇپ تاشقان سىياسىي قىزغىنلىق بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ۋە قوراللىق
ساقچى قىسىملىرىغا ھال سوراش يۈزىسىدىن ئويۇن قويۇپ بېرىپ، قىزغىن قارشى ئېلىن-
دى. مالىمانچىلىق مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ئاز بىر قى-
سىم كىشىلەر چوڭ پىلاكات ئېسىپ، نامايىشقا قاتنىشىپ، جەمئىيەتتە ئىنتايىن يامان تە-
سىر پەيدا قىلدى. بۇ ئىش تەكشۈرۈش - ئېنىقلاش ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى تىزىملاش
خىزمىتىدە بىر تەرەپ قىلىندى. خاتالىق ئۆتكۈزگەن يولداشلار ئۆگىنىش، ئويلىنىش
ئارقىلىق ئۆزلىرىنى تەكشۈردى ۋە تونۇشىنى ئۆستۈردى.

دېمەك، 1989 - يىلى تىنىچ بولمىغان بىر يىل بولدى. شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەن-
ئەتچىلىرى سىناققا بەرداشلىق بەردى، چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولدى، مەيلى يېڭى دەۋر-
گە قەدەم قويغان ئون يىلدا بولسۇن ياكى مالىمانچىلىق يۈز بەرگەن 1989 - يىلدا بول-
سۇن، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنى پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆ-
يىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ،
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى.

2. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدى-
كىلەرگە بولغان تەسىرى ۋە زىيىنى، بۇ، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىنىڭ ۋەز-
يىتىنى مۆلچەرلەشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم تەرەپ.

ئون يىلدىن بۇيان تۆت ئاساسىي پرىنسىپ بىلەن بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ
قارىمۇ قارشىلىقى ۋە كۆرىشى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە گەۋدىلىك،
ئېغىر بولدى. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ كەل-
گەن ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ تەش-
كىللىگۈچىلىرىگە، پىلانلىغۇچىلىرىغا ئايلاندى. ئۇلار ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم بازا
مالىمانچىلىق ۋە توپىلاڭنىڭ جامائەت پىكرى تەييارلاش قوراللىرىغا ئايلىنىپ، جەمئىيەت-
تە ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلدى. شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئىچكىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخ-
شىمىسىمۇ، لېكىن يەكۈنلەش ۋە ئويلىنىش ئارقىلىق بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر
ئېقىمىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى، بە-
زى جەھەتتىكى تەسىرىنىڭ گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز كېرەك.
بىز ئۆگىنىش ئارقىلىق مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى تۆت ئاساسىي
پرىنسىپ بىلەن بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى ۋە كۆرىشىنى، بۇ كۆ-
رەش راۋاجلىنىپ ئېغىر خەۋپنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى بىلدۇق. ئەمدى بۇرژۇئاچە

www.uyghurkitap.com

ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى، نەزەرىيىۋى تەنقىد ۋە ئەدەبىيات قاتارلىق جەھەتلەردىكى كونكرېت ئىپادىسىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئەستايىدىل ئەسلەپ، چوڭقۇر ۋە ئىلمىي يوسۇندا تەھلىل يۈرگۈزۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم، دەپ قارايمىز. بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش يىغىنىدا، كۆپچىلىك ئوخشىمايدىغان تەرەپلەردىن بەزى ئەھۋاللارنى مىسال كەلتۈردى ۋە بەزى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەممەيلەننىڭ يەنىمۇ چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىشتا پايدىلىنىشى ئۈچۈن، ئۆزۈم ئىگىلىگەن دەسلەپكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، بەزى ئەھۋاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

1) ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى جەھەتتە، غەربنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى ۋە مودېرنىزمىنىڭ شۇنىڭدەك ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىگە، ماركسىزمنىڭ، ماۋزېدوڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان رەھبەرلىك رولىغا سەل قارالدى.

2) ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدى جەھەتتە، سىياسىي ئۆلچەم تۆۋەنلىتىلدى ۋە ئۇنىڭغا سەل قارىلىپ، بەدىئىي ئۆلچەمگىلا ئەھمىيەت بېرىلدى ھەمدە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنسان تەبىئىتى، ھاياتلىق تەجرىبىسى ياكى ئىنسان ئېڭى قاتارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت نۇقتىئىنەزەرلىرى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىندى.

3) ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى جەھەتتە، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش شوئارلىرىنىڭ يەنى سىياسىنى سۇسلاشتۇرۇش، «رېئاللىقنى سۇسلاشتۇرۇش ۋە ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، بىرىنچىدىن، رېئال تۇرمۇش چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، سوتسىيالىستىك يېڭى ئادەم، يېڭى ئىش، يېڭى پەزىلەتلەر مەدھىيىلەنگەن ئەسەرلەر كەم بولدى، ئىككىنچىدىن، بەزى ئەسەرلەردە رېئال تۇرمۇش توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلمەي، جەمئىيەتنىڭ ئاتالمىش قاراڭغۇ تەرەپلىرى بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا پاش قىلىندى، بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ئوبرازى بۇرمىلىنىپ، جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلىندى.

4) ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتى جەھەتتە، ئەدەبىيات تارىخىغا دائىر ئايرىم نەزەرىيىۋى ماقالىلەردە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت نەتىجىلىرىنى ۋە ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئەنئەنىلىرىنى پەسلەشتۈرۈشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى پەسلەشتۈرىدىغان، مىللىي ئىنكارچىلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان ئەھۋاللار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلاندى.

5) بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرغىپ قىلىۋاتقان كاتتا ئەربابلارنىڭ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە دائىر نۇقتىئىينەزەرلىرى تەرغىپ قىلىنغان ئەسەرلەر شىنجاڭدىكى بەزى ژۇرناللارغا كۆچۈرۈپ بېسىلدى، بەزى ئادەملەر تەرىپىدىن كۆككە كۆتۈرۈلدى.

6) بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى يامراپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنى شەھۋانە نەرسىلەر، ئەكسىيەتچىل كىتاب - ژۇرناللار ۋە چەت ئەللەردىن قانۇنسىز كىرگۈزۈلگەن ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ بۇيۇملىرى قاپلاپ كەتكەن مەزگىللەردە، شىنجاڭدىكى بىر نەچچە

ژۇرنالغىمۇ شەھۋانىلىق ئارىلىشىپ كەتكەن مۇقامى تۆۋەن ئەسەرلەر بېسىلىپ، جەمئىيەتكە ۋە ياش ئۆسمۈرلەرگە زىيان يەتكۈزدى، بۇ ئىشلارمۇ بىر تەرەپ قىلىندى. ئاندىن باشقا، شىنجاڭدىكى مىللىيلارنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بەزى ئەسەرلەردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان، مىللىيلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ياخشى بولمىغان ئەسەرلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەسىلىلەرنىڭ، بولۇپمۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ بىزگە كۆپ جەھەتتىن تەسىرى بولدى. شۇڭلاشقا بۇنى ئاڭلىق تونۇشىمىز ۋە تازىلىشىمىز كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوتتۇرىغا چىققان بەزى خاتا ئەسەرلەرنى ۋە ماقالىلەرنى قاتتىق تەنقىد قىلىش، بىر تەرەپ قىلىنغان مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن ئاچچىق ساۋاق ئېلىش كېرەك.

يولداش جياڭ زېمىن دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلىگەن سۆزىدە «مەسىلە ئاساسەن پارتىيە ئىچىدىن چىقىۋاتقاچقا، خاتالىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلار كېلىپ چىقتى. پارتىيىنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرىگە نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە» دەپ كۆرسەتتى. يولداش جاۋزىياڭنىڭ «ئاز ئارىلىشىش» دېگەن سۆزى ۋە تەشكىلىي جەھەتتە پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان بەزى تەدبىرلىرى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشتە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋاتقان ئادەملەر ئۈچۈن يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى. نەتىجىدە، پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت بازىسى ئارقا - ئارقىدىن قولدىن كەتتى، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ ۋەكىللىرى بولسا بىر مەھەل ئىنتايىن ھەددىدىن ئاشتى ۋە غالجىرلاشتى. بۇ بىز ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭقۇر ساۋاق بولدى.

مېنىڭچە، شىنجاڭدا ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مەدەنىيەت تارماقلىرى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمىتىنى خېلى چىڭ تۇتتى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشقا بولغان تەربىيىگە بىر قەدەر ئەھمىيەت بەردى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى، جۈملىدىن رادىئو - تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى تەكشۈرۈشتە بىرقەدەر قاتتىق بولدى. كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنىمۇ پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر سىياسەتلىرى بويىچە تەنقىد قىلدى ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلدى. شۇڭلاشقا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بولۇپ كەلدى. بىراق، يەنە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، بۇ قېتىمقى تۆت ئاساسىي پرىنسىپ بىلەن بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق ۋە كۈرەشتە بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرگە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز ئىزچىل بولمىدى، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى كۈرەش قىلىشىمىز يېتەرلىك بولمىدى، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىگە بولغان تەسىرىنى تولۇق مۆلچەرلەپ كېتەلمىدۇق. ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى-

www.uyghurkitap.com

دىكى بۇ كۆرەشكە قارىتا تازا سەگەك بولۇپ كېتەلمىدۇق. 1988 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىرنەچچە ژۇرنالغا شەھۋانە نەرسىلەر ۋە مۇقامى تۆۋەن نەرسىلەر بېسىلغاندا تەنقىد قىلىشىمىز قاتتىق بولمىدى، كۈچلۈك تەدبىر قوللانمىدۇق. بۇنىڭدىن چوڭقۇر ساۋاق ئېلىشىمىز كېرەك.

ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى يولداشلار، دوستلار، بولۇپمۇ پارتىيىلىك يولداشلار بۇ قېتىمقى كۆرەشتىن قانداق ساۋاقلارنى ئېلىشى كېرەك؟ مېنىڭچە، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك ساۋاق كۆپ بولسىمۇ، لېكىن مەن تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدكە توغرا مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت بىرلا نۇقتا ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن. ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، خاتا ئەسەر ۋە ماقالىلەرنى داۋاملىق تەنقىد قىلىش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇپ كەلدى. نەتىجە قانداق بولدى؟ تەنقىدكە قارشىلىق قىلىش كەيپىياتى ناھايىتى ئېغىر بولدى. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1987 - يىلى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى رەھبەرىي يولداشلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە «پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى سەپ ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىگە بولغان رەھبەرلىكى نەتىجىلىك بولدى، بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. خىزمەتتە يەنە ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىدىغان ۋە قوپاللىق قىلىدىغان خاھىشلارمۇ ساقلانماقتا، بۇنىمۇ ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. بىراق، ھازىر دىققەت قىلىشقا تېخىمۇ ئەرزىيدىغان مەسىلە شۇكى، مېنىڭچە، تارقاقچىلىق، بوشاڭلىق، خاتا خاھىشلارنى تەنقىد قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، تەنقىد قىلسىلا دۇمبالىدى دەيدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. ھازىر تەنقىدنى قانات يايدۇرۇش تولىمۇ ئاسانغا توختىمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش بولسا، تېخىمۇ قىيىن بولۇپ قالدى» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدەك بولماقتا. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە «ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ تەنقىدىگە كەمتەرلىك بىلەن قۇلاق سېلىش، پايدىلىق پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىش، سەنئەتكارلارنىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلىشىدە، ئىقتىدارىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ بېرىشىدا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولۇپ كەلدى» دېدى. تەنقىدكە مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە شىنجاڭدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى. كۆپچىلىك بۇنى ئەسلەپ باقسا، پايدىلىق ساۋاقلارغا ئىگە بولالايدۇ. مۇندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا، ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، ھەر خىل ئېقىمدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئارىسىدا، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلار بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلار ئارىسىدا، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىلەن كىتابخانلار ئارىسىدا يولداشلارچە، دوستانە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشنى، پاكىت قويۇش، داۋلى سۆزلەشنى تەشەببۇس قىلىش، تەنقىد قىلىشقا، قارشى تەنقىد قىلىشقا رۇخسەت قىلىش، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقلارنى تۈزىتىش كېرەك. بۇ، بىز ئىنتايىن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قېلىشى كېرەك.

3. چوڭقۇر ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈل-

AltunOq

لەندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

ئەدەبىيات - سەنئەت سېپى ئىدىيولوگىيە ساھەسىدىكى مۇھىم سەپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتا مۇھىم كۈچ. بولۇپمۇ ھازىر مەدەنىيەت خىزمىتى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى مۇھىم بازا. بۇ يىل پۈتۈن پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت. مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مۇھىم ۋەزىپە. ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەر ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك. مەن ھەممەيلەننىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئون يىللىق تەجرىبە - ساۋاقلارغا ئاساسەن ئۈچ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

بىرىنچى، ئۆگىنىشنى ھەقىقىي تۈردە ئاڭلىق ھەرىكىتىمىزگە ئايلاندۇرساق. بىزنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىمىز ناھايىتى كۆپ، لېكىن مۇھىم بىر تەجرىبە - ساۋاق شۇكى، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە ئۆگىنىش ھاۋاسى قويۇق بولمىدى، ماركسىزم بىلەن ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش يېتەرلىك بولمىدى. بۇنىڭ تەتۈرسىچە، غەربنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىگە ئائىت كىتابلىرى بەس - بەستە ئوقۇلۇپ، يېرىم - ياتىلا بىلىۋېلىندى. شۇڭا، مۇستەقىل كۆز قاراش كەم بولغاچقا، ئاسانلا ئېقىمغا ئەگىشىپ كېتىش، ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى ئالدىدا پەرق ئېتىش ۋە تەنقىد قىلىش جەھەتتىكى ئىقتىدار كەم بولدى. بۇ قېتىمقى روھىي دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدىغان كۈرەش ئارقىلىق، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى يولداشلىرىمىز ئويغاندى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىيغا بېقىندۇ دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇۋەرمەسلىك كېرەك دېگەنلىكى ئەدەبىيات - سەنئەتتىن ۋاقىتلىق، كونكرېت، بىۋاسىتە سىياسىي ۋەزىپىلەرگە بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلماسلىق كېرەك، دېگەنلىك. بۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىيدىن ئايرىلسىمۇ بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سىياسىيدىن ئايرىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۆگىنىش ئارقىلىق بۇرژۇئازىيىنىڭ دۇنيا قارىشى، تارىخ قارىشى، ئەدەبىيات - سەنئەت قارىشى، قىممەت قارىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى سىياسىي مەيدان مەسىلىسى بىلەن تەڭ ئورۇندا قويغىلى بولمايدىغانلىقىنى، لېكىن بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنىڭمۇ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىغا بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى ياكى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى ئاساس يارىتىپ بېرىدىغانلىقىنى تونۇۋالدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئەدەبىيات - سەنئەت خادىمىدا، بولۇپمۇ كومپارتىيە ئەزالىرىدا مۇستەھكەم سىياسىي مەيدان بولۇشى، ماركسىزملىق دۇنيا قاراش تىكلەنگەن بولۇشى كېرەك. بۇ بىزدىن ماركسىزمنى ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى، ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنى ۋە مېتودولوگىيىنى، تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى، ماۋزېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تۇرمۇشنى بىلىش، تۇرمۇشنى تەھلىل قىلىش، ھادىسىدىن ئۆتۈپ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى

www.uyghurkitap.com

كۆرۈش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى ھەرگىز بىرنەچچە كۈنلۈك يىغىن ئارقىلىقلا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇمۇ بىزدىن داۋاملىق ئۆگىنىشنى، ماركسىزملىق ئاساسىي نەزەرىيە ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى بىلەن قوراللىنىپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ ئۆزىمىزدىكى تەسىرىنى داۋاملىق تازىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز يەنە ئىدىيە جەھەتتە ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ سوتسىيالىستىك يۆنىلىشىنى بويلاپ ئىلگىرىلەش ۋە گۈللىنىشىگە بولغان يېتەكچىلىك رولىنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك. ھازىرقى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ سۈپىتىنىڭ يۇقىرى بولمايۋاتقانلىقى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ كەم بولۇۋاتقانلىقى بىزنىڭ ماركسىزملىق سەۋىيىمىزنىڭ يۇقىرى بولمايۋاتقانلىقى، ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەيلى قايسى جەھەتتىن بولسۇن، ئۆگىنىشنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. ئۆگىنىش ئۇسۇلى جەھەتتە، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشنى تەكىتلەش لازىم. يولداشلار بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش ئارقىلىق زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، دېيىشتى. چۈنكى ئۇزاقتىن بېرى ماركسىزمنى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سۆزلىرىنى بىر يەرگە جەم بولۇپ ئۆگەنمىدۇق. بۇ قېتىم بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش ئارقىلىق دىلىمىز يورۇدى، كۆزىمىز روشەنلەشتى، ئۇنى ئىنتايىن يېقىملىق ھېس قىلىۋاتىمىز. بولۇپمۇ ئۆتكەن يىلدىكى مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ ساۋاقلىرىغا باغلاش ئارقىلىق، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ دانالىقىنى، ئالدىن كۆرەرلىكىنى ۋە بۇ قېتىمقى كۆرەشتە مۇستەھكەم تۈۋرۈكلۈك رول ئوينىغانلىقىنى تېخىمۇ تونۇۋالدۇق. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مۇشۇنداق تونۇشقا كەلگەندىلا، مۇشۇنداق جىددىي ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىيات بولغاندىلا، ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقىمىز چوقۇم ئاشىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش، مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى بىر ياخشى باشلىنىش بولدى. بۇ جەھەتتە، ئەدەبىيات - سەنئەت تارماقلىرىدىكى رەھبەرلەر ئۆگىنىشنى پائال تەشكىللىشى، كۆپچىلىك ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىشى ھەمدە پات - پات تەكشۈرۈپ، ھەيدەكچىلىك قىلىپ، داۋاملىق ئۆگىنىش، داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىش، داۋاملىق ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. ئەدەبىيات - سەنئەت ئوبزورچىلىرىدىن ئۆگىنىش، ئويلىنىش ئاساسىدا، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىنى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى تەنقىد قىلىدىغان، قاراتمىلىقى بولغان سۈپەتلىك ماقالىلەرنى يېزىپ چىقىپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىنى تازىلاشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئىككىنچى، ئىتتىپاقلىق كۈچ دېمەكتۇر، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىمۇ ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. شىنجاڭدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ياخشى. بۈگۈن ئىتتىپاقلىقنى ئالاھىدە تەكىتلىشىمىز ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. نۆۋەتتە،

غەربتىكى جاھانگىر دۆلەتلەر «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيەسىنى ئىشقا سېلىپ، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ داۋالغۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىز ئىككى تەرەپتىن قىلىنغان ھۇجۇم ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز. شۇڭا، نۆۋەتتە ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدا» دېگەن كىتابىدا: «سولچىللىق خاھىشلىرىنىمۇ، ئوڭچىللىق خاھىشلىرىنىمۇ تۈزىتىش، كەلسە - كەلمەس تۇتقىغا كۆتۈرمەسلىك، ھەممە ئادەمنى ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزىدىغان ئىشنى قىلماسلىق، ھەرىكەت ئېلىپ بارماسلىق كېرەك. ھەممە ئادەم ئۆزىنى تەكشۈرسە، ھەرىكەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەلۋەتتە، ھەرىكەت ئېلىپ بارماسلىق سىياسىي خىزمەتنىڭ يۆنىلىشى بولمىغانلىق ئەمەس، داغدۇغا بولمىسىمۇ بولىدۇ دېگەنلىكمۇ ئەمەس» دېگەن بىر ئابزاس گەپ بار. ئادەتتىكىچە خاتا گەپلەرنى قىلىپ قويغان ۋە خاتا ئەسەرلەرنى يېزىپ قويغان يولداشلارغا قىزغىن ياردەم بەرسەك، ئۇلار ئۆگىنىش ۋە ئويلىنىش ئارقىلىق ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، تېخىمۇ ئوبدان ئالغا باسالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ يولداشلارمۇ ئۆز خاتالىقلىرىنى چىن دىلىدىن تونۇشى كېرەك. ئىدىيىۋى ۋە نەزەرىيىۋى مەسىلىلەردە بىراقلا ئۆزگىرىشنى تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ. سەممىيەت بىلەن ئويلىنىپ كۆرۈش ئارقىلىق سەۋەنلىكلىرىنى تونۇپ ئىلگىرىلىسىلا بولىدۇ. بىز چوقۇم زور كۆپ ساندىكىلەرگە تەربىيە بېرىشىمىز، زور كۆپ ساندىكىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىمىز، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىشىمىز، پاسسىپ ئامىللارنى ئاكتىپ ئامىللارغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

شىنجاڭدا يەنە ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق مەسىلىسىمۇ بار. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى بىر - بىرىنى چۈشىنىشى، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشى، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشى، بىر - بىرىنى دوست تۇتۇشى، يەنە بىر تەرەپنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆپرەك كۆرۈشى، ئۆگىنىشى، يەنە بىر تەرەپتە بەزى كەمچىلىك، خاتالىقلار كۆرۈلسە، ياخشىلىق قىلىش پوزىتسىيەسى بويىچە تەنقىدىي ياردەم بېرىشى، سەن ماڭا بۇ قالپاقنى كىيدۈرسەڭ، مەن ساڭا ئۇ قالپاقنى كىيدۈرىمەن دەپ ھەدېسىلا قالپاق كىيدۈرۈپ يۈرمەسلىك كېرەك. تارىختىكى بەزى مەسىلىلەردە ھەق - ناھەق ئايدىڭلاشتۇرۇلغان بولسىلا، ئۇنى يەنە تىلغا ئېلىپ يۈرمەسلىك بۇ يولداشلارنىڭ ساۋاق ئالىدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك. دائىم ئېيتىلىپ كېلىنىۋاتقىنىدەك «ئالغا قاراش كېرەك». ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەردىن تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۈچىنچى، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ مەنبەسىگە، ئىشچى دېھقان، ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىغا، زاۋۇتلارغا، يېزىلارغا، مەكتەپلەرگە، قىسىملارغا ۋە مەھەللىلەرگە بېرىش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى كادىرلارنىڭ ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىشى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى چىقارغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ باشلامچىلىقىدا ئورگان كادىرلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشۈشى دولقۇنغا ئايلاندى. بۇ، كادىرلارنىڭ ئىستىلىنى ئۆزگەرتىش، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇق-

www.uyghurkitap.com

لاشتۇرۇش، ئورگانلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاشتىكى مۇھىم تەدبىر. بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتى بويىچە ئەھۋال ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا بەزى يولداشلار ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك «ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىمۇ چىرىكلىشىش ھادىسىلىرى بار، شۇڭا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك»، «ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر پاك بولۇشى كېرەك، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى مەسىلىسىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك». ھازىر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ھەممىسى شەھەرلەردە، ئېگىز بىنالاردا تۇرۇۋاتقاچقا، ئاسانلا سالۇنلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا بىز يازغۇچىلار ۋە سەنئەتكارلارنى تۇرمۇشقا، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، قاينام - تاشقىنلىق ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدا، تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇۋاتقان ئۇلۇغ ئەمەلىيەتتە، خەلق ئاممىسىنىڭ جاسارەت بىلەن ئىزدىنىپ ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىۋاتقان ئەمەلىيىتىدىن، لېي فېڭدىن، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىپ، زور كۈچ بىلەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىۋاتقان ئەمەلىيىتىدىن ئوزۇق ئېلىپ، ئىدىيىنى ئۆستۈرۈپ، ئىجادىيەت مەزمۇنىنى بېيىتىپ، ئىجادىيەت يوللىرىنى ئېچىپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدىن تايمايدىغان، كىشىلەرنى ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغان دەۋر روھىغا باي ئەسەرلەرنى يېزىشنى تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەك. 80 -يىللاردا شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. 90-يىللارنىڭ بىرىنچى يىلىدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە زور غەلىبىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەھۋالدا، ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىنىڭ بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشىدا چوقۇم تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

يولداشلار، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇساپە يىراق، ۋەزىپە ئېغىر بولغاچقا، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا (ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش، نەزەرىيىۋى قۇرۇلۇش ۋە ئىقتىسادىي سىياسەت قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن. لېكىن ئادەمدە ھامان روھ بولىدۇ. ھەرمىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىز، بولۇپمۇ پارتىيىلىك ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىز ئۆز زىممىسىگە ئالغان شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئېنىق تونۇپ، داۋاملىق ئۆگىنىپ، ئۇيلىنىش ئاساسىدا ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

# يېڭى دەۋر ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ
# تارىخىي ۋەزىپىسى

قەييۇم تۇردى

ئۆتكەن يىل پەۋقۇلئاددىراق بولغان بىر يىل — پارتىيە ۋە دۆلىتىمىز ئېغىر تارىخىي سىناقتا دۇچ كەلگەن بىر يىل بولدى. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچىلەر جاھانگىرلارنىڭ، خەلقئارا بۇرژۇئازىيەنىڭ قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا بېيجىڭدىكى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنى ئاغدۇرۇش قەستىدە بولدى. ئۇلار كومپارتىيىنى، خەلق جۇمھۇرىيىتىنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇش ئۈمىدىنى ئاساسەن بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرغان ۋە بۇ جەھەتتە خەلقئارا ئەكسىيەتچىلەر بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالاشقان كىشىلەرگە باغلىدى. بۇ كىشىلەر ئالدى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىگە قول سېلىپ، ئاتالمىش «ئەركىنلەشتۈرۈش» شاملىنى بىردىنلا قارا بورانغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. كېيىن بېرىپ بۇ كىشىلەرنىڭ خېلى بىر قىسمى بۇرژۇئاچە «ئەركىنلەشتۈرۈش»، «دېموكراتىيىلەشتۈرۈش» نىڭ دۇمباقچىلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى. مۇشۇنداق رېئاللىق ئالدىدا ئۆتكەن يىل بىزنىڭ بايرىقىمىز روشەن، مەيدانىمىز مۇستەھكەم ھالدا ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشنى قايتا-قايتا تەكىتلىگەنلىكىمىز؛ ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە ئاخىرغىچە قارشى تۇرۇش، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قەتئىي تاقابىل تۇرۇشنى قايتا - قايتا تەكىتلىگەنلىكىمىز تامامەن توغرا بولدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېقىندا ئېلان قىلىنغان ئەدەبىيات - سەنئەت ھەققىدىكى بايانلىرى بىزنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ تارىخىي ۋەزىپىلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىش، ئىگىلەش ھەمدە يېڭى دەۋر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيە مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش، بولۇپمۇ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت توپ يۆنىلىشىنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش مەسىلىسىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن توغرا ھەل قىلىشتا چوڭقۇر تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە قىممەتلىك يېتەكچى ئىدىيىۋى قورال بولدى.

ئەلۋەتتە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىگە ئىگە پەن، بىر خىل ئىدىئولوگىيە. ئەدەبىيات- سەنئەت سېپى-جەمئىيەت ئۈچۈن مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپ-

AltunOq

www.uyghurkitap.com

قىرىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىرسەپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاش ۋە ئۇنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇ ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ساقلىغان بەدىئىي ئەدەبىيات ۋە سەنئەت بولۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ تەربىيەۋى رولى، ئىستېتىك رولى، تۇرمۇشقا ھۆسن قوشۇش — كىشىلەر قەلبىنى گۈزەللەشتۈرۈش رولى ۋە مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش رولىنى ئېتىراپ قىلماسلىق، ئۇنى پەقەت كىشىلەرنىڭ بىر خىل ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش، كۆڭۈل ئېچىش ۋاسىتىسى دەپلا قاراش سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تۈپ مەقسىتى ۋە نىشانىسى بىلەن چىقىشالمايدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن: «مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈكى بولمىغان مىللەتنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس» دەپ كۆرسەتتى. يولداش جياڭ زېمىننىڭ بۇ مېغىزلىق سۆزى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتىمىزنىڭ يۆنىلىشى، توغرا يولى ۋە مەقسىتىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىللە، يەنە ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ خەلق ئالدىدىكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى ۋە تارىخىي بۇرچىنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قانداقلا بولمىسۇن بىر ئاساسىي ئېقىمى بولغان، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات سەنئەتنىڭمۇ - جەزمەن روشەن بىر ئاساسىي ئېقىمى بولۇشى لازىم. مېنىڭچە، يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي ھەرىكىتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنى باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. ئاپتونوم رايونىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھەمدە ۋەتەن بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە كۈچەيتىش بىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇشى لازىم، يەنى رېئاللىقنى زىچ دەۋر قىلىپ، ئەدەبىياتنى بىۋاسىتە رېئاللىق ئىچىگە قويۇپ، ئەدەبىيات بىلەن خەلقنىڭ تەقدىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە يازغۇچىلارنىڭ ئورتاق ئىجادىيەت يولى بولۇش لازىم.

ئەلۋەتتە، ئىجتىمائىي تۇرمۇش مول، رەڭگارەڭ ۋە مۇرەككەپ. شۇ ۋەجىدىن، ئەدەبىيات - سەنئەتنى كۆپ خىللاشتۇرۇش زۆرۈر. كۆپ خىللاشتۇرۇش — ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئىچكى تەلىپى ۋە ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش تەلىپى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىللە كەڭ كىتابخانلارنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىملىك مەدەنىيەت ئېھتىياجى ۋە مەنىۋى ئېھتىياجى. ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى شەكىل، ئۇسلۇب جەھەتتىلا ئەمەس، يەنە ئىجادىيەت ئۇسۇلى، سيۇژېت،

باش تېما قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ كۆپ خىل، كۆپ قاتلاملىق بولۇشى لازىم.

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مۇشۇ ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش تەلىپىدىن ئېيتقاندا، مېنىڭچە، ئالدى بىلەن تارىخىي مەدەنىيىتىمىز ۋە مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ بارلىق ئېسىل ئەنئەنە، مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆگىنىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم، شۇنىڭدەك چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق ئىلغار ئامىللىرىنى، چەت ئەل ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئېسىل مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، جۈملىدىن تىل سەنئىتى، شەكىل - قۇرۇلمىسى ۋە باشقا ئىلغار ئامىللىرىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش ھەم ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ نەرسىسىگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

لېكىن ناھايىتى ئېنىقكى، غەرب كاپىتالىزمىنىڭ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ دۇنيا قارىشى، تارىخ قارىشى، تۇرمۇش پەلسەپىسى، تۇرمۇش ئىستىلى، قىممەت قارىشى، تەركىي دۇنياچىلىقى، ئۈمىدسىزلىك، ئەسەبىيلىك، ھەممىدىن بىزار بولۇش روھىي ھالىتى ۋە ھاياتقا دۈشمەنلىك بىلەن قاراش كەيپىياتىغا ئوخشاش نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ نەرسىلەر «ئەركىنلىك»، «دېموكراتىيە» دېگەن نىقاب ئاستىدا ھەر قانچە پەردازلەنسىمۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتى خەلق ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا زىيان سېلىشتىن، مەنىۋى بۇلغىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

خەلق ئاممىسى بۈگۈنكى كۈندە مەزمۇنى مول، ساغلام، كۆپ خىل مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا جىددىي موھتاج. نادىر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىگە تېخىمۇ موھتاج. شۇڭا ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدە يېڭى دەۋرىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنى، ھازىرقى رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى تۇرمۇشنى تونۇشىغا ياردەم بېرىش، ئۇلارنى ئالغا بېسىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ئىلھاملاندۇرۇش — دەۋرىمىزنىڭ ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىغا قويغان جىددىي تەلىپى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئېلىمىز يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ تارىخى — رېئالىزملىق روھ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، جارى قىلدۇرۇلغان، رېئاللىققا، خەلققە سادىق بولغاندىلا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ساغلام راۋاجلىنىش ئىزىغا چۈشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان تارىخ. ئەلۋەتتە، يازغۇچىلار تۇرمۇشنى سادىقلىق بىلەن ئىپادىلىگەندە، تۇرمۇش قاينىمىدا بارلىققا كېلىدىغان بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ پائالىيەتچانلىقىغا تايىنىدۇ. رېئاللىقنى يوشۇرۇش ۋە ئۇنى بۇرمىلاش رېئالىزم بىلەن كېلىشەلمەيدۇ. رېئال تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ نۇقتىدا تۇرمۇشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن تۇرمۇشنى تەنقىد قىلىش تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما بىر رېئالىستىك يازغۇچى- سەنئەتكارنىڭ، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا ئىگە بىر يازغۇچى، - سەنئەتكارنىڭ جەزمەن تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى، قىممەتكە ئىگە تەرىپىنى باتۇرلۇق بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈش، قوغداش، مەدھىيىلەش؛ رېئاللىقنىڭ تۇرمۇش ئورگانىزمىغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدىغان پاسسىپ تەرىپىنى ئىنكار قىلىش، تەنقىد قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. بۇمۇ يېڭى دەۋرنىڭ بىز يازغۇچى- سەنئەتكارلارغا قويغان جىددىي تەلىپى.

بىز ئادەتتە، ئەدەبىيات - سەنئەتنى ھەر كۈنى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان رېئاللىقنى ئۆزلۈك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەينەك ئەمەس، بەلكى ئۇ، يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ كىشىلىك دۇنياسىنى ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە كەچۈرمىشلىرى، تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە ئۆزىگە خاس ھېسسىيات شەكلى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىدىغان سېھىرلىك كۈچكە ئىگە مەنىۋى ئىزدىنىش پائالىيىتى دېگەن ئىدىكەنمىز، ئۇنىڭ ئىنسان قەلبىگە مۆلچەرلىگۈسىز

تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالالمايمىز. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىيات - سەنئەت ھاياتنىڭ ئۆزىنى ئۆزگەرتەلمىگىنى بىلەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشقا، جەمئىيەتكە ۋە ئۆزلىرىگە بولغان قارىشىنى ھەم مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. مانا بۇ «ئىنسان روھىي ئىنژېنېرى»نىڭ چوڭ تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ.

يازغۇچى - سەنئەتكارلاردا توغرا دۇنيا قاراش ۋە ھەق - ناھەق قارىشى بولۇشى لازىم. مۇئەييەن مۇھەببەت ۋە نەپرەت يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ ھەق - ناھەق قارىشىنىڭ پىشىپ يەتكەن - يەتمىگەنلىكىنىڭ ئۆلچىمى. دۇنيادا ئەدەبىي ئېقىم تۈرلۈك - تۈمەن بولسىمۇ، يىغىپ كەلسەك، مېنىڭچە، ئىككىلا ئەدەبىي ئېقىم مەۋجۇت. بىرى، ئوبيېكتىپ ئېقىم، بىرى، سۇبيېكتىپ ئېقىم. يەنى مېتودولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىرى، رېئالىزملىق ئىجادىيەت يولى، يەنە بىرى، رومانتىزملىق ئىجادىيەت يولى. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئەكس ئەتتۈرىدىغىنى ۋە تەتقىق قىلىدىغىنى ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئىچكى، روھىي دۇنياسى.

دېمەك، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى — مۇرەككەپ ئىجتىمائىي پائالىيەت، جاپالىق بىر ئەمگەك. ھەقىقىي يازغۇچى - سەنئەتكارنىڭ ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر. شۇڭا ئالدى بىلەن ئاڭلىق ھالدا ئىجادىيەت ئىدىيىسى، نۇقتىئىنەزىرىنى ھەل قىلىش، نېمە ئۈچۈن ئىجاد قىلىش، كىم ئۈچۈن ئىجاد قىلىش، نېمىنى مەدھىيىلەپ، نېمىگە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم.

مېنىڭچە، ھازىر بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىمىزدا، ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش دېگەن مەسىلىدە، بۇ يۆنىلىشكە قوشۇلمايدىغان، باشقىچە سۆز قىلىدىغان ئادەم يوق دېيەرلىك. لېكىن، ئەدەبىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى زادى قانداق؟ بىز ئىشلەپچىقارغان مەنىۋى مەھسۇلاتنىڭ جەمئىيەتتىكى ئۈنۈمى زادى قانداق؟ بۇ، نۆۋەتتە بىز قايتا ئويلىنىپ كۆرۈدىغان، تەتقىق قىلىدىغان مۇھىم بىر مەسىلە.

يولداش لى رۇيخۇەن «مەملىكىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت سېپىدە مىللىي مەدەنىيەت مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلغان مۇنازىرىلەر، ماھىيەتتە، زور ئىدىيىۋى، سىياسىي كۆرەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان» دەپ كۆرسەتتى. ئۆتكەن يىل ئېلىمىزنىڭ بېيجىڭ قاتارلىق جايلىرىدا يۈز بەرگەن قانلىق ساۋاقلار بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى، ئەمەلىيەتتە، «ئەركىنلىك»، «دېموكراتىيە»نى تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل خاھىش بولماي، بەلكى ئۇنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى، خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئاغدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بىر خىل سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن مەسىلىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى كۆرۈۋالغىلى، شۇنداقلا ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىدىكى مۇرەككەپلىكنى، ئىجادىيەت ئىدىيىسىدىكى ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىقلارنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

نۆۋەتتە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر توغرىسىدا قايتا ئويلىنىش، ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە قانداق قىلىپ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىنى توغرا ۋە ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ھەققىدە

ئەدەبىيات-سەنئەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە خىزمەت قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسى يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىياتى. يېقىنقى 10 يىللىق ئەمەلىيەت بۇ يەكۈننىڭ تامامەن توغرىلىقىنى قايتا-قايتا ئىسپاتلىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيانقى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەھۋالىنى ئەتراپلىق ئويلىنىپ كۆرۈشىمىز ۋە تەھلىل قىلىپ كۆرۈشىمىز لازىم. مەن مۇشۇ نۇقتىدىن تۇرۇپ، يېقىنقى 10 يىللىق ئەدەبىيات-سەنئەت ئەھۋالىمىز توغرىسىدىكى بەزى قاراش، مۆلچەرلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن:

**1. 10 يىلدىن بۇيانقى يېڭى دەۋر ئەدەبىيات-سەنئىتىنى قانداق باھالاش مەسىلىسى**

ئۆتكەن 10 يىللىق ئەدەبىيات-سەنئەت خەلققە زادى نېمە بەردى، 10 يىللىق ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈردىمۇ ياكى ئارقىغا چېكىندۈردىمۇ؟ بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش زۆرۈر. بۇ مەسىلە ئۈستىدە كۆپچىلىكنىڭ قارىشى ئاساسەن بىردەك دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، يەنى 10 يىللىق ئىسلاھات ئەدەبىيات-سەنئەتكە گۈللىنىش ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ئادەملەر يوق دېيەرلىك. لېكىن بۇ مەسىلە ئۈستىدە بەزى ئوخشىمىغان قاراش ۋە مۆلچەرلەرمۇ يوق ئەمەس. 1988-يىلى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنىدا ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىگە باھا بەرگەندە، بەزىلەر: «ئىدىيىۋىلىكى يۇقىرى، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى چوڭ دېگەندىنمۇ كۈلكىلىك گەپ يوق. بۇنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟»، «كىشىلەر ئېتىراپ قىلغان بىرمۇ ياخشى ئەسەر بارلىقىنى كۆرمىدىم» ۋەھاكازا دېيىشتى. ئايرىم كىشىلەر بولسا، «بىزنىڭ ئەڭ گۈزەل نەرسىلىرىمىزنى تارىختىكىلەر يېزىپ بولغان»، «كېيىنكىلىرى، ئاخبارات قىممىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، ئېچىنىشلىق ئىش» دېيىشتى.

ئەلۋەتتە، بۇنداق پىكىر قىلغان يولداشلارنىڭ ئېھتىمال ئۆزىنىڭ سەنئەت ئۆلچىمى باردۇر. شۇڭا ئۇلاردا باشقىچە غەرەز بار دېمەكچى ئەمەسمەن. لېكىن ئۇلارنىڭ دەۋاسىنىڭ زادى قانچىلىك ئاساسى بار؟ بۇنى پاكىت دەپ باقسۇن. مەن بۇ يەردە پەقەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى مىسالغا ئېلىپ ئۆتىمەن. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ئىككى نەشرىيات، بىر ژۇرنال — «تارىم» ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش سەھنىسى بولغانىدى. يېقىنقى 10 يىل مابەينىدە نەشرىيات تۆتكە، مەخسۇس ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەدەبىي ژۇرنال 20گە يەتتى، 1950-يىلدىن 1965-يىلغىچە ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ بىر پوۋېست، 40 قا يېقىن ھېكايە-شېئىرلار توپلىمىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى بىلىمىز. يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە، تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ 100 دىن ئارتۇق پوۋېستى، 20 نەچچە رومانى، 300 دىن ئارتۇق ھېكايە، شېئىر، دراما، ئوبزور توپلاملىرى نەشر قىلىندى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 300 گە يەتمەيتتى، ھازىر ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 2400 كىشىدىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 400 گە يېقىن يازغۇچىنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى كىتابلىرى نەشىر قىلىنىپ، ئۇلار ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئۇمىدلىك تايانچىلىرىدىن بولۇپ قالدى. 1964 - يىلىدىن ئىلگىرى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىدىن 40 قا يېقىن كىشى مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيەتلىرىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان بولسا، ھازىر بۇ جەمئىيەتكە قوبۇل قىلىنغان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى 300 كىشىدىن ئاشتى. 100 دىن ئارتۇق ئەسەر مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بۇ پاكىت بىزگە ئۆتكەن 10 يىل مابەينىدە شىنجاڭ ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ - ياشناش باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىنى، بۇ تەرەققىيات سۈرئىتىنى ئۆتكەن ھەر قانداق بىر تارىخىي دەۋرگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىنى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات سېپىگە باشقا ساھەلەرگە ئوخشاشلا، گۈللىنىش ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن «بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزدىن گۇمانلىنىدىغان، ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان قاراشلارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. ئۇ خاتا ۋە زىيانلىق. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىز يەنە خىزمەتلىرىمىزدىكى سەۋەنلىكلەرنى تولۇق تونۇشىمىز ۋە ئۇنى قەتئىي تۈزىتىشىمىز لازىم. سەۋەنلىكنى ئېتىراپ قىلمايدىغان قاراشنىڭمۇ ئوخشاشلا ئاساسى يوق. ئۇمۇ خاتا ۋە زىيانلىق» دەپ كۆرسەتتى.

ئۆتكەن 10 يىل مابەينىدە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى مەيلى قايسى نۇقتىدىن بولسۇن، ئىنكار قىلىش توغرا ئەمەس، پاكىتقىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بىز نەتىجىلىرىمىزنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز، ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىشىمىز، شۇ ئاساستا خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلىرىمىزدىن ئىلمىي يەكۈن چىقىرىپ، ساۋاق قوبۇل قىلىشىمىز لازىم.

### 2. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ يۆنىلىش مەسىلىسى

ئۆتكەن 10 يىل مابەينىدە بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىنى ئىزچىللاشتۇردىمۇ - يوق؟ بۇ مەسىلىنى بىر قەدەر ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىش، ئۇنىڭدىن توغرا خۇلاسە چىقىرىشنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور.

مېنىڭچە، يېڭى دەۋر ئەدەبىيات - سەنئىتىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك نەتىجە شۇكى، بۇ 10 يىلدا بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى ئىدىيەۋى كىشەن، تار رامكا، ئەندىزە ۋە توسقۇنلۇقلاردىن ئازاد بولغان، ھەقىقىي يوسۇندا خەلققە، رېئاللىققا يۈزلەنگەن ئەدەبىيات - سەنئەت بولدى. ئاساسىي ئېقىمى توغرا بولدى، ئاساسىي جەھەتتىن ساغلام راۋاجلاندى، توغرا ئىزغا چۈشتى، دېيىشكە بولىدۇ. ئاساسىي جەھەتتىن رېئالىزملىق روھ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، رېئاللىققا، تۇرمۇشقا، خەلققە يۈزلەنگەن ۋە

تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە سادىق بولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت بولدى، دېيىشكە بولىدۇ. مۇشۇ 10 يىل مابەينىدە، نۇرغۇنلىغان يازغۇچى ـ سەنئەتكارلار تۇرمۇش رېئاللىقىغا يېقىنىدىن ياندىشىپ، بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ پائالىيەتچانلىقىغا تايىنىپ، تۇرمۇشنىڭ ئىلغار، ئاكتىپ، قىممەتكە ئىگە تەرەپلىرىنى، سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى دادىللىق بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىغا ئىلھام، كۈچ ـ قۇۋۋەت بەخش ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇشىمىزنىڭ پاسسىپ، قالاق ۋە ناچار تەرەپلىرىنى ھەقلىق يوسۇندا پاش قىلدى، ئىنكار قىلدى، تەنقىد قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى. بۇنى كۆرۈش لازىم.

لېكىن، بۇ جەھەتتە يەنە مەسىلە بارمۇ ـ يوق؟ مېنىڭچە، بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىمىز قاينام ـ تاشقىنلىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ـ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتى مەيدانىغا كەلتۈرگەن چوڭ ئېقىمدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان ئەھۋال يوقمۇ ئەمەس. بۇنىڭدا، بىر تەرەپتىن، رەھبەرلىكنىڭ ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىپ، يازغۇچى ـ سەنئەتكارلارنى قاينام ـ تاشقىنلىق تۇرمۇش رېئاللىقى بىلەن ئۇچراشتۇرۇش يېتەرسىز بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بىزنىڭ يېڭى دەۋر تۇرمۇش تومۇرىنىڭ سوقۇشىغا ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاساسىي تېمىلارنى تۇتالماسلىقىمىزمۇ بىر سەۋەب.

بۈگۈنكى كۈندە ھەر مىللەت خەلقى ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە تېزرەك قەد كۆتۈرۈشنى، زامانىۋىلىشىشنى تېزرەك ئىشقا ئاشۇرۇشنى، زامانىۋى مىللەتكە ئايلىنىشنى ھەقلىق يوسۇندا ئۈمىد قىلماقتا. پارتىيىمىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇشۇ ئارزۇسىنى تېزرەك ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا. بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئىپادىلەۋاتقان تۇرمۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش رېئاللىقى، كۈرىشى ۋە ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇشمۇ ياكى تار دائىرىدىكى، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ غايىسىز، ئۈمىدسىز، كەلگۈسىگە ھېچقانداق ئىشەنچىسى بولمىغان ھالدا ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇشمۇ؟ بۇنى چوڭقۇر ئويلاپ كۆرۈشكە تېگىشلىك.

مىسال ئۈچۈن ئېيتساق، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان مەلۇم بىر ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ 90 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا مەلۇم بىر مۇشتىرىنىڭ «قىزلىرىمىزغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيلى» دېگەن ماۋزۇلۇق خېتى بېسىلدى. بۇ مۇشتىرى بۇ ژۇرنالنىڭ 1988 ـ يىللىق 8 ـ سانىغا بېسىلغان تۆت ھېكايە ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. بۇ تۆت ھېكايىدا ئوخشاشلا تۆت قىزنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى يېزىلغان بولۇپ، بۇ ھېكايىلاردا ئۇلارنىڭ چىقىش يولى تاپالماي ئۆلۈم پاجىئەسى بىلەن ئاخىرلاشقان ئېچىنىشلىق تەقدىرى ئىپادىلەنگەن. مۇشتىرى ئۆز خېتىدە بۇ تۆت ھېكايىنىڭ ئاپتورلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ: «بىر سان ژۇرنالغا بېسىلغان تۆت ھېكايە — ھەممىسى پاجىئە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، تۆت قىز چىقىش يولى تاپالماي ئۆلىدۇ... بۇ، يازغۇچىلارنىڭ ئىلتىپاتىمۇ؟ تەھرىرلەرنىڭ بېپەرۋالىقىمۇ؟ تاسادىپىيلىقمۇ ياكى نېمە؟ بۇ زادى نېمە ئىش؟ سىز بەلكىم تۇرمۇش دېگەن مۇشۇ، ئۇ ئۆلۈم، مۇسىبەت، كۆز يېشى بىلەن تولغان دەرسىز. شۇنداق بولغاندىمۇ

uyghurkitap.com

سىز ئۇلارغا تەسەللى، مەددەت بەرگەيسىز. چېچەكلەر توزۇپ كەتمەسۇن، قىزلىرىمىزغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيلى» دەپ چاقىرىق قىلغان.

بۇ، بىر سان ژۇرنالدىكى ئاددىي بىر مىسال. خەلق ئاممىسى نېمىنى ئۈمىد قىلىدۇ، بىز نېمىنى يېزىۋاتىمىز؟ مېنىڭچە ئەلۋەتتە، يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان تارىختىكى ياكى ھازىر بەزى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن بەختسىزلىكلەرنى يېزىشنى توسۇشقا ھەققىمىز يوق. لېكىن، يېزىلغان ئەسەرلەردە ئۈمىد، ئىشەنچ ۋە كىتابخاندا كۈچ-قۇۋۋەت پەيدا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز.

### 3. تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىش بىلەن رېئال تېمىدا ئەسەر يېزىشنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى

ماركسىزمنىڭ ئىنكاس نەزەرىيىسى ئىنسانلارنىڭ مېڭىسى جانسىز ئەينەك ئەمەس، بەلكى مول مەزمۇنغا، پائالىيەتچانلىق رولغا ئىگە، دەپ قارايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ماركسىزمنىڭ ئىنكاس نەزەرىيىسى ئاساسىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت قارىشى يازغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانىدىكى پائالىيەتچانلىق رولىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ۋە زۆرۈرلۈكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ «بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات سەنئىتىمىز جانلىق، تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق مەزمۇنغا باي ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، كىشىلەرنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ماھىيىتىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشى، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلپى ۋە تارىخىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەپ بېرىشى، شۇنىڭدەك خەلقنى تىرىشىپ سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇلارنى پائال ئالغا ئىنتىلىش، جاسارەت بىلەن ئىشلەش روھىغا ئىگە قىلىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. بۇ، ئېلىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن ئەڭ مۇكەممەل يەكۈنلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى «دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلپى ۋە تارىخىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەپ بېرىش»، «خەلقنى تىرىشىپ سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەش»، «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن پائال ئالغا ئىنتىلىش ۋە جاسارەت بىلەن ئىشلەش»تىن ئىبارەت بولىدۇ، دېگەنلىك، ئەلۋەتتە. بۇ يەردە دەۋر بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتى نەزەرىيە جەھەتتىن مۇكەممەل شەرھلەپ بېرىلگەن.

يېقىندىن بۇيان بەزى يازغۇچىلار، تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىسىدا تارىخىي تېمىدىكى رومانلارغا قانداق قاراش مەسىلىسى ئۈستىدە غۇلغۇلا بولماقتا. بۇ ئەسلىدە تارىخىي تېمىدىكى رومانلارغا قانداق قاراش مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى تارىخنى قانداق مەيداندا تۇرۇپ يورۇتۇپ بېرىش مەسىلىسى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت رومانچىلىقىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش ـ تەرەققىيات بولدى. ياخشى، بىر قەدەر ياخشى يېزىلغان خېلى كۆپ رومان جامائەتچىلىكنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان رومانلى-

رىغا ئايلاندى. بۇ، پاكىت. بۇ رومانلارنىڭ كۆپچىلىكى تارىخىي تېمىدىكى رومانلار.

ئەسلىدە قانداق تېمىدا، قانداق ژانىردا، قانداق شەكىلدە ئەدەبىي ئەسەر يېزىش دەۋرىمىز ھەر بىر يازغۇچىغا بەخش ئەتكەن ئىجادىيەت ئەركىنلىكى. بۇنىڭغا ھېچكىم دەخلى - تەرۇز قىلالمايدۇ. ئەكسىچە، بىز ئۆز تارىخىمىزدىكى ئۇلۇغ تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولغان مىللىي قەھرىمانلار، خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان زور تارىخىي ۋەقەلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق مەيداندا تۇرۇپ، تارىخىي جەريانلارنى يورۇتۇپ بېرىدىغان رومانلارنى، دىرامىلارنى كۆپلەپ يېزىشقا تامامەن ھەقلىقمىز. بۇمۇ ئوخشاشلا تارىخ ئۈستىدىكى بەدىئىي تەتقىقات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، بۇ يەردە، مېنىڭچە، ئالدىن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇنداق بىر قاراش بار. بىرى، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا ھازىرقى تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئىپادىلەشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش كېرەكمۇ ياكى ھازىرقى رېئاللىقتىن ئايرىلىپ، ئۆتمۈشنى تەتقىق قىلىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش كېرەكمۇ؟ يەنە بىرى، تارىخىي شەخس - ۋەقەلەرنى نېمە ئۈچۈن يېزىش، نېمىنى يېزىش ۋە قانداق ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشىش مەسىلىسى بار.

بىزگە مەلۇمكى، تارىخقا ھۆرمەت قىلىش ھەر قانداق بىر تەتقىقاتنىڭ، جۈملىدىن تارىخىي تېما يورۇتۇلغان ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى. لېكىن، خاسلىق ۋە سۇبيېكتىپلىق بولمىسا، تارىخقا ھەقىقىي يوسۇندا ھۆرمەت قىلغىلى، تارىخنىڭ قىياپىتىگە توغرا قارىغىلى، تارىخقا توغرا باھا بەرگىلى ۋە ئۇنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، بەدىئىي ئەدەبىيات شەكلى بىلەن توغرا ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ.

مېنىڭچە، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىي مۇرەككەپ ۋەقەلەر بىلەن تولغان تارىخ. شۇنىڭدەك نۇرغۇن چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر ۋەتەن بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مۇناسىۋەتلىرىگە چېتىلىدۇ. ئۇنىڭدا كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىكمۇ، كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان ۋەتەن ساتقۇچلۇقمۇ؛ چەت ئەل جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى قەھرىمانلىقمۇ، مىللىي مۇناپىقلىقمۇ، مىللەتلەرنىڭ قېرىنداشلارچە دوستلۇقى - ھەمكارلىقىمۇ، مىللىي نىزاھ، ئۆز ئارا ئۇقۇشۇلماسلىقمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن. تەبىئىيكى، بۇ يەردە نېمىنى مەدھىيىلەپ، نېمىگە نەپرەتلىنىش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمىسا، تارىختىكى ۋەقە - قەھرىمانلارنىڭ ماھىيىتىنى بۇرمىلاش ۋە ناچار ئىجتىمائىي ئۈنۈم مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئېكسپىلاتاتسىيىچى سىنىپ ۋە ئۇلارنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى، مىللىي زۇلۇم مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كونا جەمئىيەتتە مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى باراۋەرلىكىدىن ئېغىز ئېچىش ئىنتايىن قىيىن. بىزدە كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ مەسىلە سىياسىي جەھەتتە ھەل بولدى، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقنى تۈگىتىشنىڭ ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. شۇڭا، مېنىڭ قارىشىمچە، تارىخىي تېمىدا ئەسەر يازغاندا، بىرىنچىدىن، تارىخقا ھۆرمەت قىلىش، تارىخنى بۇرمىلىماسلىق، شۇنداقلا ئويدۇرۇپ چىقارماسلىق لازىم. ئىككىنچىدىن، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى نەزەردە تۇتۇش لازىم. تارىختا يۈز بەرگەن ھەر خىل ۋەقەلەرنىڭ

ھەممىسىنىڭ تارىختا مۇتلەق ئۇلغار رول ئوينىغان بولۇشى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى، تۈپ مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇشى ناتايىن. كونا جەمئىيەتتە بولۇپمۇ فېئودالىزم ۋە مىللىي زۇلۇم تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋرلەردە ھەر قايسى مىللەتلەربىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان، ھېچكىمنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز قىلمايدىغان مىللىي قەھرىمانلارنىڭ بولۇشىمۇ ناتايىن. شۇڭا تارىخىي تېمىدا ئەسەر يازغاندا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق مەيداندا تۇرۇپ، تارىختا ھۆرمەت قىلىش ۋە ماھىيەت بىلەن ھادىسىنى پەرقلەندۈرۈش ئاساسىدا قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ھەم ھازىرقى ۋە كەلگۈسى مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەلۋەتتە، تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىشنى ھېچكىم چەكلىگىنى، چەتكە قاققىنى يوق. ئۆتمۈشتىكى زور تارىخىي ۋەقەلەر، مىللىي قەھرىمانلار ۋە تارىختا ئۇلغار رول ئوينىغان تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە نېمىشقا يىرىك ئەسەرلەرنى، رومانلارنى يازغىلى، دىراممىلارنى ئوينىغىلى بولمايدىكەن؟ ئەلۋەتتە بولىدۇ. مىسال ئۈچۈن ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىنى ئالساق، 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە 20 رومان ئېلان قىلىندى. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 15 ى ھەرخىل دەرىجىدە تارىخىي تېمىدىكى رومان قاتارىغا كىرىدۇ. خېلى كۆپچىلىكى ياخشى، بىرقەدەر ياخشى بولۇپ، ئاممىنىڭ قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشتى. بۇ يەردە مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم تارىخىي تېمىدا رومان يېزىشقا بولمايدۇ ئەمەس، تارىخىي تېمىدا يېزىلغان رومانلار تارىخنىڭ قىياپىتىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەن ئەينەك بولۇش بىلەن بىللە يەنە مۇنداق ئەسەر مۇشتەرىلارغا ئۈمىد، ئىشەنچ، بىلىم ۋە غەيرەت - جاسارەت بېغىشلايدىغان بولۇشى لازىم.

### 4. بەدىئىي ئەدەبىياتتا مىللىي دوستلۇق - ئىتتىپاقلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسى

مىللىي ئىتتىپاقلىق — دوستلۇق بىر كەم ئويدۇرۇپ چىقارغان مەسىلە بولماستىن، بىر خىل ئوبيېكتىپ رېئاللىق، بىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىمىزدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان پاكىت. ئەدەبىيات - سەنئەت رېئال تۇرمۇشنى مەنبە قىلىدىكەن ۋە ئۇنى ئەكس ئەتتۈرىدىكەن، ئوخشاشلا مىللىي ئىتتىپاقلىق - دوستلۇقنى ئىپادىلىشى لازىم.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاق تارىختىن بۇيان ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدە بىرلىكتە ياشاپ، بىرلىكتە ئەمگەك قىلىپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ، ۋەتىنىمىزنى بىرلىكتە گۈللەندۈرۈپ كەلدى. بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكى قانۇنىي كاپالەتكە ئېرىشتى. چىرىك فېئودالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ، ھەرخىل سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشلەر ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە ئورتاق قەد كۆتۈرۈشىنىڭ يولى ئېچىلدى. ئۆتكەن 40 يىللىق تارىخ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلىدىكى، ھەر مىللەت خەلقى ئاڭلىق تۈردە ئىتتىپاقلاشقاندىلا، بىرلىكتە ئالغا بېسىشتىن، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتىن، ئۆز مىللىتىمىز-

نىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىن، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە قەد كۆتۈرگەن زامانىمىزى مىللەت بولۇشتىن ئىبارەت ئاچقىلى بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئېلىمىز شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەردىن جاھانگىرلار، خەلقئارا ئەكسى- يەتچىلەر ئالاقزادە بولماقتا. ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىنتايىن ئۈمىدلىك ۋە پارلاق. ئې- لىمىزنىڭ گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش شەرەپلىك. مېنىڭچە، بىر يازغۇچى ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ ئەلنىڭ ۋە بۇ ئەلدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن ئويلىشى، ئەجىر سىڭدۈرۈشى لازىم.

مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، دوستلۇقى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش، ئىجابىي رول ئويى- ناش ۋە بۇ قېرىنداشلارچە دوستلۇقنى سەمىمىيلىك بىلەن ئىپادىلەش — بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىمىز. ھەر مىللەت ئەدەبىياتىدا بۇ تېما ئۈچۈن پۈتمەس - تۈ- گىمەس ئاساس، مەنبە، ماتېرىيال مەۋجۇت. خېلى بىر قىسىم يازغۇچىلار بۇ تېمىغا كۆڭۈل بۆلدى، قەلەم تەۋرەتتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى—دوستلۇقىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بىرقەدەر ياخشى، تەسىرلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. مۇنداق ئەسەرلەر ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشتى.

ئەمما، بۇ مەسىلىدە يەنە بەزى مۇجمەللىكلەرمۇ يوق ئەمەس. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - دوستلۇقى ئاساسىي تېما قىلىنغان بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ قىممىتىنى تۆۋەن باھالايدى- غان، ئۇنى ۋاقىتلىق تەشۋىقات دەپ قارايدىغان. مىللەتلەرنىڭ دوستلۇقى يېزىلغان ئەسەر ئۆلمەس ئەسەر بولالمايدۇ، دەپ كەمسىتىدىغان، ھەتتا مۇنداق تېمىغا قىزىقىدىغان يازغۇچىلارنى كەمسىتىشكە، چۆكۈرۈشكە، قىزغىنلىقىغا سۇ سېپىشكە ئۇرۇنىدىغان بىرخىل ناچار كەيپىياتمۇ بار.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى — ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ توپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاچقا، بۇ تېمىغا ھەر مىللەت خەلقى ئىنتايىن قىزىقىدۇ. ئەگەر بۇ تېما ئوبدان بەدىئىي شەكىل ۋە يېڭىچە ئۇسلۇب بىلەن چوڭقۇر، ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىلسە، چوڭقۇر تەسىر قوزغىيالىسا، مۇنداق ئەسەرلەرمۇ ئوخشاشلا ئۆلمەس ئەسەر بولالايدۇ. بۇنداق مىساللار جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىدا ناھايىتى نۇرغۇن. ھەر قايسى ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ تېما بارغانچە چەتتە قېلىۋاتىدۇ؛ ژۇرنال سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالالمايۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئانچە نورمال ئەھۋال ئەمەس.

بۇنىڭدىن باشقا، ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قانداق ئىپادىلەش مەسى- لىسىمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا چېتىلىدىغان بىر مەسىلە. ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇشى ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ يازغۇچىسى ئۈچۈن ئەركىن تېما، ئوبدان ماتېرىيال مەنبەئى بولالايدۇ. قايسى بىر مىللەتنىڭ يازغۇ- چىسى بولۇشتىن قەتئىينەزەر، قىزىقسىلا ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەت- تۈرۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى يازسا بولۇۋېرىدۇ. لېكىن، ئۇ يازغۇچى ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان مىللەتنىڭ تۇرمۇشىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، پىششىق بىلىشى لازىم.

ئەلۋەتتە، تۇرمۇش ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە،ھەر قانداق بىرمىللەتنىڭ تۇرمۇشىدا ئىلغار،

AltunOq

ئاكتىپ، ھاياتى كۈچى بار ئامىللار بىلەن بىللە قالاق، پاسسىپ، يوقىلىشقا مەھكۇم ئامىللار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مېنىڭچە «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» بولغان يازغۇچى كۆپ مىللەتلىك ئېلىمىزدە ئالدى بىلەن ئۆزى يازماقچى بولغان مىللەتنىڭ تۇرمۇشىدىكى گۈزەللىكنى — ئىلغار، ئاكتىپ، ھاياتىي كۈچكە ئىگە شەيئىلەرنى تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىپادىلىشى، مەدھىيىلىشى لازىم. بۇ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بىر - بىرىنى چۈشىنىشى، ئۆزئارا ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشى، ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئالغا بېسىشى ئۈچۈن پايدىلىق. بۇ يەنە يۈكسەك دەرىجىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 50 - ۋە 60 - يىللاردا پېشقەدەم خەنزۇ يازغۇچىلىرىدىن ليۇشاۋۋۇ، ۋاڭ يۈخۇ، جۇپېي قاتارلىق كىشىلەر شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كۆپلىگەن ياخشى، بىرقەدەر ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولغان ئىدى. بۇ جەھەتتە ئۇلار بىزنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى. بىز ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئۆزئارا تىل ئۆگىنىشىگە، ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان مىللەتنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئۆگىنىشىگە، مۇشۇ ئاساستا شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇش قاينىمىغا ھەقىقىي يوسۇندا چوڭقۇر چۆكۈپ، مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقىشىغا ئىلھام بېرىشىمىز لازىم.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاز سانلىق مىللەتلەر تۇرمۇشى ئىپادىلەنگەن بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى ئانچە ئالقىشلىمايدىغان بەزى ئېغىش ۋە سەۋەنلىكلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەر تۇرمۇشىنى يېزىشنى «يېزىشتىن مەنئىي قىلىنغان رايون»غا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقىمىز لازىم. بۇنداق قىلىش، بىرى، تېما دائىرىسىنى كىچىكلىتىشكە پايدىسىز. يەنە بىرى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىش — ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىسىز.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەيلى قايسى بىر مىللەت يازغۇچىسى بولسۇن، ئىككىنچى بىر مىللەت تۇرمۇشى ھەققىدە بەدىئىي ئەسەر يازماقچى بولىدىكەن، ئالدى بىلەن شۇ مىللەت خەلقىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىشى، ئۇنى سەمىمىي ھۆرمەت قىلىشى لازىم. قانچە غەلىتە بولسا، شۇنچە قىزىقارلىق بولىدۇ، دېگەن ئويدا بولۇپ، ئاجايىپ - غارايىپ، مەنىسىز، قالايمىقان نەرسىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقارماسلىقى كېرەك. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇنداق نەرسىلەرنىڭ ھېچبىر ھاياتىي كۈچى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇ، مىللەتلەرنىڭ تىنچ - ئىتتىپاقلىقىغا، چوڭ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشقىمۇ پايدىسىز.

### 5. بەدىئىي ئىجادىيەتتە فېئودال خۇراپاتلىققا ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى

كۆپچىلىككە مەلۇم، شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون ھەمدە ھەر خىل دىنىي ئەقىدىچىلىك ئۇزاق تارىخقا ئىگە رايون. شۇنداقلا ھەر خىل دىنىي ئەقىدە، جۈملىدىن دىنىي قائىدە - يوسۇنلار بىزنىڭ مىللىي تۇرمۇشىمىزغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. ھەتتا بەزى دىنىي قائىدە - يوسۇنلار بىلەن مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن.

بۇ بىر خىل رېئاللىق. ئازادلىقتىن كېيىن ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئومۇملىشىشى ئارقىسىدا فېئودال خۇراپاتلىقنىڭ تەسىرى بارغانسېرى ئاجىزلاشتى. بۇ هال بىزنىڭ نۇرغۇن ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىمىزدە ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ هەق - ناهەق، توغرا - خاتانى تونۇۋېلىشىغا ۋە يېڭى مەدەنىيەت قارىشىنى تىكلىۋېلىشىغا تۈرتكە بولدى. ماركسىزملىق دۇنيا قاراش، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراش تۇرمۇشىمىزدا، بولۇپمۇ سىياسىي تۇرمۇشىمىزدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. مېنىڭچە، بۇ جەهەتتە بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ ئوينىغان ئىجابىي رولىنى جەزمەن مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم.

لېكىن، يېقىندىن بۇيان شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا، ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلگەن فېئودال خۇراپاتلىق يەنە قايتىدىن باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. قويۇق فېئوداللىق تۈس ئالغان خۇراپىي «ئادەت» نىڭ ئەۋج ئېلىشى تۈپەيلىدىن ئەمگەكچى خەلقنى ئەخمەق قىلىدىغان، قاقتى - سوقتى قىلىپ ئالدايدىغان، هەتتا يېڭى مەدەنىيەت هەرىكىتى بىلەن قارشىلىشىدىغان، ياش - ئۆسمۈرلەرنى تالىشىدىغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار ئۈزلۈكسىز يۈز بەرمەكتە. بۇمۇ بىر رېئاللىق، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت، مۇشۇنداق رېئاللىق ۋە ئەمەلىيەت ئالدىدا بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز نېمە ئىش قىلدى؟

تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىللىرىدە دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەكسىيەتچىل فېئودال خۇراپاتلىققا قارشى كۈرەش قىلغان، ئۇنى پاش قىلغان ۋە مەردانىلىق بىلەن قامچىلىغان ئىدى. ئىلىم - پەن، يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭى مائارىپنى تەرغىپ قىلىش، يېڭى شەيئىلەرنى كۈچلۈك قوللاش ۋە قىزغىن مەدھىيىلەش ئارقىلىق فېئودال خۇراپاتلىققا تاقابىل تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنى غەپلەتتىن ئويغىتىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئىگە بولغانىدى. هازىر بىز سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز. بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم.

لېكىن، بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ۋە بەزى ئەدەبىي ژۇرناللاردا بۇ جەهەتتە هەق - ناهەقنى ئېنىق ئايرىمايدىغان، مىللىي ئۆرپ - ئادەت بىلەن فېئودال خۇراپاتلىقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان، بەزىبىر فېئودال خۇراپاتلىقنى تەشۋىق قىلىشقا، ئۇنى هەق - ناهەقنى ئايرىيدىغان مىزان قىلىشقا ياكى شۇنىڭغا مايىل ئۇسۇل بىلەن زىددىيەتنى مۇرەسسە قىلىشقا هەۋەس قىلىدىغان ئەهۋاللارمۇ ئەكس ئەتتى.

ئەلۋەتتە، بىزنىڭ قارشى تۇرۇۋاتقىنىمىز هەرگىزمۇ دىنغا ئىشىنىش مەسىلىسى ئەمەس، دىنغا ئىشىنىش - ئىشەنمەسلىك هوقۇقى ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلگەن ۋە قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە — فېئودال خۇراپاتلىقنىڭ يامراپ كېتىشىگە، خەلقىمىزنى يەنە نادانلىق، جاهالەت يولىغا باشلىشىغا، هەتتا بىزنىڭ نورمال تۇرمۇش تەرتىپىمىزنى قالايمىقان قىلىپ، ئەمگەكچى خەلقنى ئاياغ - ئاستى قىلىشىغا يول قويماسلىق مەسىلىسى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايسى مەيداندا تۇرۇش، كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسى.

www.uyghurkitap.com

بىز ئادەتتە، مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش — مىللىي ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى، دەپ قارايمىز. ماركسىزم - لېنىنىزمدا چىڭ تۇرۇش، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش، كوممۇنىستىك دۇنيا قاراشتا چىڭ تۇرۇش، مېنىڭچە، مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، مىللەتنى زامان - ۋى مىللەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ بىردىنبىر توغرا يولى. بۇ يەردە ئوخشاشلا نېمىنى مەدھىيىلەپ، نېمىگە قارشى تۇرۇش، نېمىنى قوللاپ، نېمىنى پاش قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت. بۇ مەسىلە ئۈستىدە، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى، سەنئەتكارلىرى بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم ھالدا خەلق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن سۆز قىلىشى، قەلەم تەۋرىتىشى لازىم. بۇ بىز ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ھەم كونا مەسىلە، ھەم يېڭى تارىخىي دەۋردىكى بىرقەدەر رېئال بولغان يېڭى مەسىلە.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئېقىمى مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا: «دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلىپىنى ۋە تارىخىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەپ بېرىش» نى، «خەلقنى تىرىشىپ سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەش» نى تەكىتلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىدىن «ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش»، «ھادىسىدىن ئۆتۈپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەش ئىقتىدارى» نى يېتىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ سۆزى يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ تارىخىي ۋەزىپىلىرىنى ۋە نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

يېقىنقى ئىپتىقاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى يېڭى دەۋر ئەدەبىيات - سەنئىتى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز گۈللىنىپ، كىشىنى ئىلھاملاندۇرۇدىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. لېكىن، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش ھەم ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى ئىپادىلىرىگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى تازىلاش جەھەتتە يەنە بىرمۇنچە مەسىلىلەر مەۋجۇت.

بىز چوقۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئەدەبىيات - سەنئەتتىن ئىبارەت بۇنداق مەنىۋى ئەمگەك ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىي روھىغا ئىنتايىن موھتاج» دېگەن يوليورۇقىغا ئەمەل قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدىكى يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرۈشىمىز، مەزمۇنى ساغلام، بەدىئىي سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىش يولى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىگە مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرۇشىمىز لازىم.

# شېئىرلار

تۇمۇر داۋامەت

## ئادالەت

(غەزەل)

كىچىككىمدىنلا ئادالەت سەندىن ئوت ئالغان بۇ جان،
تۈندە نۇر، جاڭگالدا يول تاپقان سېنىڭدىن ھەر قاچان.

سەن چىراغ، پەرۋانىمەن، سەن كۈنكى، مەن ئاپتاپپەرەس،
سەندىن ئايرىلغاندا تار زىندان بىلىنگەي كەڭ جاھان.

سەن دېمەكلىك ئەل — ۋەتەننى دىلدا تۇتماقلىق دېمەك،
شۇڭا قىلغان پارتىيىمىز سېنى بايراق، جانىجان.

سەن ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ جەڭلەرگە كىردىم مەن تالاي،
نى ئېغىر چاغلارمۇ بولدى زومىگەرلەر قۇترىغان.

ياغدى تۆھمەت، پىتنە - ئىغۋا ئوقلىرى يامغۇر بولۇپ،
ئوقۇغاچ ئەپسۇن شاياتۇن چىقىرىپ پات - پات بوران.

بولدى رەسۋا ساڭا قارشى جادىگەر، ئالدامچىلار،
شۇم زۇلۇمنىڭ يولىدا ماڭغانلار قالغايمۇ ئامان؟

سەن قورال مەيداندا، مۇشكىلاتتا ئەنگۈشتەر گويا،
سېنى كۈيلەيمەن ئەبەد، بولغىن ئادالەت پاسىبان.

1988 - يىل، ئىيۇن.

## «ياۋايىلار كەنتى» گە سەپەر

تەكلىماكان قۇملۇقىدا بىپايان،
بىردەريا بارجىمجىست ئاققان يىل - يىللاپ.
قاشتا تارقاق يېزىلار بار پىنھانە
ياشار ئۇيغۇر دېھقانلىرى ماكانلاپ.

بۇندىن تۆت يۈز يىل مۇقەددەم بۇ يەردە
ئىككى ئادەم باققان ئىكەن قوي پەقەت.
ھازىر نوپۇس سەككىز يۈزدىن ئېشىپتۇ،
كۆچكۈچىلەر جىقلاپ بولۇپ جامائەت.

www.uyghurkitap.com

گېزىتتىن بىر خەۋەر كۆردۈم، ئۇلارنى
دۇنيا بىلەن ئالاقىسى يوق، دېگەن.
دەپتۇ تېخى: ئۆي جايلىرى ناچاركەن،
قۇملۇقتىكى ياۋايىلار بۇ جەزمەن.

كۆنى قانداق ئۇلارنىڭ بىر كۆرەي دەپ،
يوقلىماقچى بولۇپ چىقتىم سەپەرگە.
رىۋايەتكە ئوخشايدىكەن مىش - مىش گەپ،
«ياۋايىلار كەنتى» زادى قەيەردە؟

چىرا ناھىيە قۇچىقىدىن قوزغالدۇق،
سەھەر پەيتى سائەت ئۈچتىن ئاشقاندا.
قاراڭغۇدا يۈرۈپ تەستە تەمتىلەپ،
يولغا ئاران ئۇلاشتۇق تاڭ ئاتقاندا.

ماڭدۇق قۇملۇق ئېدىرلارنى ئارىلاپ،
قۇملار گويا پاختا قېلىن ۋە ئىرەن.
ماشىنىمىز پاتسا قۇمغا ئىتتەردۇق،
ۋە كۆتۈردۇق يەلكە بىلەن، قول بىلەن.

پادىچىلار ئۇچراپ تۇردى يول بويى،
قۇملۇقلارنى قىپتۇ ئۇلار تۇرالغۇ.
قوي توپىنى ئوبدان بېقىش يولىدا
بولالماپتۇ بوران، مۇشكۈل توسالغۇ.

كۆزىمىزدە كۆردۇق شۇنداق كېلىپ بىز،
قوي توپىنى «ياۋايىلار» يايلاتقان.
يېشىل، يۇمران قىرغاقتىكى ئوت - چۆپلەر
سېمىز ئىكەن مال - چارۋىلار يايراشقان.

ياۋاش ئىكەن بۇ يەردىكى يۇرتداشلار،
ئادەت ئىكەن سەممىمي، ئاق كۆڭۈللۈك.
مېھمانلارنى كۈتىدىكەن بەك قىزغىن،
ئېلىپ چىقىپ بار - يوقىنى ھەر ئۆيلۈك.

بۇ يەرلەردە ئوغرىلارمۇ يوق ئىكەن،
ئاڭ ئوۋلاشسا ئورتاق بەھرى ئالاركەن.
بىر - بىرىدىن ھەزەر قىلماس كىشىلەر،
سىرتقا ماڭسا ئىشىك ئوچۇق قالاركەن.

كۈتۈۋالدى سېخى، قىزغىن بىر بوۋاي
ئالدىمىزدىكى بىر قورۇغا كىرگەندە.
ھاياجاندا ياشلار ئاقتى كۆزىدىن،
سالاملىشىپ، ھال سورۇشۇپ كۆلگەندە.

مېھمان قىلدى سېلىپ كەڭرى داستىخان،
چاي قۇيۇپ، نان ئۇشتۇپ بىزنى ساھىبخان.
ئۇنىمىدۇق قوي سويماقچى بولغاندا،
تويدى قورساق، تۇرسىمۇ بۇ باياۋان.

ھېچكىم بۇندا ئۆتكۈزمەپتۇ جىنايەت،
خاتىرجەم ۋە خۇشال - خۇرام ھەممىسى.
بىللە ئىشلەپ ئىناق يۈرەر ھەر جايدا،
بارتەڭلىكنىڭ ھەم دوستلۇقنىڭ بەلگىسى.

ئالار ئىكەن خىش - كاھىشنىڭ ئورنىنى
يۇلغۇن شېخى ئۆي سالغاندا قۇم ئارا.
زامانىۋى تۈس يوق لېكىن مەدەنىي،
ئېسىل ئۆرپ - ئادەت قىلار مەھلىيا.

1989 - يىل، خوتەن.

## دېھقان دوستۇمغا

ئەي دېھقان، سەن مېنىڭ دوستۇم قەدىردان،
ئېتىزدا بىز بىللە چوڭ بولغان ئىشچان.
دىلىمىز رىشتىسى چىگىلگەن بىللە،
كەل، سىرداش بولايلى يەنە مېھرىبان.

سوغ نەپەس، سوغ تەلەت قىش كەتتى ئەنە،
باھارنىڭ شامىلى ئويغاتتى يەرنى.
ياسىنىپ تارىنار ۋادىلار، باغلار،
كۆيلىدى نەغمىچى قۇشلار سەھەرنى.

خۇش پۇراق تارقاتتى ئەتراپقا شامال،
قىزىلگۈل بۇلبۇلدىن ئالدى خەۋەرنى.
تۇر ئەمدى قەدىرناس، قىزىت ئەمگەكنى،
ئېتىزلار سېغىنىدى مەرۋايىت تەرنى.

ئېيت ناخشا، ئاۋازىڭ كەتسۇن يىراققا،
سۆيۈنگەي جان، كىرسە كۈيۈڭ قۇلاققا.

Altun0q

خۇمارمەن دېھقاننىڭ يۈرەك كۈيىگە،
ئۇ يۈرەك ئوخشايدۇ كۈيچى بۇلاققا.

ئېيت ناخشا، ناخشىدا سېغىنسۇن ئۇرۇق،
ناخشىدا ئۈنسۇن ۋە ئۆسسۇن مايسىلار.
ئوخشىسۇن بۇ يىلمۇ زىرائەت، بەنە
ھوسۇل ھوسۇل كۆپەيسە يۇرتنى باي قىلار.

ئېيت ناخشا، ئەي دېھقان دوستۇم قەدىردان،
ناخشىدا تەبىئەت كىيسۇن كۆك چاپان.
ناخشاڭدىن، ئىشىڭدىن كۆڭلۈم يايرىسۇن،
تىلەيمەن تىلەك: باي بولغىن، بول ئامان.

1990 - يىل، 18 - فېۋرال.

رەخىم قاسىم

## باھار كۈيلىرى

### باھار

باشلىنار بىر كۈننىڭ تەقدىر، قىسمىتى
شۇ كۈنى پارلىغان تاڭدىن - ناھاردىن
باشلىنار بىر يىلنىڭ تۆھپە - قىسمىتى
شۇ يىلى ياشنىغان كۆكلەم - باھاردىن

باھارنىڭ قەدرىنى ياراشقان يىللار
قىلىدۇ نامايان ئەۋزەللىكىنى.
ئەۋزەللىك شەربىتى يايراتقان دىللار
بىلىدۇ باھارنىڭ گۈزەللىكىنى.

شۇ گۈزەل باھاردىن ئوتتۇز توقسۇزى
ئۆمرۈمگە يار بولدى، گۈل ئاچتى بەختىم.
ھە، بۈگۈن كەلمەكتە قىرىقىنچىسى،
يولىغا شېئىردىن چاچقۇ چاچ قەلبىم.

كەلمەكتە نۇرانە چىرايدا باھار،
دەۋر تومۇرىغا بولۇپ يېڭى قان.
كۈلمەكتە ئانا يۇرت - بۇ ئەزىم دىيار،
باھاردىن جىنىغا قوشۇلغاچقا جان.

كۆرىمەن باھارنى چوققا، تاغلاردا،
داللار، دەريالار، كۆللەردە باھار.
كۆرىمەن باھارنى ئېدىر، باغلاردا،
ئورمانلار، مايسىلار، گۈللەردە باھار.

باھارنىڭ باغرىدا پۈتكۈل كائىنات،
باھارنىڭ زوقىغا چۆمۈلگەن ئالەم.
بەخت ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلار شاد،
باھار قانات تاققان ھەر مەغرۇر ئادەم.

مەنمۇ شۇ بىھېساب ئادەم قاتارى
تەلمۈردۈم باھارغا، دىلدا ھۆرمىتى.
بۇ باھار — جۇڭگونىڭ ئېسىل باھارى،
بىلىمەن، ئۆزگىچە ئۇنىڭ خىسلىتى.

ئۇ كەلدى مەردانە، مەزمۇت قەدەمدە،
ئۆزىگە ئىشەنگەن غالىب پالۋاندەك؛
تاغ سۈپەت تىك تۇرغان ئەڭ ئېغىر دەمدە
ئۆز ئەقىدىسىگە سادىق ئوغلاندەك.

ئۇ كەلدى ھەر مىللەت جۇڭگو خەلقىگە
تىنچ - ئاسايىشلىق ئاتا قىلغىلى؛
ئەبەدىي چەك قويۇپ ياۋنىڭ قەستىگە،
ئىناق بىر مۇھىتنى بەرپا قىلغىلى.

ئۇ كەلدى ئۇنىڭدا كۆردى خەلقىمىز
يېڭى بىر بەختىنى، سائادىتىنى؛
ئۇ بىلەن يەنىمۇ تاپتى دەۋرىمىز
پارلاق ئىستىقبالنىڭ كاپالىتىنى.

ئۇ كەلدى، يېپيېڭى بىر باھار كەلدى،
ئالقىشلا، قۇچاقلا، باغ - باغ ئېچىپ سۆي؛
سۆيۈشنىڭ ھىدىدىن بۇلبۇل - ئانار كەلدى،
بۇ سۆيگۈ ئوتىدا يالقۇنلىنىپ كۆي!

ئەرزىيدۇ ئىشقىدا كۆيسەك شۇ قەدەر،
ئەكەلدى ئۇ يۈكسەك غايە - مەقسەتنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاققۇزۇپ ماڭلايدىن ھالال ئىسسىق تەر،
قۇرۇشقا قۇدرەتلىك، باي بىر دۆلەتنى.

ۋەتەننىڭ باھارى ـ ھېكمەتلىك باھار،
ئۇنىڭدا نامايان خەلق خىسلىتى.
ئۇ بىزگە مۇھتەرەم، قىممەتلىك باھار،
پۈتۈلگەن ئۇنىڭغا دەۋر قىسمىتى.

ئوت ئېچىپ زىمىستان قارا تۈنلەرگە،
ئەل زۇلۇم، كۈلپەتتىن بولغاندا ئازات:
مانا بۇ ھۆر زامان ـ نۇرلۇق كۈنلەرگە
خەلقىمىز «باھار» دەپ قويغان ئىدى ئات.

شىجائەت ـ غەيرىتى جۇشقۇنلاپ تاشقان
ياشلىقتا ھەر كىمنىڭ مەپتۇنلۇقى راس؛
ئەنە شۇ ياشلىقنى خەلق ھەر قاچان
بەرق ئۇرغان باھارغا قىلىدۇ تەققاس....

باھار سىڭىپ كەتكەن ھاياتىمىزغا،
ئۇ بەخت ـ غەلىبە سىمۇول ـ بەلگۈسى.
ئۇ ئىلھام ئىش ـ چېلىش، ئىجادىمىزغا،
ئۇ ئانا ۋەتەننىڭ بۈگۈن، كەلگۈسى.

شۇڭلاشقا كۈيلىسەم باھار ھەققىدە
قەلبىمدە ئۆركەشلەر شېئىر دەرياسى.
ئاز كېلەر شەنىگە كۆرمەك قەسىدە،
ئۇ جەننەت، مەن ئۇنىڭ بۇلبۇلگوياسى.

بۇ قۇتلۇق بايرامدا زور ھاياجاندا،
مەن دەيمەن: خۇش كەپسەن، مەرھابا باھار؛
ئاقكۆڭۈل ئىنسانلار پۈتكۈل جاھاندا
ياشىسۇن شاد ـ خۇرام، بولسۇن بەختىيار!

## ياشلىق

1

رومانتىك خىياللارغا باي سەن ياشلىق،
ئۇچىسەن پەرۋاز قىلىپ كۆك قەھرىگە.
كۆيىسەن چىن قەلبىڭدىن بولۇپ ئاشىق،
يەتتە قات ئاسماندىكى ھۆر ـ پەرىگە.

2

رومانتىك خىياللارغا باي سەن ياشلىق،
ئۆرلەيسەن تىك چوققىغا بولۇپ شەيدا.
كۆكسۈڭگە باساڭ ئۇنى سۆيۈپ قاتتىق،
بىر ئېسىل لەززەت سەندە بولار پەيدا.

3

رومانتىك خىياللارغا باي سەن ياشلىق،
كېزىسەن سالقىن دەريا ساھىلىنى.
ئاندىكى يۇمران ئورمان زەپ چىرايلىق،
ياتىسەن باغ ـ باغ ئېتىپ سايىسىنى.

4

رومانتىك خىياللارغا باي سەن ياشلىق،
شەكرەيسەن شارقىراتمىدىن مىسالى ئوق.
قاينامغا باش چۆكۈرسەڭ دىلدا شادلىق
ئۆرغۈيدۇ بېرىپ ساڭا ئالەمچە زوق.

5

رومانتىك خىياللارغا باي سەن ياشلىق،
ئىچىسەن چوڭ كۆللەردىن سۈمۈرۈپ سۇ.
ئاھ، بۇ سۇ شۇنچە شېرىن، شۇنچە تاتلىق،
چاڭقىغان تەشنا جاننىڭ راھىتى بۇ.

6

رومانتىك خىياللارغا باي سەن ياشلىق،
ۋە لېكىن رېئاللىقتا بەكمۇ يىراق.
شۇندىمۇ ئاشىقىڭمەن ساڭا سادىق،
مەن گويا بىر پەرۋانە، سەن بىر چىراق.

## نېمە دەيكىن كۆزۈڭنى...

مۆلدۈرلىگەن بۇلاق دەيمۇ كۆزۈڭنى،
تۈندە نۇرلۇق چىراغ دەيمۇ كۆزۈڭنى،
بىر دەققە ئەس ـ يادىمدىن كەتمەيسەن،
ئوتلۇق ئىشقى ـ پىراق دەيمۇ كۆزۈڭنى.

سۈرمە سۈرمەي شۇنچە تىنىق، قاپقارا،
بىرنىگاھىڭ قىلار باغرىم مىڭ يارا،
مۇھەببەتنىڭ ئاسمىنىدىن دىل ئارا،
چېقىپ چۈشكەن چاقماق دەيمۇ كۆزۈڭنى.

بولۇپ ئۇلار ئىلھامىمىنىڭ ۋۇلقىنى،
لاۋۇلدايدۇ ئۆرلەپ ئوتى - يالقۇنى،
ياڭرار گويا شېئىرىيەت شاۋقۇنى،
ناخشا دەيمۇ، قوشاق دەيمۇ كۆزۈڭنى.

كىرپىكلىرىڭ كۆتۈرۈلسە لەپ قىلىپ،
قارىچۇقىڭدىن جانغا ھۇزۇر نۇر ئېقىپ،
يۈرىكىمنى تېشىپ ئۆتەر قاق يېرىپ،
ئوقيا دەيمۇ، ساداق دەيمۇ كۆزۈڭنى.

ئازسا ئەقلىم ئاتا قىلىپ پاراسەت،
سۇنسا روھىم بەخش ئېتىپ جاسارەت،
شادلىقىمغا شادلىق قوشار نىھايەت،
تەقدىرىمگە ئورتاق دەيمۇ كۆزۈڭنى.

ئاي ھەم يۇلتۇز قۇياش بولۇپ ئۈستۈمدە،
جىلۋىلىنەر كۈن - تۈن كۆكسۈم - كۆڭلۈمدە،
ۋاپادارىم، پاسىۋانىم ئۆمرۈمدە
ماڭا جانان ئامراق دەيمۇ كۆزۈڭنى.

**ئەقلىم دېدى**

ئەجەب بىرھال، چاچلىرىمغا ئاق كىرگەندە،
ياشلارغا خاس شېئىرلارنى يېزىپ قالدىم.
ئىختىيارسىز سوئال قويدۇم ئۆز - ئۆزۈمگە:
بەلكى ئەقلىم تاشلاپ كېتىپ ئېزىپ قالدىم؟!
دېدى ئەقلىم: ياق ئازمىدىڭ، سەن ياشاردىڭ،
ياشلىقىڭغا يانغىنىڭنى سېزىپ قالدىڭ!

رەشىدە سەييت

# شېئىرلار

**چىقالمىدىڭ چېچەكتىن بۇرۇن**

باغ ئارىلاپ چېچەكلەرگە قارايمەن،
بىر - بىرىدىن سىن تالىشىپ ئېچىلغان.
كۆرۈنۈپتۇ چېچەكلەرنىڭ تېگىدىن
يۇمران ياپراق ئەمدىلەتىن بىخلىغان.

ھەيران بولۇپ تىكىلىمەن بىخلارغا،
سوئاللىرىم قالار ھامان دىلىمدا.
تۇرار بىخلار قاتتىق تاياق بەستىدە،
بىر ھېكمەتنى جاراڭلىتىپ تىلىمدا.

چېچەكلەرگە ئورۇن بېرىپ ياپراقلار
ئۆزى كېيىن چىقىدىكەن ئويلىسام.
مېۋىلەرنى قوغداپ تېخى بەستىدە،
ھەم دەيدىكەن كۆزدە تويىن ئوينىسام.

**تونۇر**

قۇياش بىلەن ئىركىشىدۇ بىر لاۋا،
ئۇندەش بېرىپ ئۇچقۇنلاردىن ئاسمانغا.
يېتەلىگەن ئۇ قۇياشقا قاچانمۇ،
چۈشتى ئاخىر تونۇر دېگەن قاپقانغا.

تېپىچەكلەيدۇ، يالتىرايدۇ، تۈنەيدۇ،
غالجىرلىشىپ گەزنىلەرگە يامىشار.
نەچچە يىللاپ ئوتقا كۆنۈك بىر جۈپ كۆز،
يالقۇنلارغا قاراپ - قاراپ قامىشار.

ئاق چاچلىرى پىژىلدايدۇ تولغىنىپ،
ھەر بىر ناننى قىسقۇچ بىلەن ئالغىچە.
ئوت شورايدۇ يۆكۈنگەن شۇ تىزلىرى،
قېتىپ قاقشال بولدى بېلى شۈڭگىچە.

قېرىلىقتىن گۆشى قاچقان بىلەكلەر،
كۆيۈك دېغى بىلەن پۈتۈن قاپلانغان.
شەلۋەرىگەن قورۇق باسقان يۈزلىرى،
ئاچچىق دۈتتە، قاپاقلىرى قاتلانغان.

تولدى جاۋەن ئاپئاق نانغا لىقمۇ - لىق،
مادارىدىن كەتتى ئانا ھېرىقىپ.
ئىس ئازابى نەپەسلەرگە ھۆكۈمران،
تۇرۇپ - تۇرۇپ يۆتىلىدۇ تېلىقىپ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

تاللاپ يېيدى يۇمشاق ناننى بالىلىرى،
قالدى كۆمەچ چىشى يوق شۇ ئانىغا.
بەزى تېخى قاتتىق-قۇرۇق ناننى دەپ،
قالدى ھەتتا تۈمەنلىگەن تاپىنغا.

### يىللار ئالدىدا

قارايمەن ئەسىرلەر دېرىزىسىدىن،
يىللار دەرياسى ئاقىدىكەن تېز.
سۆيۈپ قىرغاقنى ھەر بىر ھاياتلىق،
تارىخ سەھىپىسىدە قالدۇرىدىكەن ئىز.

شۇ دەريا ئىچىدە مەنمۇ بىر تامچە،
شاۋقۇنلار كۆلكەندۇر، ئېقىۋاتىمەن.
مېھنەتتە ياشاي دەپ تامچىلار بىلەن،
ئۆزۈمنى دولقۇنغا ئېتىۋاتىمەن.

### تاغ

كۆز تىككەن يىراقلاردىن، گۈزەل تاغ
بەستلىك تۇرار گىرىمسەن بوپ ئالدىمدا.
قىياس قىلسام گىرەلىشىپ يىلتىزلار
ياشايدىكەن سېنىڭ ئىللىق باغرىڭدا.

قارىغايلىرىڭ يېرىپ بۇلۇت كۆكسىنى،
قار بورانغا بولۇپ قاپتۇ قەدىناس.
بۇ ئۇلۇغلۇق ئانا يەردىن سىڭگەنمۇ؟
ۋۇجۇدۇڭغا بولۇپ ئۇدۇم يامىراش.

### يامغۇر

ئويغىتىپتۇ خىيالىمنى رىتىملىك،
رۇجەكلەرنى چېكىپ ئۆتەر قەدىمىڭ.
تەسەۋۋۇرۇم كېتەر ساڭا ئەگىشىپ،
يېتەر ئۇندىن ماڭا چەككەن ئەلىمىڭ.

گۈل لېۋىگە قوناي دېگەن ئۈمىدتە
چۈشتۈڭ، بىراق بەرگىلەرنى تۈزۈتتۈڭ.
ھەسرەتلەنمەي گۈل كۆيىگە قۇلاق سال،
سەن گۈللەرنىڭ ۋىسالىنى يورۇتتۇڭ.

### ئارمان

كىرزىلىرىمنى چىرماپ ئەجەل تۇمانى،
ھايات ئىشقى غۇۋالاشسا دىلىمدا؛
كۆرۈنسىمۇ يالغۇز قەبرەم مىلك بولۇپ،
مۇنداق بىر سۆز جاراڭلايدۇ تىلىمدا:

نادانلىقتا بېزەپتىمەن ئۆمرۈمنى،
ھايات قەدرى ئۆتتى ئەمدى چېنىمدىن.
تۆكمىتىڭلار بۇ ئىللەتنى بالىلىرىم،
جىسمىڭلارغا سىڭگەن بولسا قېنىمدىن.

### ئۈمىد

قارا باسسا بەزى كېچە شام چىراغ
ھەمراھ بولۇپ پىلدىرلايدۇ يېنىمدا.
بىراق ھايات قەھرىڭدىن بەك قورقىمەن،
ئۈمىدسىزلىك باسماقدىغان چېغىمدا.

دېسەم دېدى: ئۇنۇتتۇڭمۇ غورۇرنى،
يالتىراتقىن ئۇنى قەلبىڭ ئۆيىدە.
تىرىلدۈرەر سېنى قايتا تۇغۇپ ئۇ،
ئارمان بىلەن تولغان ھايات كۆيىدە.

### تاڭ

ئاي ئۈزىنى ئالدى ئاران دالدىغا،
يۇلتۇزلار كۆز قۇيرۇقى زېمىندا.
بۇلۇتلاردىن مارىلايدۇ بىر تال چوغ،
نۇرلىرىنى چېچىپ ھايات بېغىغا.

چىلىشمۇ ئاخىرلىشىپ خورازنىڭ
باش كۆتەرمەي بولۇپ كەتتى دان بىلەن.
يېشىل دالا، نوتىلاردا مېۋىلەر
باقار ھايات كوچىسىغا شان بىلەن.

ئەرشىدىن تاتلىق

## ئىسسىقكۆل

ئىسسىقكۆل، مېھرىڭ ئىللىق، نامىڭ مەشھۇر،
سەن كېلىسەن ئارتتا قويۇپ زامانلارنى.
يارالغاندىن تارتىپ بۈيۈك ئۇماق - كۆركەم
جەلىپ قىلىسەن ھەممەجانلىق، ئىنسانلارنى.

سېنى كۆرۈش ئارزۇسى ئۇسۇپ مەندە،
ئېشىپ كەلدىم يىراقتىن تاغ - داۋانلارنى،
ساڭا ئۆتەر يولنىڭ بويى كۆرۈپ ئۆتتۈم،
توقماق بىلەن بالاساغۇن ئاستانىلارنى.①

قەدىمىي يۇرت تۇپرىقىنى سۆيۈپ ئۆتتۈم،
ئەسلەپ ئۆتكەن «يۇلتۇز»لارنى، بوستانلارنى،
بىرزامانلار مەھمۇت ئەللام② كېزىپ ئۆتكەن
ئەل ئارىلاپ پۈتمەك بولۇپ دىۋانلارنى،

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، فارابىيلار يادىكار قىلىپ،
قىرغاق بويلاپ قالدۇرغان ئىز - داستانلارنى.
ئۇزۇلدۇرمەي سېنى يوقلاپ كەلگەنلەرگە
قۇچاق ئاچىنىڭ، كۆتتۈڭ قەدەم باسقانلارنى.

كۆرۈندۈڭسەن زۇمرەتتەك جۇلالىنىپ،
رەڭگىڭ سۈزۈك، ئەسلىتىدۇ ئوكيانلارنى.
شارقىرايسەن، ئۆركەشلەيسەن ئۆرلەپ شۇڭغۇپ،
تىلىڭ يالار قىرغاقتا قۇم - بارخانلارنى.

بەتلىرىڭدە جەمەرلايدۇ بۈيۈك تارىخ،
قۇرلىرىدىن كۆردۈم ھەيۋەت تۇغيانلارنى،
چايقىلىسەن، چاپچىپ كېلىپ ئېغىنايسەن.
شاۋقۇنلۇرۇڭ ئەسكە سالار بورانلارنى.

باھار چېغى سەن تولىسەن گۈزەللىككە،
ئەسلىتىسەن كەۋسەر كۆلى پونتانلارنى.
كۆز چاقنىتىپ ۋىلىلدايسەن گىرىمسەندەك
سۇ پەرىسى دېگۈزىسەن چولپانلارنى.

كۈندۈزى كۆرسە قۇياش نۇرى ئۆز ئەكسىنى،
تۈندە قويسەن تەئەججۇپتە ئاسمانلارنى.
باسالمايدۇ ھەسرىتىنى، ئۆز رەشكىنى،
بۇلۇتلاردىن يۈزىگە سالار روماللارنى.

باغچە - قىرغاق، ئايۋان - ساراي تولۇپ تاشقان،
كۆردۈم سەندە بەزمە - مەشرەپ قورغانلارنى.
سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن دىماغلارغا
چۈغلۇقلارنىڭ خۇش بۇي ھىدىن قۇيغانلارنى.

خەير خوش! — دېدىم، كۆڭلۈم قىيماي كۆلۈپ تۇرۇپ،
باسالماستىن يۈرەك ئويناپ ئۇرغانلارنى.
خادا تاشتەك يوپۇرۇلۇپ ئۆرلەپ كۆككە،
— ساڭا يوللۇق، دېدى چاچقۇن مارجانلارنى.

1989 - يىل، ئىسسىقكۆل، فرۇنزى

---

① بالا ساغۇن خارابىسى — ئىسسىقكۆلگە بارىدىغان يولدىكى توقماق شەھىرىنىڭ 24 كىلومېتىر شەرقى جەنۇبىغا كېلىدىغان جايدا ئىكەن.

② ئەللام — ئەللامە، ئالىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئارسلان

## مۇھەببەت لىرىكىلىرى

### راست مېنى سۆيمىسەڭ جانان ...

راست مېنى سۆيمىسەڭ نېمىشقا جانان،
ئوقۇيسەن شېئىرىمنى سەن ناخشا قىلىپ.
شېئىرىمنىڭ سۆيگۈ ۋە ھىجران ساداسى
تىترەركەن سەن ئېيتساڭ دىلغا دەردسىلىپ.
جان ئىكەن سېھىرلىك ئۈنىڭ ناخشىغا،
يىغلايدۇ يۈرەكنىڭ زىلتارى گويا.
كۆزىڭدە تەشنالىق، ئېيتمايسەن، بەلكىم
مۇھەببەت شۇنداق بىر تىلسىمات دۇنيا.

### يەنە بىر ئېيتقىنا ئاشۇ ناخشاڭنى

يەنە بىر ئېيتقىنا ئاشۇ ناخشاڭنى،
ئەي دوستۇم، گىتارنى سەن چېلىپ لەرزان.
ئېسىمگە چۈشۈرسۇن ئاشۇ ئاخشامنى،
كۆرۈنسۇن توقايلىق، ئاي ـ جامال جانان.
كۆمۈش تار ئەسلەتتى دەريانى چاقناپ،
ئاھاڭىڭ مۇڭ تۆكتى دەريادەك ئاققان.
شۇ جايدا ئېيتاتتى يار شۇ ناخشىنى،
ئاۋازىڭ قوزغاتتى قەلبىمدە پىغان.
ناخشاڭغا سىڭگىنى ئاشۇ كۆرۈنۈش،
ئۇ تۈنجى سۆيگۈمىز، توقۇغان داستان.
شۇ جايدا تونۇتقان سۆيگۈنى تەقدىر،
شۇ رۇس قىز نەلەردە بولغاندۇ خازان؟
يەنە بىر ئېيتقىنا ئاشۇ ناخشاڭنى
ئەي دوستۇم، سەن چېلىپ گىتارنى ـ لەرزان.
ئېسىمگە چۈشۈرسۇن ئاشۇ ئاخشامنى،
كۆرۈنۈپ كۆي ئوقۇپ، ياش تۆكۈپ جانان.

### ئاپئاق قىز

پەلەمپەي ئۈستىدە ئۇچرىدىڭ ئاق قىز،
ئۇچرىدى ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتە.
قاردىن ئاق، نۇردىنمۇ سۈزۈك ئىكەنسەن،
تۇغقانمۇ ياكى ئاي سېنى ئەرشتە؟
مەن ئويغاق چۈش كۆردۈم دەپ گۇمان قىلدىم،
گۈزەللىك سۈرىتى بولامدۇ مۇنچە؟!
چۈشۈمدەك سەن مېڭىپ كەلدىڭ ئالدىمغا.
گۈزەللىك جانىمۇ قىينامدۇ شۇنچە؟
كۆزىمىز ئۇچراشتى، يەرگە قاردىم،
ھوشۇمۇ، پىكرىممۇ بولدى مالىمان.
كەلدىممۇ ئەۋرىشىم سەرۋى يېنىغا؟
سۇمبۇلدەك چاچلىرىڭ پۈردى رەيھان.
قاپقارا كۆزىڭدىكى ئۇچقۇنلار گويا
قاراڭغۇ تۈندىكى يۇلتۇزلار ئويغاق
جەننەتنىڭ نۇرىمۇ، دوزاخ ئوتىمۇ،
ئېيتچۇ شۇ يۇلتۇزلار جىلۋىسى ئويناق.
مەسۇم ھەم مۇلايىم مۇڭلۇق قەددىڭگە
تەلپۈندۈم خىيالدەك ئەي ساھىبقىران.
ئالتۇنغا بەرگۈسىز پەيت بېرىپ ماڭا،
تەبەسسۇم ئەيلىدىڭ، ئېرىدى بۇ جان.
تەبەسسۇم ئەيلىدىڭ، كۆڭلۈم ئاسمىنى
يورىدى چېقىلىپ بىر چاقماق گويا.
ۋە لېكىن شۇ چاقماق ئۇچۇپلا باستى
ئەقلىمنى تېخىمۇ قاراڭغۇ دۇنيا.
كۆزۈمگە مۆجىزە كۆرسىتىپ ئۆتتۈڭ،
نازۇك ھېس، جىلۋىلەر قالدى يادىمدا.
سۇ قۇيۇپ بېرەلمەس ھاپىز ماختىغان
شىرازى قىزلىرى تۇرۇپ ئالدىڭدا.
ئارقاڭدىن كۆز ياشلىق باقتىم، بىلمەسەن
يۈرىكىم نېمە دەپ ئىڭراپ تۆكتى دەرت؟!
بۇ سۆيگۈ گۈزەل بىر چۈشۈمدۇر بەلكى،
سەن ئارمان، سەن بەلكى غەم ـ قايغۇ ئەبەد.

### خۇمار كۆزلىرىڭ

پەرىنىڭ كۆزىنى كۆرگىنىمىز يوق،
ئادەمسام يازدىكى يۇلتۇزىمىش گويا.
ئاشىقلار جېنىغا بولارمىش ئاپەت،
قارىچۇقى قاپقارا قۇندۇزىمىش گويا.
ئويناقمىش ئاھۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۆپ،
ئۆرتەرمىش يالقۇنى جاننىلا مەخسۇس.
بۇلاقتەك چاقنارمىش مۆلدۈرلىگەندە،
ئەيلەرمىش تىلسىملىق جىلۋىدە مەسخۇش.
لېكىن، يار سىغدۇرغان ئويچان كۆزلىرىڭ
بىر ئەقىل دۇنياسىنى ئۆزىگە گويا.
ئىزھارلار سۆيگۈنىڭ چەكسىزلىكىنى
سىڭدۈرۈپ ئاۋازسىز سۆزىگە گويا.
بىر ھېسسىيات دۇنياسى ياتاردۇ كۆنۈپ،
نازاكەت، جەزبە، مېھىر نامايان.
بۇلبۇلچە ئاددىلىق، گۈلچە ساددىلىق،
بالىچە تارتىنىش، خىيالەت ئايان.
خۇمارلىق ئادىمى تەبەسسۇم بىلەن
قارايدۇ كىرپىكلەر بوستانى ئارا.
مۇلايىم خۇلۇق، ناز ۋە نازۇك غۇرۇر
تىترىگەن چاغدا ياش ياسايدۇ دەريا.
شېئىرغا نۇر بەرگەن چاقناشلىرىدا
ئىلھاملار چاقمىقىنىڭ چېقىشلىرى بار.
دەم غەمكىن، دەم مەغرۇر قاراشلىرىدا
لىروسىنىڭ شائىرغا بېغىشلىرى بار.

### ھۆركىرەر پۈتمەس ئاستىدا دەريا

دېرىزە ئالدىدا تۇردۇق يانمۇ-يان،
ھۆركىرەر پۈتمەس ئاستىدا دەريا.
ئۆتمەكتە ئۇچۇپ كەلگەن خۇاڭخېدىن پويىز،
دولقۇندىن تاغ ياسار قايىنغان دۇنيا.
ئاققۇزار كۆرسەتمەي ئالتۇننى لاي سۇ،
تۇتاشقان دەريانىڭ چېتى ئوپۇققا.
بۇ سۆيگۈ تەقدىرى دۇغلۇق لاي سۇدەك،
ئورمانلار ئورالغان مانان يوپۇققا.
ئىككىمىز قارىشىپ قويۇمىز جىمجىت،
تۈيغۇلار ئىلكىدە مەن مەس، پەرىشان.
ئىزھارلاپ ئەركەكلىك قەلب مۇڭىنى
ئاغزىمدىن چىقماي سۆز، چىقار بوش پىغان.
ئەقلىمنى سەن تارتىپ ئالدىڭ تامامەن،
قارىساڭ مەجنۇندەك بولىمەن گاراڭ.
كۆڭلۈمدە ئېھتىماق تەس سىر بار، قايغۇ بار،
كېچىنىڭ قوينىدا بولغىنىدەك تاڭ.
چۈشۈمدە كۆپ كۆرگەچ تونۇش چىرايىڭ،
كىرپىكىڭ بوستان، چوڭ كۆزلىرىڭ بۇلاق.
چۈشۈمدە مەستانە بولغانىمەن ساڭا،
سېھىرلەر قىلاركەن مەڭزىڭدە زىناق.
ئاقىلىقىڭ ئايدىڭنى، ئايىنى ئەسلەتتى،
ئايدىڭدا تېپىشقىلى بولارمۇ ئىمكان.
ئاھ، ئورمان ئۈستىگە ئۆرلەپ چىقتى ئاي،
ياندۇردى ئىچ سىرىڭ كۆزۈڭدە گۈلخان.
ۋۇجۇدۇم قېتىپلا قالدى ھەيكەلدەك
ۋە كىردى قارىچۇقۇڭ ئىچىگە شۇئان.
ئارقامدىن ئەگىشىپ كىردى تولۇنئاي،
شۇ يەردىن باشلاندى يېڭى بىر ئاسمان...
دېرىزە ئالدىدا تۇردۇق يانمۇ-يان،
ھۆركىرەر پۈتمەس ئاستىدا دەريا.
كۆزلەردە چاقنايدۇ دولقۇن سۈرىتى،
ۋە ياشلىق چۈشىدىن يۈز ئاچقان دۇنيا.

### كەچكى شەپەق گۈگۈمگە ئوت ياقماقتا

كەچكى شەپەق گۈگۈمگە ئوت ياقماقتا،
باغچە كۆلى قان رەڭدە جىم ياتماقتا.
يار، جامالىڭ چاقناپ، دىلىم تەكتىگە
كۈن پاتقاندەك ئاستا چۆكۈپ پاتماقتا.
ئايرىلىشنىڭ ئۆزى قايغۇ ۋە لېكىن
قاخشىمىدى جېنىم ھېچبىر ئازابتا.
مۆكتى يەرگە كۈن، دىلىمغا جامالىڭ،
يەرمۇ، دىلىمىز سۆيگۈ بىلەن يانماقتا.

### ساڭا خەت يازمىسام بولغانىكەن يار

ساڭا خەت يازمىسام بولغانىكەن يار،
ئۇۋۇپلا يۈرىكىڭ بولۇپتۇ بىمار.

چىرايىم كۆزۈڭگە كۆرۈنگەنمۇ كۆپ،
دەپسەنمىش: «ئەمدى خەت يازمىسۇن زىنھار.»

ساڭا خەت يازمىسام بولغانىكەن يار،
ئاغرىشىڭ ئاغرىقىمغا قوشتى ئازاب-زار.
يازمىسام بىزنى چۆش قىيناركەن ئەجەپ،
يازسام‌لا يېڭى ئوت جانغا قول سوزار...

## قىز ۋە ئەتىرگۈل

ياپراقلىرىڭ پەرىشتىنىڭ كۆڭلىكىمۇ،
پورەكلىرىڭ مەڭزىمۇ يا لەۋلىرىمۇ؟
ئېيت، ئەتىرگۈل ئەيىنكىمۇ سۈزۈك تاڭلار،
چاچقانلىرىڭ خۇشبۇي جەننەت ئەنبەرىمۇ!؟

بۇلبۇل ساڭا نېمىلەرنى شىۋىرلىدى،
شاخ-شاخلىرىڭ تەۋرىشىدە نېمە سىر بار؟
سابا بەلكى كۆز يېشىڭنى ئوغرىلىدى،
خىجىللىقمۇ، دەردمۇ قىلغان سېنى رەڭدار؟!

قىزارتتىڭمۇ كۆزلىرىڭنى كۆپ ئۇۋۇلاپ،
ئېيت، گۈللەرنىڭ سىرىنىمۇ باقاي تىڭلاپ،
يەڭلىمىغىن توزىدى دەپ پورەكلەرنى،
ئېچىلىدۇ يەنە كېلەر يىل غۇنچىلاپ...

دېگەنىدە قىز بەردى جاۋاب ئەتىرگۈلمۇ،
چۈشلىرىنى، خىيالىنى ئەيلەپ بايان:
ئاغرىدىمۇ ئىچىڭ تېخى ياز كەلمەيلا،
چېچەكلىرىم بولسا خازان، چەكسەم پىغان.

شادلىق يېشىڭ شەبنەمىمگە قوشۇلغاندا،
يېگىت بىلەن تىترىگىنىڭ كۆز ئالدىمدا.
مەنمۇ ساڭا ئىچ ئاغرىتقان گۈل چىراي قىز،
زىننەتتىمەنى بىرى بۇزغان شۇ ئايدىڭدا.

مەنمۇ بۇلبۇل ناخشىسىدىن بولغانتىم مەست،
يىرتىلدى شۇ مەستلىكلەردە غۇنچىلىرىم.
توزدى ئۆمرى پورەكلەرنىڭ بىردەمدىلا،
چۈشتى تۇپراق چاڭغا ھەسرەت ئۈنچىلىرىم.

كېلەر يىلغۇ غۇنچىلايمەن، پورەكلەيمەن،
باشقا غۇنچە، باشقا پورەك ئۇلار بىراق.
باللىرىڭ ياشلىقىغۇ كېلەر كېيىن،
ئۆز ياشلىقىڭ توزىسا قايتماس، قالار يىراق.

## سادىيجامال

سەن كۆزلەرگە زوق بەرگىلى تۇغۇلغانمىدىڭ،
بۇ دۇنيانى بېزىگىلى يا بولۇپ زىننەت؟
سەن جانلارغا ئوت ياققىلى تۇغۇلغانمىدىڭ،
ھاياجان ۋە سېھىرىڭ بىلەن قوزغاپ
مۇھەببەت؟
بۇلبۇلگويا تەشنا ياڭراق كۈلكىلىرىڭگە،
كاككۇك ئاشىق ناخشاڭدىكى سىرلىق پىغانغا.
ئاھۇ ھەيران ئۈركۈپ قىيا قاراشلىرىڭدىن،
كىيىك مەپتۇن مېڭىشلىرىڭ نازغا تولغانغا.
سۆيگۈ، راھەت كۆرگىلىلا تۇغۇلغانمىدىڭ؟
يولسىيالماس دەيمەن ساڭا جاپا ئەلچىسى.
ئېيتچۇ، يوقتۇر پەرىزاتتىن ئۈنچە كۆپ
پەرقىڭ،
ئەل ماختىشى شۇ ھېكمەتنىڭ بەلكى بەلگىسى.
شائىرلارنىڭ كۆيلىگىنى سېنىڭدەك قىزغۇ،
گۈزەل چۈشلەر ۋادىسىدا تەمتىرەپ يۈرۈپ،
سەن زوھرەمۇ، تاتيانامۇ، روللىرمۇ ياكى؟
قانداق يۈرەك كەچمىشىڭنى سۆزلىمەس كۆيۈپ،
ئۇلار سېنى قەيەرلەردە كۆرگەن بولغىيدى،
تەڭرىتاغدا، ۋولگىدىمۇ، شوتلاندىيەدە؟
مانان باسقان بېرلىندىمۇ، گۈللۈك پارىژدا،
ۋاشىنگتون؟
يا مەككىدە-مۇقەددەس يەردە؟
ھەممە تىلدا سۆزلەر ئىكەن قەلبىڭ،
كۆزلىرىڭ،
ئىنسان تىلى تېگىدىن بىر تىلدۇر ئېھتىمال.
كۆرەلىدى سېنى بارچە تالانتلىق شائىر،
ئوڭى، چۈشى، خىيالىدا قىلىشىپ ئامال.
شۇڭا تالاي ئەسەرلەردە قالدى ئوبرازىڭ
قۇر، مىسرالار گۈلزارىنى يۈرەر ئايلىنىپ.

بەلكى ئۇلار ئالتۇن سازدا مەست قىلغان سىنى،
بىلمىگەنسەن قالغىنىڭنى قانداق باغلىنىپ؟
ئاھ، بەرسىدى مىسرالىرىم ھۇرلۇكنى ساڭا،
سىھىرىگەرلىك ئەپسۇننى ئىلھامىم يىشىپ.
تىترەرمىدى نۇر سۆيگەندە ئاژۇك يۇرىكىڭ،

ماڭارمىدۇق مۇھەببەتتىن بىر دۇنيا ئىچىپ؟
چىدالارمۇ شۇ ئامەتنى كۆتۈرۈشكە جان؟
كۆرمىگەندۇ بەلكىم ھىچكىم بۇنچە ھاياجان؟
تىگىدىن بىر ئىنسانلاردا تەلپۈنۈش بەلكى
ئايرىمىسۇن گۈزەللىكنى، ئەركىتىن جاھان.

غوپۇر رەخىم

## ئانىلارنى تۆرگە ئالايلى

ئانىلارنى تۆرگە ئالايلى،
ئىللىق چىراي، كەڭ قۇچاق ئىچىپ.
ئاستىغا تىز كۆرپە سالايلى
مىھرىمىزدىن خۇش ئىپار چىچىپ.
نەگە دىسە ئىلىپ بارايلى
ھاپاش ئىتىپ كۆتۈرۈپ يۈرۈپ.
قاغىش ئەمەس، دۇئا ئالايلى،
مەن بەك رازى، دىگىچە كۆتۈپ.
قانچە قىلساق تۈگىمەس ئەجرى،
ئىگىز تاغنى بەرسەكمۇ يۆتكەپ.
ئانىسىغا يوق ئىكەن مىھرى
دىگەن سۆزنى ئاڭلىماق سەت گەپ.
شەپقىتىنى تۈگىتەلمەيمىز
دەريالارنى كەلسەكمۇ بۇراپ.
قەرزىمىزنى تۈگىتەلمەيمىز
گۈل-چىچەككە قويساقمۇ ئوراپ.
ئاق سۈتىنى قايتۇرالمايمىز
ھەر كۈنلۈكى بەرسەكمۇ شەربەت.

ھىممىتىنى ياندۇرالمايمىز
قىزچاق-قۇچاق تۆكسەكمۇ نىمەت.
چۈنكى بىزنىڭ ئۇشبۇ جىسمىمىز
ئانىمىزنىڭ تىنى ئەمەسمۇ؟!
سۆزلەۋاتقان، قۇللىنىۋاتقان
ئانىمىزنىڭ تىلى ئەمەسمۇ؟!
ئانىلارنىڭ نۇرلۇق چىھرىگە
قۇياش ھۆسنى كىبلەلمەيدۇ تەڭ:
ئانىلارنىڭ باغرى-قۇچىقى
دىڭىز تۈگۈل ئالەمدىنمۇ كەڭ.
ئانىلارنىڭ ئاقاردى چىچى
كىچە-كۈندۈز غىمىمىزنى يەپ.
ئاقتى ھەتتا ئۇنىڭ كۆز يىشى،
جاپا چەكتى ئاپئاق قوزام دەپ.
شۇڭا تاغدەك ئۆرلىسەكمۇ بىز
ئانىلارنى تۆرگە ئالايلى.
يەتكەندىمۇ كۆككە بىشىمىز،
ئانىلاردىن پەستە تۇرايلى.

تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم

## ئاچچىق كۆلكىلەر

### ۋەيرانى

پىكىر قىلاي ئاڭلاڭ، ئەي يارانلارنىڭ يارانى،
توقۇمۇدۇم بۇ راستىن بولغان ئىشنىڭ بايانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەخەللۇسقا ئۆزلۈگىدەك كۆيگەنمىكىن بەزىلەر،
قاپلار تەھرىر بۆلۈمنى تەخەللۇسلار بورانى.

كېلىپ قالدى بىر ئەسەر بۇگۈن يېڭى ئاپتوردىن،
يېزىلىپتۇ ئىسمى دەپ «غالىب ئەمەت ھەيرانى.»

تەھرىرلىدىم ئەسەرنى، باش مۇھەررىر كۆردى ھەم،
تېزدى ئۇنى نابورچىلىك جانانلارنىڭ جانانى.

ئۇلتۇراتتىم ئەتىسى يېڭى ئەسەر تەھرىرلەپ،
كىرىپ كەلدى بىر ئادەم، كەتكەن گويا دەرمانى.

قولىدىكى گېزىتنى يايدى شۇئان ئالدىمغا،
دېدى: قاراڭ بۇنىڭغا، تەھرىرلەرنىڭ ئوبدانى!

نەزەر سالدىم، «ھەيرانى» دېگەن مۇشۇ تەخەللۇس
بېسىلىپتۇ دەپ خاتا «غالىب ئەمەت ۋەيرانى.»

ئۇلتۇرۇپلا قاپتىمەن، سۆزلەپ كەتتى ئۇ كىشى،
ئىشخانىنى بىر ئالدى نارازىلىق تۇمانى.

دەيتتى قايناپ: ئىسمىمنى بېسىپسىلەر ئۆزگەرتىپ،
ئېيتىڭ قېنى، بولدۇممۇ سەۋەنلىكنىڭ قۇربانى؟!

ئاسان ئىش يوق، گېزىتكە بېرىلگەن ئەمدى تۈزىتىش،
بۇ دەردىمگە باشقىدىن تاپالمايمەن دەۋانى!

شۇنداق دەپلا ماڭدى ئۇ باش مۇھەررىر قېشىغا،
تەنقىد كۈتۈپ ئولتۇردۇم ماكان ئەيلەپ ساپانى.

بىرسى دەيدۇ «چوقانى»، بىرسى دەيدۇ «ئارمانى»،
بىرسى دېسە «خەندانى»، بىرسى دەيدۇ پالانى...

ئۆز ئىسمىنى قوللانسا يەتمەمدىكىن، بىلمىدىم،
ئىشلەتمىسە تەخەللۇس چىقمامدىكىن پۇغانى؟!

كۆپ مۇھەممۇ، قاپاقمۇ؟

١

كىردى، قوشنامنىڭ ئايالى ھويلىغا كۆڭلى يېرىم،
خۇش پۇراققا تولدى ھويلام قىلغاچقا ئۇ خېلى گىرىم.

مەرھەمەت ئۆيگە، دېسەم، ماڭدى ئۇدۇل تام تۈۋىگە،
توختىدى كۆپ ئالدىدا، ئېيتتى: ئىست، تۆككەن تېرىم!

Altun0q

مەن ئاڭا ھەيران بولۇپ باردىم قېشىغا ئالدىراپ،
ئېيتتى كۆپنى كۆرسىتىپ: بىزنىڭ قاپاق، ئاھ... جىگىرىم!

كۆپ ئىچىگە بىر قاراپ يەتتىمكى ئىشنىڭ تەكتىگە،
تەگدى قوشنامنىڭ جىنىغا شۇ ھامان كۈلگەنلىرىم.

قوشنىمىز ھويلىسىغا تىككەن ئىكەن كاۋا-قاپاق،
شۇ قاپاقنىڭ پېلىكى بەكمۇ ئۆسۈپتۇ بىجىرىم.

ئارتىلىپتۇ بىر پېلەك تامدىن كى بىزنىڭ ھويلىغا،
ئۆسكىلى ياردەم بېرىپتۇ كۆتۈرۈپ بىزنىڭ جىرىم.

بار ئىدى تام تۈۋىدە ئىشلەتمىگەن بىر يېڭى كۆپ،
ئاغزىنى ئوچۇقلا قويغانلىقىمۇ سەۋەن-يېغىرىم؟!

كۆپ ئىچىگە نەق كىرىپتۇ شۇ قاپاقنىڭ پېلىكى،
پاھ، چوشۇپتۇ كۆپ ئىچىدە چوڭ قاپاقمۇ، ياپىرىم!

كۆپنى چاقماقچى بولۇپ قوشنام ئايالى ئالدى تاش،
مەن دېدىم: ھاي، توختىڭا، چۈشكەنمۇ سىزگە ئېغىرىم

ئۇ دېدى: كۆپنىڭ ئىچىدە تۇرغىنى بىزنىڭ قاپاق،
ئېيتىڭا، بولسا بولامتى بۇ قاپاق سىزگە كىرىم؟!

مەن دېدىم: ئۇنداقتا ئالغايسىز قاپاقنى پارچىلاپ،
كۆپ مېنىڭ، تاش ھەم مېنىڭ، كۆپ تۇرغىنى مېنىڭ يېرىم!»

قىلدى كاجلىق ئۇ، لېكىن بوش كەلمىگەچ مەنمۇ شۇ چاغ،
تېز چىقىپ كەتتى دېگەچ: كەلسۇن قېنى ئۆيگە ئېرىم!

كەلسە ئېرى، ئىككىسى كۆپنى چاقارمۇ ۋاي ئىست،
دوستلىرىم، قانداق قىلاي، شۇ كۆپتا قالدى كۆز قىرىم...

### بىر فوتو سۈرەتچىگە باھا

بوينىڭىزغا ئاپپاراتىنى ئۈچنى ئاسقان ئۆزىڭىز،
مەيلىنى تارتقاي خېرىدارنىڭ چىرايلىق سۆزىڭىز.

قوستىڭىز ئالدىمنى يوندا ئاپپارات تەڭلەپ كۈلۈپ،
ئېيتتىڭىز: تارتاي سۈرەت، تېز ياقىڭىزنى تۈزىڭىز،

مەن دېدىم: تارتىپ قويۇڭ ئۇنداقتا ئۆلچەملىك سۈرەت،
ئېيتتىڭىز: ئۇنداقتا كۈلمەڭ، ياقىڭىزنى تۈزىڭىز...

قويسىڭىز قانداق تەلەپ، شۇنداق تۇرۇپ بەردىم كۈندۈپ،
مېنى شۇنچە چۆرگىلەپ كۆپ يەرگە چۈشتى ئىزىڭىز.

ئەتىسى كەلدىم، سۈرەتنى بەردىڭىز ماختاپ ماڭا،
ئېيتتىڭىز: پاھ، ئۆز چىقىپتۇ قاشۇ - چاچ، قۇندۇزىڭىز!

مەن شۇئان ئېيتسام: چىقىپ قاپتۇ بېشىم بەكمۇ كىچىك،
ئېيتتىڭىز قايناپ: كىچىككەن ئەسلىدە باش - يۈزىڭىز ...

ئەي سۈرەتچى، باش - كۆزۈمنى سىز كۆرەلمەيسىز تولۇق،
ئەسلىدە كىچىك ئىكەن سۈرەتنى تارتقان كۆزىڭىز!

ئۆمەرجان نىيازى

## دىلبەر

سېنىڭ ئىشقىڭدا چېلىپ تەمبۇر بىلەك تالمىدى، دىلبەر
سېنى كۆرمەككە مىنىڭ تەشنا تاقەت قالمىدى، دىلبەر.

تەقەززا بولۇپ دىلكەش، يولۇڭغا تەلمۈرۈپ ھەردەم،
گويا بۇلبۇل ناۋا قىلسام قۇلاق سالمىدى دىلبەر.

ۋۇجۇدۇم كۆيەر ئوتتا، كۆيۈپ كۈل بولغانغا مىنىڭ رازى،
مېنىڭ مىسكىن شۇ ھالىمنى نەزەرگە ئالمىدى دىلبەر.

نە كۈندۈز كۆرمىدىم لەززەت، نە تۈنلەر ئۇيقۇدىن خالى،
تالاي لەۋ قىلمىدى مەپتۇن، سېنىڭ لەۋزىڭ بالمىدى، دىلبەر.

بۇ كۆكۈل بوستانىدا بىر گۈل، خۇش پۇراق لالە دېسەم،
رەقىبىم ئۈزدى غۇنچەڭنى، يۈرەگىم قانمىدى، دىلبەر.

نەمەت ناسىرى

## رۇبائىلار

ياشلىقتا ئۆتكەنكىن، ئۈزۈپ چىققىن ئوت،
ۋە لېكىن كەمتەر بول قۇچقانسېرى قۇت.
بىلگىنىم تېخى ئاز، دېگەن ئۇلۇغ سۆز،
ئۇنۇتما بۇ سۆزنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت.

* *

باتۇرلار جەڭگاھتا تۆكسە قېنىنى،
قاچاقلار پەش تارتتى ئاياپ جېنىنى،
شېھىتلەر قېنىدىن كەلدى بىر سوئال،
قانداقچە يېگەنسەن ئەلنىڭ نېنىنى؟!

* *

دېڭىزدا ئۈزگەندە دولقۇنلار يېرىپ،
قالمىدۇق سەپەردىن ھەرگىزمۇ ھېرىپ،
ئەجىر قىپ شان - شەرەپ قازانغاندا بىز،
بېلى بوش نامەرتلەر مات بولدى چېنىپ.



پەرھات تۇرسۇن

# مۇزلىغان دېرىزە

(پوۋېست)

## مۇقەددىمە



ھەممە ئەتراپ دېرىزە، مۇزدەك سوۋۇق. قانسىز چىرايدەك ئازابلىق، بوۋايلارنىڭ كۆزلىرىدەك خۇنۇك، نۇرسىز.

ئۇ ئەتراپىدىكى دېرىزىلەرگە سىقىلىش ئىچىدە قارايتتى.

دېرىزە ئەسلىدە سىرتنى كۆرۈش ئۈچۈن قويۇلغان نەرسە، بىراق بۇ دېرىزىلەر بولسا سىرتنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ياسالغاندەك قىلاتتى. دېرىزىلەرنى قېلىن مۇز تۇتۇپ كەتكەن بولۇپ، سىرتنى زادىلا كۆرگىلى بولمايتتى. بىراق ئۇ، مەن سىرتنى كۆرۈۋاتىمەن، دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ سىرتنى

«ئالتۇن چاچ مۇكاپاتى» غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

كۆرەلمەي قېلىۋاتقىنىنى، ئۆزىنىڭ كۆرۈۋاتقانلىرىنىڭ دېرىزە ئەينىكىدە پەيدا بولغان كۆكۈچ مۇز

ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يېڭى-يېڭى مەنزىرىلەرنى پەيدا قىلىۋاتقان ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە خىيالىي ۋە ئەپسانىلاردەك گۈزەل مەنزىرىلىرى ئارقىلىق قاتتىق ھاياجانغا سېلىۋاتقان نەرسىنىڭ پەقەت ئۆزىنىڭ غەيرىي نورمال تۈسكە كىرگەن خىياللىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

يىراقتا، ئۈچ بۇرجەك شەكلىدىكى ئورمانلىق دۇنيادىكى ھەممە ئاۋازلارنى بېسىپ چۈشۈدىغان، قۇدرەتلىك بىر سادانى تاراتماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بارلىق سەزگۈلىرىدە ئاشۇ سادالار بار ئىدى. بۇ سادا شۇ قەدەر قۇدرەتلىك ئىدىكى، ئۇ گويا ئۆزىنىمۇ پۈتۈن جىسمى بىلەن ئاشۇ سادانىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەنسېرى، ئۇمۇ ئەكس سادا بولۇپ قايتىشى — مۇزدەك سوغۇق دېرىزىنى تېشىپ چىقىپ كېتىش كېرەك ئىدى.

ئۇ قارىۋېرىپ كۆرۈنگەن ئۈچ بۇرجەك كەلگەن ئورمانلىق ئىچىدىن نېمىدۇر بىر نەرسىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ، ئۇنى چوقۇم تېپىش قارارىغا كەلدى. شۇ چاغدا يىراقتا غۇۋا بىر نەرسە كۆرۈندى. ئۇ سىنچىلاپ كۆزىتىۋىدى، ئۇ ئېگىز بىر مۇنار بولۇپ چىقتى، بۇ غايەت زور ئىلاھىي مۇنارنى ئۇ تونىدى. ئۇ بۇنى كىچىك چاغلىرىدىن تارتىپلا بىلەتتى، چۈشلىرىدە كۆرەتتى. مۇنار ئۇنىڭغا ئۆز ھاياتىنى ئىگىلەپ تۇرغان، بىراق بىرەر قېتىممۇ يۈز كۆرۈشمىگەن تەكرىدىنىمۇ تونۇش، مېھرىبان ۋە ئىللىق ئىدى. مۇنارنىڭ يېنىدا يوغان ئىككى قورام تاش بار ئىدى. قورام تاشلار مۇنارغا ئېسىلىپ تۇرغاندەك، ئېسىلىپ تۇرمىسا مۇنار كۆككە چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ دوزاخنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ھاياتلىقنى دوزاخنىڭ ئەڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان قوياشلىق ماكانغا يەتكۈزۈپ بېرەلەيتتى. ئۇ تېخىمۇ سىنچىلاپ قارىۋىدى، ھېلىقى مۇنار ئالۋاستى بولۇپ كۆرۈندى. بۇ دوزاخقا كىرىشنى جاندىن ئەزىز كۆرىدىغان ئالۋاستى ئىدى. ھاياتلىقنى ئەنە شۇ ئالۋاستى بىلەن دوزاخنىڭ سەلتەنەتلىك ۋە مۇقەددەس ئويۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ئۇلارمۇ پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا مەۋجۇت ئىدى.

ئۇ دېرىزە تەرەپكە ئاستا سۈرۈلۈپ، يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇ يېقىنلاپ كەلگەنسېرى بايىقى ئالۋاستىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈشكە باشلىدى. قار-مۇز بىلەن قاپلانغان دۇنيا بىردىنلا جاندىن ئۆتىدىغان پىژ-پىژ تومۇزغا ئايلانغاندەك بولدى. ئالۋاستى گويا مەستخۇش ھالەتتە چىغىر يولغا ئوخشاش تولغىنىپ ياتاتتى. بۇ چىغىر يول ئۇنىڭ دېرىزىسى ئالدىغىچە سوزۇلۇپ كېلىپ، ئۆيگە كىرەلمەي مۇز تۇتقان دېرىزىنىڭ سىرتىدا توختاپ قالغانىدى.

ئۇ قورۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قويدى-دە، چىغىر يولنىڭ باشلانغان يېرىگە قارىدى. يولنىڭ باشلانغان يېرىدە ئىككى ئابىھايات جىلۋە قىلىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ بولالماي قالدى.

چىغىر يول كىرىدىغانغا دەرۋازا تاپالماي تۇرۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا تەقدىر تەرىپىدىن بېرىلگىنى دەرۋازا ئەمەس، پەقەت مۇز تۇتقان دېرىزىلا ئىدى.

ئاھ، ھاياتلىق پەيدا قىلغۇچى يول! كەچۈرگىن، مەن سەن ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىدىغان

نىيەتكە كېلەلمىدىم، بىراق مەن ھاياتىمنىڭ مەڭگۈ سۇلماي دۇنياغا خوجايىن بولۇشىنى تىلەيمەن .... جېنىم ... ماڭا ئىشەنگىن، ماڭا چوقۇم ئىشەن .... مەن بىچارىگە ...

ھېلىقى سادا بارغانسىرى كۆچىيىپ، ئاخىر ئەۋجىگە چىقتى ...

ئۇ ھېچقانچە كۆچىمەيلا دېرىزىنى چېقىۋېتەلەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىراق بۇ دېرىزىلەر گويا كىملەرنىڭدۇر كۆزلىرىدەك ئۇنىڭ قەلبىدە ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى. ئۇنى سۈر باساتتى.

ئۇ ئاخىر دېرىزىگە ئۆزىنى ئۇردى - دە، ئىچىنىشلىق چىرقىراپ سالدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھېچقانداق بىرەر يېرى ئاغرىمىغانىدى. بىر نەرسىگە قاتتىق ئۇرۇلغاندا ئەنە شۇنداق چىرقىراپ تاشلاش كېرەك بولغاچقىلا، ئۇ چىرقىراپ تاشلىدى. دېرىزىنىڭ ئەينىكىمۇ ئادەتتىن تاشقىرى نېپىز ئىدى. بىراق ئۇنىڭ زەربىسى چويۇندىنمۇ بەكرەك ئىدى. ئۇ ھەم يالغاندىنمۇ چىرقىراپ تاشلىمىدى. بۇ چىرقىراش ئۇنىڭ يۈرىكىدىن چىققانىدى...

ئۇ قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەنىدى. كۆزلىرى ئەتراپقا نېمىنىدۇر ئىزدىگەندەك بەكمۇ جىددىي قىياپەتتە چەكچىيىپ قارايتتى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئاران تەستە ئۆزىنىڭ ياتقان يېرىنىڭ تۈرمە، ئۆزىنىڭ چۈشەكەپ ئويغىنىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئۇ يەنە باش - ئاخىرى يوق خىيالغا چۆمدى.

يان تەرەپتە ياتقان ئىككى ئايال بىر ھازا ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە ئۆزلىرىنىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ جىمغۇر، ياش ۋە چىرايلىق قىز بۇ يەرگە كىرگەندە ئۇلار ئۇنىڭ چىرايىغا ھەسەت قىلىشقانىدى، كېيىن ئۇلار ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئاڭلاپ، گويا دۇنيادا ئاياللارنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەستەك «سۇبھانئاللا» دېيىشىپ ياقىسىنى چىشلىگىنىچە ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەستىن، ئادەم ئۆلتۈرگەن ئايالنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆزىتىشكەنىدى. ئۇلاردىكى بۇ خىل غەلىتە ھېسسىيات بارا - بارا سۇسلاپ كەتتى. ئۇلار ئەتىگەندىن كەچكىچە خىيال سۈرۈپلا ئولتۇرىدىغان بۇ قىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشقاندەك ئىدى. ئۇنىڭغا قارىغاندا ئۆز پاراڭلىرى رېئالراق كۆرۈنەتتى. پەقەت ئۇ ئەنە شۇنداق ۋارقىراپ سالغان چاغلاردىلا ئۇنى يادىغا ئېلىپ قېلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكىنى ئۇنىڭ قاتىللارغا خاس كۆزلىرى ئىدى. بىراق ئۇلار ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ۋەھىمە بىلەن قاراشقاندا ئۇنىڭ بىر جۈپ سۈزۈك، ھايالىق، تارتىنچاق كۆز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ قېلىشقانىدى.

دەسلەپ ئۇ ئۆزىنى مەلۇم قىلغىلى كەلگەنىدە ھەممەيلەن ھەيران قېلىشقانىدى. سودىيەلەرمۇ ھەيرانلىقىنى تەستە بېسىۋېلىشقانىدى. بۇ قىزنىڭ قىياپىتىگە قاراپلا ئۇنى قاتىل ئەمەس دېگەن سېزىمگە كېلىشنىڭ نېمە ئاساسى بار، دەپ ئۆزلىرىنى ئەيىپلىگەنىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ چىرايلىقلىقى ياشانغان سودىيەنى بۇنداق ئويغا سالغان ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەستىن نېمىشقىدۇر مۇشۇنداق ئويغا كېپقالغانىدى.

AltunOq

تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ راستىنلا قاتىل ئىكەنلىكى بېكىتىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قاتىل ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلىنىپ قېلىشىدىن قاتتىق قورقـقانىدى. ئەگەر ئۇنداق بولسا ئۇ تۈگەشكەن بولاتتى. شۇڭا ئۇ ئالدىراپ بارلىق يوچۇقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېتىۋەتتى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ كاللىسى ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئىشلەپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇ: خۇدۇمنى يوقىتىپ قويۇپ، ھەممىنى چاندۇرۇپ قويارمەنمىكىن، دەپ قاتتىق ئەنسىرىگەنىدى. ھەتتا سودىيەلەر سوئال سوراشنى باشلاشتىن مىنۇت ئاۋۋالمۇ ئەنە شۇنداق ئەندىشىدە ئىدى. دەسلەپتىلا ئۇ باسقۇنچىلىقتا ئۇچرىغۇچى دېگەننى باسقۇنچىلىق قىلغۇچى دەپ ئالماشتۇرۇپ سالدى، ئاشۇلارنى سۆزلەۋاتقاندا ئۇنى قارا تەر بېسىپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىنى ۋە بىر ئۆلۈكنى ئەيىپلەۋاتقانلىقىنى سەزگىنىدە قاتتىق ئازابىتىن ئاۋازى بوغۇلۇپ كەتكەنىدى. شۇندىلا ئۇ ئۆزىنى ھەقىقىي جىنايەتكاردەك ھېس قىلدى. ئادىل ئۇنىڭغا نەدىدۇر بىر يەرلەردە: «مەن نەدە ساڭا باسقۇنچىلىق قىلىدىم؟» دەپ دەرغەزەپ بولۇپ قاراپ تۇرغاندەك، ئۇنىڭ تىلى كالۋالىشىپ كەتتى. ئۇ بۇنىڭغا كۆڭلەكنىڭ تۈگمىلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ، بەزى جايلىرىنىڭ يىرتىلغانلىقلىرىنى ئىسپات قىلىپ كۆرسەتتى. ئاياللارنىڭ پىچاق ئېسىپ يۈرمەيدىغانلىقىغا كەلگەندە ئۇ دەرھاللا ئىلاجىسىز: مەن ئۇنىڭ پىچىقىنى چاندۇرماي غىلىپىدىن سۇغۇرۇۋېلىپلا ئۇنىڭغا ئۇردۇم. ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئۇرۇش مەقسىتىم يوق ئىدى ... ئۇ چاغدا غەزەپتىن خۇدۇمنى يوقاتقانمەن، پىچاقنى ئۇنىڭ قەيەرىگە ئۇرۇش نەدىنمۇ خىيالىمغا يەتسۇن، ئۇ ئىشقىلىپ بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولۇپ مەيدىسىنى رۇسلىۋىدى مەن ئۇرغان پىچاق ئۇنىڭ مەيدىسىگە توغرىلىنىپ قاپتۇ ... دەپ چۈشەندۈردى.

ئۇ ئۆز كاللىسىنىڭ بۇ قەدەر قاتتىق ئىشلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ قاتىللىق قىلغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزلەرنى كۆپ سۆزلەۋېرىپ ئۆزىنى راستىنلا قاتىلدەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. گاھىدا ئۇ، ئۇنى راستىنلا مەن ئۆلتۈرۈۋەتتىممۇ ـ يا، دەپ ئويلاپ قالاتتى.

كېسىم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنلا ئۇ ھەممە ئىش تۈگىگەندەك، پۈتۈن دۇنيا بىر پارچە بوشلۇققا ئايلىنىپ ھەممە ماددا غايىب بولغاندەك، ئۆزىمۇ ھەممە نەرسىدىن — ئازابتىنمۇ، شادلىقتىنمۇ، ھەۋەس ۋە تەلپۈنۈشلەردىنمۇ قۇتۇلغاندەك، ئۆزىدە قەلب، روھ، سەزگۈ دېگەن نەرسىلەردىن ئەسەرمۇ قالمىغاندەك، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر پارچە بوشلۇققا ئايلىنىپ ئىزسىز يوقالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى.

بەلكىم ئۆلۈم دېگەن مۇشۇدۇ.

ئۇ گويا كېسىم ئېلان قىلىنغىچە ئويلاشقا تېگىشلىك بارلىق خىياللارنى تالاي رەت ئويلاپ، ھەممىنى سودىيەلەرگە دەپ بولغاندەك ئەمدى ئۇنىڭغا سۆرەي دېسە خىيالمۇ قالمىغاندەك ھېس قىلاتتى.

باياتىن كۆرگەن چۈشى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، چۈشىنى ئويلاشقا باشلىدى. ئۇ دائىم گويا تەگسىز خىياللارغا چۆمۈپ كەتكەندەك ئولتۇرغىنى بىلەن، ئۆزىنى خىيال قىلمىغاندەك ۋە خىيال قىلغۇدەك نەرسىمۇ قالمىغاندەك ھېس قىلاتتى.

باياتىنقى چۈش تولىمۇ غەلىتە ۋە چۈشىنىكسىز ئىدى. ئۇنىڭ يادىدا بولسا پەقەتـ ـلا دېرىزە قالغانىدى. گويا ھېلىمۇ ئاشۇ دېرىزىلەر ئۇنىڭغا سىرلىق ھالدا قاراپ تۇرغانـ ـدەك ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى.

ئۇ چۈشىدە كۆرگەن مۇز تۇتۇپ كەتكەن ئاشۇ غەلىتە دېرىزىنى پەقەتـلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. بىراق ئېنىقكى، ئۇ شۇ دېرىزىنى خىيال قىلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ كۆز ئالـ ـدىغا كەلگىنى توي كېچىسىدىكى دېرىزە بولدى.

توي كېچىسى ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە زەن سالغىنىنىمۇ ئەسلىيەلـ ـمىدى. ئەمما ھازىر شۇ دېرىزە گويا ئۇنىڭ ھاياتىدا ئۇنتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس نەرسىدەك شۇ قەدەر يارقىن ھالدا كۆز ئالدىغا كەلدىكى، ئۇ ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. چۈشىدىكى دېرىزە بىلەن ئۇ دېرىزىنىڭ ھېچبىر ئوخشاشلىقى يوق ئىدى. ئۇ توي قىلغان چاغ ياز بولۇپ، دېرىزىگە مۇز تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىراق ئۇـ ـلارنىڭ قانداقتۇر باغلىنىشى باردەك، بىر-بىرىدىن ئايرىپ خىيال قىلغىلى بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى. ھەتتا ئۇ ئىككىسى ئالمىشىپمۇ كېتەتتى.

بەلكىم ئۇ ئاشۇ كۈنى دېرىزە پەردىسىگە زەن سالغان بولغىيدى. ئۇ شۇ چاغدا دېرىزىنىڭ بولماسلىقىنى ئارزۇ قىلغانىدى...

## بىرىنچى باب

توي كۈنى ئۇنىڭ خىياللىرى بەكلا چېگىشلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە زىددىيەتلىك ئۇقۇملار بىر-بىرىگە سىڭىپ، كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ قارىسىمۇ قارشى ئاـ ـتالغۇلارنىڭ پۈتۈنلەي مەنىسىز ئىكەنلىكىنى، ئۇلارغا نام قويۇشنىڭ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى، ھەرقانداق بىر ئاتالغۇنىڭ ئۆزى بىلەن تۈپتىن قارىمۇ-قارشى بولغان سۆزنىمۇ ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇ بەخت بىلەن بەختسىزلىكنى ئايرىپ بولالماي تۇرغاندا نامەلۇم بىر قول ئۇ ئەسلا ئويلاپ باقمىغان تەرىزدە ئۇنىڭغا ياۋايىلارچە سوزۇلـ ـدى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە، ئۇنىڭغا قانداق روھىي ھالەتتە مۇئامىلە قىلىشقا تەييارلىق قىلىپ بولغان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا تېنى شۈركىنىپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ قانچىلىغان كېچىلەر شۇنچە تاتلىق خىيال قىلغان، بىراق ھەرقانچە تىرىشىپمۇ يارقىن ھالدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلـ ـمىگەن سىرلىق مەنزىرە ۋە ھالەتلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ بۇرۇنقى خىياللىرىنى، بۇرۇنقىلا ئەمەس بىرەر يېرىم سائەت ئاۋۋال كۆز ئالدىغا كەلتۈرـ ـگەنلىرىنى بۇ مەنزىرە ئىچىدىن ئىزلەشكە كىرىشتى. بىراق بۇنىڭ ئىچىدىن بىر ئەرنىڭ ئۇ كۆرۈشكە ۋە لەززەتلىنىشكە ئىنتىلگەن بەدىنى، ئەسەبىي ئىستەك دېگەنلەردىن باشقا ھېچنەرسىنى تاپالمىدى. بۇلارمۇ ئۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدىن تامامەن باشقىچە ئىدى... بۈگۈنكى بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ چوڭ ئىش، ئەڭ چوڭ ھاياجان ۋە ئەڭ كەسكىن ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇرۇنقى ھاياتى بىردەملىك خىيالدىي چۈشـ ـتەك بارغانسېرى خىرەلىشىپ، ئاجايىپ سىرلىق ۋە ناتونۇش بىر دۇنيا ئۇنىڭغا قۇچاق

ئاچماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىشى كېرەك ئىدى، بىراق قاتتىق ھاياجان، چۈشىنىكسىز بىر ئەندىشە، نومۇس، پەدىشەپىنى قايرىۋېتىش، ئاچكۆزلۈك ئۇنىڭ كاللىسىدا شىددەتلىك بىر قاينامنى ھاسىل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئالدىرىماي خىيال قىلىش ئىمكانىيىتىنى قالدۇرمىدى.

ئۇ ئېسىنى يىغىپ بولغۇچە يۈزلىرىگە ئۇرۇلغان ئىسسىق نەپەس ۋە لەۋلىرىگە تەگكەن ئوتلۇق لەۋلەرنىڭ ھارارىتىدىن پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ، ئۆزىنى يات بىر قۇچاقتا تاشلىۋەتتى... يات بىر قولنىڭ بەدىنىنىڭ. ئەڭ خۇپپىيانە جايلىرىنى تىترەپ تۇرۇپ سىلاۋاتقىنىنى سەزگىنىدە، ئاجايىپ بىر نومۇس ئۇنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالاتتى.

ئۇ ھوشىنى يىغىشقا تىرىشىپ، بۇ ياۋايى ئادەمنىڭ نومۇسنى پۈتۈنلەي قايرىپ تاشلىغان، مەسخۇش چىرايىنى كۆزەتتى. ئۇنىڭ تەرلەپ كەتكەن يۈزلىرى، ئاياللارنىڭكىدەك ئاپئاق مەيدىسى، ئاچكۆزلۈك بىلەن پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرى ئۇنى تېخىمۇ غەلىتە كۆرسىتەتتى. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە بۇنداق ئاچكۆز، بۇنداق ھاياجانلانغان ۋە بۇنداق غەلىتە چىرايىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

ئۇ ئۆمرىدە ھېچكىشىنىڭ ئالدىدا بۇنداق يالىڭاچ تۇرۇپ باققان ئەمەس ئىدى. ئەمدى بولسا ئۆزى بۇرۇن ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان، خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان يات ئادەمگە بەدىنىنى ئەنە شۇ ھالدا تاپشۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ سانسىزلىغان كېچىلەر كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقان ھالدا ئاشۇ ھالەتنىڭ پەيزىنى خىيالەن سۈرگەنىدى. بىراق بۇ ئۇنىڭ ئويلىغىنىغا پەقەتلا ئوخشىماي قالدى. ئۇنىڭ دائىم كۆز ئالدىغا كېلىدىغىنى مېھرلىك قاراشلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىملىق تۇيغۇ بېغىشلايدىغان ئوتلۇق ۋە تونۇش كۆزلەر، ئاشۇ كۆزلەرگە بىر ھازا تىكىلىۋالغاندىن كېيىن گويا ئالدىن كېلىشىپ قويغاندەك تەڭلا بىر-بىرىنى قۇچىقىغا تارتىش، گويا ۋالىس كۈيلىرىدەك لىرىك ۋە مەپتۇن قىلارلىق رومانتىك كۆرۈنۈشلەر ئىدى. ھازىر بولسا ئۇ ئۇنى ئاشۇنداق ياۋايىلارچە ئېگىلىۋالدى. ئۇنىڭ زادى نېمە ھەققى بار؟ ئۇ نېمىشقا ئۆزىمۇ بىلمەستىن، ئۆزىنى گويا قورچاقتەك گەپ-سۆزسىزلا ئۇنىڭ قوينىغا تاشلاپ بېرىدۇ؟! سەللا ئاۋۋال ئۇ ئازادە ۋە ياسىداق ئۆيدە ئۆزى يالغۇز قالغاندا ئىشكىنىڭ غىچىرلاپ ئېچىلىپ ئۇنىڭ كىرىپ كېلىشىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتكەنىدى. بىراق ئۇ كىرىشى بىلەنلا ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سېلىپ، قاچىدىغان يەر تاپالماي قالدى. ئەرمۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي بىر دەم تۇرۇپ قالدى. چىرايى سەل-پەل تاتاردى-دە، ئاندىن ۋىللىدا قىزاردى. ئويلىمىغان يەردىن بىردىنلا ئۇ ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتتى. قىز ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدى. پۈتۈن بەدىنى جالاقلاپ تىترىگىنىچە ئۆزىمۇ بىلمەستىن ئۆزىنىڭ پاك بەدىنىنى خالىغانچە پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ قۇچىقىغا تاشلىۋەتتى. ھايۋانلارغا خاس بۇ قىلمىشلار، ھاياسىز ھەرىكەتلەردىن ئۇنىڭ تېنى شۈركىنەتتى.

ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشقا نېمە ھەققى بار؟ پۈتۈنلەي ناتونۇش بۇ ئادەم گويا ئۇنىڭغا ئەزەلدىن ئىگىدارچىلىقى باردەك، پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ نەرسىسىدەك، قىلچە تارتىنماستىن خالىغانچە ھەرىكەت قىلماقتا. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق ئەھۋالغا قېلىشىنى خالاي-

دىغان-خالىمايدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭ بۇرۇن مانا مۇشۇنداق مىنۇتلارنى زارى-
قىپ كۈتكەنلىكى ھېلىمۇ يادىدا. ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ بىر ئەرنىڭ قۇچىقىدا مەستخۇش ھا-
لەتتە ياتىدىغانلىقىنى خىيال قىلىپ، ئاجايىپ ھېسلارغا چۆمۈلەتتى. مانا ھازىر ئۇ
راستىنلا بىراۋنىڭ قۇچىقىدا ئاشۇ شېرىن خىياللىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆرۈۋاتىدۇ. بىراق
ئۇنىڭ ئويلىغىنى بۇ قەدەر ياۋايىلارچە ھەرىكەت، قوپال ئىشلار ئەمەس ئىدى.

ئۇ قاتتىق ھاياجانلانغىنىدىن ئەرنىڭ چىرايىنى كۆڭلىدە باھالاپ بېقىشنى پۈ-
تۈنلەي ئۇنتۇغانىدى. پەقەت ئەرنىڭ ئېغىزىدىن گۈپپىدە پۇرىغان ئاچچىق تاماكىنىڭ
سېسىق پۇرىقىنى، ئاندىن ئەرنىڭ تەردىن ھۆللەشكەن بەدىنىنىڭ بەدىنىگە چاپلىشىشىنى
ھېس قىلغانىدى. بۇلار ئۇنىڭغا ئاجايىپ يوچۇنلا تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە يې-
قىنلاپ كېلىشىگىلا ئاغزىدىن گۈپۈلدەپ ھاراق پۇرىقى كېلىدۇ، دەپ ئويلاپ ئاشۇ
پۇراقنى ئىسىزدىگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئوتتۇرا مەكتەپتە
ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا بىر كۈنى ساۋاقدىشى ئادىلنىڭ گۈپۈلدەپ ھاراق
پۇراپ تۇرغان ئېغىزىنى ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىن ئەكېلىپ قۇلىقىغا بىر نەرسىلەرنى دەپ
پىچىرلىغان ھالىتى لاپپىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئاشۇ چاغدا قاتتىق چۆچۈپ كەتكەنىدى.
چۈنكى ھاراق ئىچىش مەكتەپتە چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىپ، ھەممە كىشىنىڭ بىردەك ئەيىپ-
لىشىگە ئۇچرايتتى. بىراق نېمىشقىدۇر ئادىل شۇ چاغدا ئۇنىڭغا باشقىچىلا شوخ ۋە چەبى-
دەس بولۇپ كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى. سەل-پەل قىزارغان كۆزلىرى تېخىمۇ ئوتلۇق ۋە تېخىمۇ
چىرايلىق قىياپەتكە كىرىپ، ئۇنى قىزلارنى مەھلىيا قىلىدىغان تېخىمۇ جەسۇر قىياپەتكە
كىرگۈزۈۋەتكەنىدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ سۆيۈشلىرىنى كۆزىتىۋىدى ئۇنىڭ ئاغزىدا
تاماكا پۇرىقى يوق ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ باياتىن بۇ ئەرنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆزەتكەن
بولسا، ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىنى ۋە تەن قۇرۇلۇشىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئەرنىڭ قاشلىرى
قويۇق، كۆزلىرىمۇ چوڭ ئىدى. بۇ ئۇنىڭغا تېزلا يېقىملىق تۇيغۇ بەردى. ئەرنىڭ بۇر-
نىمۇ خېلىلا قاڭشارلىق بولۇپ، بۇمۇ ئۇنى خېلى رازى قىلدى. بىراق ئىككى يانغا تومـ
پىيىپ چىققان ياڭاق سۆڭەكلىرى ئۇنىڭ چىرايىنى قوپال تۈسكە كىرگۈزۈپ
قويغانىدى. قىزنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا ئۇنىڭ يۈزلىرىدىكى ئۇششاق دانىخورەك
ئىزلىرىغا چۈشتى. دانىخورەك تەسىرىدىن ئۇنىڭ يۈزلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس
قىزىل مۇدۇر-چوقۇر بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ ھال ئۇنى قاتتىق سۆيۈندۈرۈۋەت-
تى. ئۇ بۇنىڭغا ھەيران قالدى. ئۇ ئەسلى بۇنداق چىرايىنى يەنى دانىخورەكنى پەقەتلا
ياخشى كۆرمەيتتى. نېمىشقىدۇر ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئادىل بىلەن بىر سىنىپتا ئو-
قۇغان ۋاقتىدىن باشلاپ، دانىخورەك ئەرلەرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدىغاندەك، يىگىت-
لەرنى تېخىمۇ مەردانە ۋە يىگىتلىك گۈزەللىكىگە تولغان قىلىپ كۆرسىتىدىغاندەك تۇيۇ-
لىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ پەقەتلا ئادىلنىڭ يۈزلىرىنىڭمۇ ئەنە شۇنداق بولغانلىقىدىن
بولسا كېرەك. ئۇ دائىم كۈلسە ئاشۇ مۇدۇر-مۇدۇر قىزىل داغ بار يۈزلىرى كۈلكىگە
ماسلىشىپ، ئۇنى تېخىمۇ شوخ ۋە تېتىك قىلىپ كۆرسىتىۋېتەتتى. توۋا، ئادەمگە دانىخو-
رەك ئىزلىرىمۇ ئەجەب يارىشىدىكەنا دەپ ئويلاپ ھەيران بولاتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدا ئەرنى يات ھېس قىلىش تۇيغۇسى بارا-بارا خىرەلىشىپ، بەلكى ئۇ بىر ئاز
تونۇش ۋە يېقىملىق تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ باياتىن ھەيرانلىق، مەسخۇشلۇق ۋە خۇدبى-
نى يوقىتىش بىلەن ئەرنىڭ قوينىغا تاشلىنىۋېتىلگەن جىسمىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئەم-
دى ھېس قىلغاندەك، بەدىنىگە جان كىرىپ، ئۆز ئىستەكلىرىنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن ئەر-
نىڭ ھېرىكەتلىرىگە ماسلىشىشقا باشلىدى.

ئۇ ئەمدىلا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن 18 ياشتىكى، قەلبىدە شېرىن خىيال-لار
ئۇرغۇپ تۇرىدىغان سەبىي قىز ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خىياللىرىنىڭ بۇنچە تېز-لا
بەرباد بولۇپ كېتىشىنى ئويلىمىغانىدى. بۇرۇن دائىم ئاجايىپ رومانتىك مۇھەببەت سەر-
گۈزەشتىلىرىنى باشتىن كەچۈرۈشنى خىيال قىلاتتى. بىراق بۇ ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى. پەقەت
قەلبىدە يات جىنسلارغا بولغان ئوتلۇق ۋەسىرلىق تەلپۈنۈشلىرى، شېرىن خىياللىرى يوشۇرۇن سىر
بولۇپلا قالدى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارنىڭ بولۇپمۇ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئاغزى-ئاغزىغا
تەگمەي ماختىشىغا ئېرىشتى. بىراق ئۆزى بۇنى ئويلاپ بوغۇلۇپ-بوغۇلۇپ كېتەتتى. ئۇ
توي كۈنى يېقىنلاشقانسېرى ئاشۇ ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ
خېلىلا شادلىققا چۆمۈلگەنىدى. بىراق ئۇنىڭ بۇ ئارزۇلىرى، ئوتلۇق تەلپۈنۈشلىرى
يۈرىكىنى يېرىپ چىقىپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن قانمىدى، بەلكى باشقىلار تەرىپىدىن مەجـ
بۇرىي قاندۇرۇلدى. قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ... ئاھ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ
تەلپۈنۈشى ئىدى!...

مانا بۈگۈن پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇغان ھالدا توينىڭ — ئۆزئارا ئۇچراشقان ئاچكۆز
ئىنتىلىشلەرنىڭ لەززىتىنى سۈرۈۋاتىدۇ.

ئۇ تويدىن ئاۋۋال بولغۇسى ئېرىنى كۆرۈپ بېقىشقا شۇنچە ھەرىكەت قىلىپمۇ
تۈزۈك كۆرەلمىدى. پەقەت چاي ئىچكۈزىدىغان كۈنى غىل-پال كۆرگەنىدى. شۇ چاغدا
ئۇ قاچا-قۇچىلارنى كۆتۈرۈپ ئۇ بار ئۆينىڭ دېرىزىسى ئالدىدىن ئۆتۈۋېتىپ
ئۆي ئىچىگە قارىدى، ئەر خۇددى جىنايەتچىدەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ گۈشۈرۈپ ئول-
تۇرغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈش مۇمكىن بولمىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قې-
لىشىدىن ئەنسىرەپ، تىترەۋاتقان لەۋلىرىنى چىشلەپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. يۈرىكى گويا
بىرلا ئېتىشتا يا ئۇيان، يا بۇيان بولىدىغان ھوشۇقنى قولىغا ئېلىپ ھايات قىمىرى ئوينا-
ۋاتقان ئادەمنىڭكىدەك قاتتىق سېلىپ كەتتى. ئۇ ھوشۇقنىڭ قانداق چۈشكەنلىكىنى كۆ-
رۈشكە جۈرئەت قىلالماي كۆزىنى يۇمۇۋالغانىدى... ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. بولغۇلۇق بول-
دى، ھوشۇق ئېتىلىپ بولدى، ئەمدى پېشانىدىكىنى كۆرمەسكە نېمە ئىلاج؟!

ئۇ ئۆزىنىڭ بىراۋ بىلەن ئاشۇ ھالدا توي قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ دەسلەپ ئۆزى-
نى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قالدى. بىراق كېيىنچە بۇنداق بولۇشىغىمۇ رازى بولدى.
ئۇنىڭغا نېمە ئىلاج، ھەر ھالدا بۇمۇ ياخشى بولدى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ،
ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي ئائىلىسىگە قايتقانىدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئىم-
تىھان نەتىجىسىنى قاتلاپ يانچۇقىغا سېلىۋاتقىنىدا بۇندىن كېيىنكى ھاياتىنى خىيال قى-

AltunOq

لىنىپ تۈنجى رەت ئويلىغىنى شېرىن تۈي كېچىسى ۋە بىر ئەرنىڭ ئاجايىپ ئىللىق قۇچىقى بولدى. شۇڭا ئۇ ئانچە قايغۇرۇپ كەتمىدى. بىراق ئائىلىسىگە قايتىپ بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ئوتتۇرا مەكتەپتىكى گۈزەل ۋە شادىمان كۈنلىرىنى، ئوغۇللارنىڭ شوخ چاقچاقلىرىنى ئويلاپ يۈرىكىنىڭ پۇچىلىنىشلىرىغا چىدىيالماي قالدى. ئۇ قەپەسكە چۈشكەن قۇشتەك تىپىرلاپ ئۆينىڭ تۆت تېمىغا قارىغىنىدا مۇزدەك كۆكىرىپ تۇرغان تاملار ئۇنى سىقىپ قاچاندۇر بىر كۈنى مىجىۋېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇندىن كېيىنكى ھاياتى ۋە پۈتۈن دۇنيا پەقەت ئاشۇ مۇزدەك تۆت تامغىلا ئايلىنىپ قالغاندەك سېزىلگەنىدى.

ئۈچ-تۆت ئاي ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. ئۈچ-تۆت ئاي ئىچىدىلا ئۆزىنىڭ بۇ ھالغا كېلىپ قېلىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. بىر كۈنى ئەلچى كەلدى. يوغان داستىخاننى كۆتۈرگەن سېمىزرەك كەلگەن كېلىشكەن ئايال ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە گويا ئۇ دىمىقتىن بۇرۇختۇم بولغان بۇ ئۆيگە مەيىن شامالنى ئېلىپ كىرگەندەك قىزنىڭ ۋۇجۇدى يايراپ كەتتى. بۇ ئايال ئۇنىڭ ئادىلنىڭ ئائىلىسىدىن كەلگەن ئەلچى ئىدى.

قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇ ئەلچىنى ئۈمىدسىز قايتۇردى. ئۇلار ئۇنىڭغا «قىزىمىزنىڭ بېشىنى كىچىكىدىلا باشقا بىرەيلەنگە باغلاپ قويغان» دەپ جاۋاب بېرىشكەنىدى. كەچتە قىز ئانىسىنىڭ «ئادىل دېگەن ئۇ بالا بەكمۇ ئالىقاپ بالىدەك قىلىدۇ. ئۆيىنىڭمۇ ئەھۋالى يامان ئەمەس ... بىراق ... مەن ئۇنى نەچچە قېتىم مەست بولۇۋېلىپ ئاغىنىلىرى بىلەن كوچىنى بېشىغا كىيگىنىچە قىقاس سېلىپ، دەلدەڭشىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەنىدىم. ئاڭلىشىمچە ئۇ بەزىدە تېخى مەست بولۇۋېلىپ ئاتا-ئانىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى زار قاقشىتىدىكەن. ئۇنداق نەرسىلەرگە قىز بېرىپ كاللام قاپاق ئەمەس» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تىپىرلاپ كەتتى. ئۇ بۇرۇن ئادىلغا بەكمۇ قىزىقاتتى. بىراق ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاشىق دەپ ئويلاپ باقمىغانىدى، بىراق شۇ كۈنى كېچىسى ئۇ چوغ ئۈستىدە ياتقاندەك تولغىنىپ، ئۇخلىيالماي چىقتى. ئاتا-ئانىسىنىڭ ئادىلغا بەرگەن باھاسى ئۇنى ئادىلدىن بەزدۈرمەستىن ئەكسىچە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئاشۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىدا قايتا-قايتا ياڭراپ، ئادىلنىڭ سىماسى تېخىمۇ مەردانە، تېخىمۇ زەبەردەست، شوخ قىياپەتتە كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئاجايىپ يارقىن قىياپەتتە جۇلالىنىپ ئۇنى يەتكۈچە قىينىدى. ئۇ ئۇنى پەقەت ئاشۇنداق «ئەخلاقسىز» بولغانلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئادىلنىڭ خىيالىي سىماسى ئۇنى ئىزاغا پۈركۈپ قۇچاقلايتتى. ئۇ ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ بىر پارچە چوغدەك كۆيدۈرۈپ ئۆزىنىڭ يۇمران كۆكسىنى سىلاۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولاتتى. بۇ خىيالىي قوللاردىن چىققان ھارارەت ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمىنى لەرزىگە سالاتتى. شۇندىن تارتىپ ئادىل ئاشۇ خاراكتېرى بىلەن پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق ئەرلەرنىڭ ئەڭ گۈزەل تەرەپلىرى مۇجەسسەملەشكەن، ئەرلەردىكى قىزلارنى مەپتۇن قىلالايدىغان ئارتۇقچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە جەم قىلغان ئەڭ تىپىك ئەر كىشى بولۇپ، دۇنيادىكى بارلىق ئەرلەرگە ۋەكالىتەن ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىگىلىۋالدى. بىراق ئۇ بۇ سۆيگۈدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، شېرىن چۈشلىرىنى رېئاللىقتىن ئىزدەشكە ھە-

www.uyghurkitap.com

رىكەتلەنگەنچە توي كۆڭۈللىرىمۇ بىكىتىلىپ بولدى. بۇ مۇھەببەت تارتىنىش دەستىدىن ئۇنىڭ يۈرىكىگىلا چوغدەك تەپتى بىلەنلا دەپىن قىلىنىپ كەتتى. ئۇ بۇنى تارتىنىش، تىپىرلاش، ھودۇقۇش بىلەن يوشۇرۇپ كەلدى. «نىمە بولغاندىمەن؟— ئۇ پىغان بىلەن ئويلاپ كېتەتتى،— ئەجىبا، بۇرۇن مەندە ئادىلغا نىسبەتەن بۇنچە زور ئىشتىياق يوق ئىدى. ئۇنىڭدەك ھاراقكەشكە ئاشىق بوپ قالدىممۇ-يا؟ ياق... ياق...! بۇنداق بولماسلىقى كېرەك. ئاھ، بۇ مېنىڭدىكى قانداق ھېسسىيات؟!... ئۇ ماڭا ۋاپا قىلىشى ناتايىن...»

بىراق ئۇ ئۇنداق ئويلىغانسېرى ئادىل كېچىلىرى ئۇنىڭ چۈشلىرىگە تولا كىرىپ، بىر ئوت ئۇنىڭ باغرىنى كۆيدۈرەتتى. دائىم ئۇنى ئويلىغاندا ھېسسىياتى بارغانسېرى ئەسەبىيلىشىپ ۋە ھاياسىزلىشىپ گويا پۈتۈن دۇنيا ۋە ھاياتلىقنى ئۆز قوينىغا ئېلىۋالغان غايەت زور يالقۇندەك، ئۆز قۇچىقى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى قۇچاقلاپ، ئۇنى ئەڭ شېرىن ۋە ئەڭ ئازابلىق چۆچۈشكە سالاتتى.

بىر كۈنى ئانىسى بىلەن توي ئىشى توغرىسىدا پاراڭلىشىۋېتىپ بارلىق غەيرىتىنى يىغىپ تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن پىچىرلىدى:

— ئانا... ئادىل... مېنىڭ بەش يىللىق ساۋاقدىشىم... شۇڭا باشقىلارغا قارىغاندا بىر-بىرىمىزنى ئوبدان... چۈشىنىمىز...

— قىزىم، ماۋۇ ئانام ماڭا كۆيۈنۈپ بىر نەرسە دەۋاتقاندۇ دەپ ئويلا! سەن تېخى كىچىك، كىشىلەرنى چۈشەنمەيدىغان قىيىن. شۇڭا بىر ئادەمگە ئالدىراپ باھا بەرمە. بۇ دېگەن ئۆمۈرلۈك ئىش. ئۇ ھاراق ئىچىۋېلىپ سېنى دۇمبالاپ يۈرسە، بىزگە سېنىڭ ئاھ-زارىڭنى ئاڭلاشتىنمۇ چوڭراق بەختسىزلىك بارمۇ؟!...— دېدى ئانىسى ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ.

ئۇنىڭ يۈرىكىدىن كەلگۈندەك يېپيۇرۇلۇپ چىقىۋاتقان سۆزلەر لەۋلىرى ئارىسىغا كېلىپلا سېھىرلەنگەندەك قېتىپ قالدى. ئۇ گويا بوينىغا سىرتماق چۈشكەندەك تىپىرلاپ كەتتى.

— سەن تېخى، تېخى ماۋۇ گەپنى ئاڭلىمىدىڭ. سىرتتا ياقۇۋاخۇننىڭ ئوغلى شەھەردىكى ماموت جۇرېيىننىڭ قىزىدىن بالا تېپىپ قويۇپتۇ دېگەن گەپ پۇر كېتىپتۇ. ياقۇۋاخۇننىڭ قايسى ئوغلى دېسەم ئاشۇ ئادىل دېگەن ھاراقكەشنى دېيىشىۋاتىدۇ. ھەي، قىزىم، سەن ساراڭ بولۇپ يۈرمە جۇمۇ!— دېدى پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئانىسى چۆچۈگەندەك قىياپەت بىلەن.

— ھە؟! چىرقىرىغاندەك چىقىپ كەتكەن بۇ ئاۋازدىن ئۇ ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. ئانىسى ئۇنىڭغا چۆچۈپ قارىدى. ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن يۈزلىرى لىپىلداپ تارتىشىپ ئاجايىپ تۈسكە كىرىپ قالغانىدى. بىراق بۇ ھالەت دەقىقە ئىچىدىلا قىزدىن ئۆتتى. قىز چاندۇرماسلىق ئۈچۈن دەرھال يان تەرەپكە قارىۋېلىپ، يېنىدا تۇرغان شىرەنى ئورنىدىن مىدىرلىتىپ قويدى. بۇ ئارقىلىق كۆزلىرىدىكى قاتتىق چۆچۈش، تەشنالىق، كۈندەشلىك، گاڭگىراش قاتارلىقلارنىڭ بىر-بىرىگە سىڭىپ بىرلىشىپ كېتىشى بىلەن بۇغۇرۇلغان مۇرەككەپ ۋە مۇڭلۇق بىر ھېسسىياتىنى ئانىسىدىن يوشۇردى.

بۇ ھېسسىياتمۇ ھەش - پەش دېگۈچە بىچارىلەرچە شادلىق ۋە ئازابلىق تەبەسسۇمغا ئۆزگەردى.

بۇ سۆزلەر ئۇنىڭغا شۇ قەدەر دەھشەتلىك ئاڭلانسىمۇ بىراق ئۇ بۇ سۆزنى ئاڭلىغىنىدىن خۇشال بولدى. چۈنكى ئۇ ئەمدى قەلبىدىكى شېرىن بىراق ئازابلىق تەلپۈنۈشتىن، كۈچلۈك مۇھەببەتنىڭ تىپىرلاپ يۈرىكىنى قاخشىتىشىدىن قۇتۇلىدۇ، بىراق شۇ كۈنى كېچىسىدىكى ئۇيقۇسىز خىياللار ئۇنىڭ بۇ شادلىقىنىڭ نەقەدەر ياسالما، ئاجىز ۋە خاراب ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. بۇ شادلىق دۇنيادىن خوشلىشىش ئالدىدىكى ئادەمنىڭ بارلىق ئازابلاردىن خالاس بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ شادلانغىنىدىنمۇ پاجىئەلىك ئىدى. سەكراتتا ياتقان ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ئىشەنچ بار، چۈنكى ئۇ جەننەتكە كىرىشنى ئويلىيالايدۇ، بىراق ئۇنىڭكىچۇ؟!

ئۇ ئەمدى ئۇنى، ئۇنتۇيمەن، ئۇنىڭدىن يىرگىنىمەن دەپ ئويلىغانىدى. بىراق ئانىسىدىن ئاڭلىغان بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تەلپۈنۈش ئوتىنى تېخىمۇ يالقۇنلىتىۋەتتى. چۈشىنىكسىز بىر چۆچۈش ئۇنىڭ يۈرىكىنى چىرمىۋالدى. ھەر بىر تال تومۇردىكى قان تېخىمۇ كۈۋەجەپ ئۇرغىدى.

—قىزىم، روزاخۇنمۇ ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز ئېسىل بالا. سودا - سېتىق ئىشلىرىنىمۇ شۇنداق ئېپىدە قىلىدۇ. پۇل تېپىپ باي بولدۇم دەپ باشقا سودىگەرلەردەك ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلمەيدۇ. ھاكاۋۇرلۇقى يوق. نامازنى قولدىن بەرمەيدۇ... — ئاپىسىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىزدەك، باشقا بىر ناتونۇش ۋە يىراق دۇنياغا قاراپ كېتىۋاتقاندەك ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. پەقەت كۆز ئالدىدا قىشتىكى توڭلاپ قالغان كومىلاچ لايىدەك بىر چىراي گەۋدىلىنىپ، ئۇنى قاتتىق ئازابقا سالدى. ئادىلنىڭ چەبدەس ھەرىكەتلىرى، شوخلۇقلىرى، كېلىشكەن ئېگىز بەستى، ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن شوخ بېقىشلىرى ئۇنىڭ ئورنىنى ئالغاندا، ئۇنىڭ قەلبى شېرىن، بىراق تېخىمۇ ئازابلىقراق ھېسسىياتقا چۆمۈلدى. ئۇ پۈتكۈل روھىي دۇنياسىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان ئۇنىڭ بۇ قۇدرەتلىك سىماسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنى كاڭغا سېلىنغان يوتقان - كۆرپە ئۈستىگە تاشلىدى.

«ئۇنى ئويلىماسلىقىم كېرەك! ئۇنى ياخشى كۆرمەسلىكىم كېرەك.' ئاھ، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگۈچە بىللە ئۆتۈش ئەمەس، بىر كېچە ھەمراھ بولسامىلا، بىرلا قېتىم ئۇنىڭ ئىللىق قۇچىقىنىڭ شېرىن ھارارىتىگە چۆمۈلسەملا ئارمانىم قالمايتتى. بىراق بۇنىڭغا مەڭگۈ جۈرئىتىم يوق. ئاھ، مەن نىمانچە ئاجىز! ئۆز ھېسسىياتىم، ئۆز بەختىم ئۈچۈن ئىنتىلىش شۇنچە ئازاب، بىراق ئۇنى بېسىش تېخىمۇ كۆلپەتلىك!» ئۇ ئۆزىمۇ سەزمەستىن شىۋىرلايتتى. كېچىچە ئازاب بىلەن تولغىنىپ، ئۇھ تارتىپ چىقتى.

ئادىل بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇپ بىللە ئۆتكەن چاغلاردىكى رەھىمسىز ئەسلىمىلەر، ھەر بىر ئېغىز چاقچاق، ھەر بىر ھەرىكەتلەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى قىپقىزىل تۆمۈر ئېرىتمىسىدەك ئۆزىنىڭ تەپتى بىلەن داغلاپ ئۆتەتتى. ئۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلغان چاقچاقلىرىدىن پەخىرلىنىپ، چاقچاقلاشقاندا «كۆردۈڭلارمۇ، مەن كىم بىلەن چاقچاقلىشىۋاتىمەن؟» دېگەندەك ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە باشقىلارغا

www.uyghurkitap.com

قاراپ قويىتتى. باشقا قىزلارنىڭمۇ ئادىل بىلەن چاقچاقلىشىشقا ئامراقلىقىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ شادلىنىپ، ئادىلغا تېخىمۇ ھەۋەسلىنەتتى.

ئاھ، ئاشۇ باللىق ئىسسىتەك، سەبىي شوخلۇقلار بىلەن تولغان ئېسىل دەۋر ئەسلىدە ئۇنىڭ يۈرىكىگە سانچىلىۋاتقان ئالتۇن خەنجەر ئىكەن، ئۇنىڭ يالت - يۇلت جىلۋە قىلىپ چاقناشلىرى ئۇنى بەختتىن بىھۇش قىلغاندا، ئۇ ئۇنىڭ يۈرىكىگە قانداق سانچىلىپ، يۈرىكىدىن قانداق زور ئورۇن ئالغانلىقىنى سەزمىگەنىكەن.

ئانىسى ئېيتقان، ماموت جۇرېنىڭ قىزىنى ئۇ تونۇيتتى. ئۇ شەھەرلىك قىز بولۇپ، ئۇلاردىن بىر يىل بۇرۇن ئوقۇش پۈتتۈرگەنىدى. قوچاقتەك ياسىنىپ يۈرىدىغان بۇ شوخ قىز چوڭ ياشلىق ئوغۇللارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتەتتى. ئۇ ئۇنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. بۇ قىزنىڭ نەردىنىڭ شۇنچە چىرايلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ بولمايتتى بىراق ئۇنىڭدا ئاجايىپ جەلپكارلىق بار ئىدى. ھەممە ئەزاسى بىر - بىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ياراشقانىدى. بۇرنى ئۇنىڭكىدەك قاڭشارلىق - ئېلىپتەك قىرلىق بولماستىن بەلكى سەل پۈچۈقراق ئىدى. قاشلىرىمۇ ئۇنىڭكىدەك ئىنچىكە ۋە چىرايلىق ئەگمە ھاسىل قىلغان بولماستىن ئادەتتىكى قاشلاردىن ئىدى. كەڭ قاپاقلىرى ئۈستىدىكى ئانچە ئىنچىكە بولمىغان بۇ قاشلار ئېگىلىدىغان يەرگە كەلگەندە شالاڭلىقتا) ئۆزگىرىپ بارا - بارا يوقايتتى. پەقەت بولاقتەك كۆزلىرىلا بىرقەدەر چىرايلىق بولۇپ، ئاجايىپ ھېسسىياتقا باي ئىدى. يۈزلىرىنىڭ تېرىسى بەكمۇ سۈزۈك، ئاپئاق ئىدى. تېخى ئون توققۇز ياشلارغا كىرمەستىنلا كۆكسى مىلىقىدە كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولۇپ، ھەر قانداق بىر ئەركەكنى بىر قاراشتىلا ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالاتتى. ساغرىلىرىمۇ باشقىچىلا يوغىناپ - تولۇپ كەتكەنىدى. بىراق ئۇنىڭ ئەركەكلەرنى جەلپ قىلىدىغىنى شوخ ھەرىكەتلىرى، بىلەن ئۆزىنى ئوينىتىپ مىڭىشلىرى ئىدى. ئۇ ھەممە تەرەپلىرى بىلەن ئۆزىنى ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈۋېتىپ چىقتى. ئۇنىڭ شوخلۇقلىرىنى، دەرستىن چۈشۈپلا سىنىپنىڭ ئالدىغا كېلىپ نەچچە قېتىم ئادىلنى زىل ئاۋازلىرى بىلەن چاقىرغانلىقلىرىنى، ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ، ئەركىلەپ سۆزلەشلىرىنى ئويلاپ يۈرىكى پۈچىلىنىپ كەتتى. ئۇ چاغدا بۇ ئىشلارغا ئانچە ئېرەن قىلمىغان ئىكەن. بىراق، بۇلار ئۇنىڭ يادىدا نېمىشقىدۇر ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە قاپتۇ. ئاھ، ئادىل ئەسلىدە ئۇنىڭ ئاشۇ تەرەپلىرىگە كۆيگەنىكەنىدە. ئۇ بولسا ئادىلنىڭ ئۆزىگە قىلىپ قويغان ئادەتتىكى چاقچاقلىرىدىن ئۆز تەلپۈنۈشى بويىچە ئالاھىدە مەنىلەرنى چىقىرىپ، ئۆزىنى خۇشال قىلىپ يۈرۈپتۇ.

ئۇ دائىم باشقىلارغا ئوخشاش شوخ، خۇشچاقچاق بولۇشنى خىيال قىلاتتى. بەزىدە ئورۇنۇپ باقسىمۇ، شوخلۇقلىرى پەقەتلا قاملاشماي قېلىۋاتقاندەك، بىردەمدىلا يەنە ئائىلە تەربىيىسى تۈپەيلىدىن قېنىغا سىڭىپ كەتكەن، جىمغۇرلۇق، خىيالچانلىقتىن قۇتۇلالمايتتى.

ئۇ كېچىچە ئۇخلىيالمىدى. كۆزلىرى ئۇۋىلاشلاردىن ئېچىشىپ كەتتى. باشلىرى زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. «ئادىل ئەسكى، شالالاق، بۇزۇق ...» ئۇ بارلىق ئەسكى سۆزلەر

بىلەن ئادىلنى تىللاپ شىۋىرلىدى. بىراق لەۋلىرى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك، شىۋىرلىغان بۇ ئاۋاز ئۆزىنىڭ ئاغزىدىن چىقمىغاندەك، يۈرىكى بۇ سۆزلەرنى تامامەن ئىنكار قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ بىچارە هالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. ئۇ بۇ خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن باشقا ئىشلارنى خىيال قىلىپ باقاتتى-يۇ، يەنىلا خىيالغا ئادىلنىڭ سىماسى كېلىۋالاتتى. ئۇ بۇ پىغانلىق خىياللاردىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى قانچە چۈشەنگەنسېرى ئۆز ھېسسىياتىنىڭ تەلۋىلىكىدىن شۇنچە چۆچۈپ هەيران قالاتتى.

شەھەر بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى ئىككى-ئۈچ كىلومېتىرچە كېلەتتى. ئۇ ئادىلنى ھەقچان ئائىلىسىدىكىلەر ئاچقان بازاردىكى دۇكاندا بىر نەرسە سېتىۋاتقاندۇ، دەپ ئويلىدى. شەھەرگە بېرىشقا بەكمۇ تەلپۈنەتتى. بىراق پەقەتلا پۇرسەت تاپالمىدى. ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەنلىك خەۋىرىنى دېگەن ۋاقىتتا (ئۇ تاللاش ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشكە قاتنىشىشقا تاللانغان ئوقۇغۇچىلار قاتارىغىمۇ كىرەلمىگەنىدى.) ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەنلىكىگە ئانچە تەگەپ كەتمىدى. پەقەت دادىسى سوغۇقلا قىلىپ «قىز بالا دېگەن ئوقۇپ نەگە باراتتۇ؟! قىز بالا دېگەننى دەرھال تالاغا چىقىرىۋەتمەي ئوقۇتىۋەرسە بۇزۇلۇپ كېتىدۇ» دەپلا قويدى. بۇ ئورمىنىڭ تازا قاتىلاڭ ۋاقتى ئىدى. ئۇ ئالدىراش ئورما ئورۇش، خامان ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتىپ، پەقەتلا بوشىيالمىدى. بىراق ئورمىدىن كېيىنمۇ شەھەرگە بېرىپ كېلىشكە ھېچبىر باھانە-سەۋەپ تاپالمىدى. بىر كۈنى بېشىغا رومىلىنى چىرايلىق چېگىپ، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ سىرتقا مېڭىۋىدى، پېشايۋاندا ئولتۇرغان ئانىسى دەرھال نەگە ماڭغانلىقىنى سوراپ قالدى. ئۇ تەمتىرەپ قېلىپ «شەھەرگە كىرمىگىلى ئۇزۇن بولۇپ كېتىپتۇ. ئايلىنىپ كېلەي دېگەنىدىم.» دېدى، باشقا گەپ تاپالماي.

— شەھەردە نېمە بار؟ قىز بالا ئۈچۈن كوچىدا لاغايلاپ يۈرۈش ئۇيات ئەمەسمۇ؟ ئەمدى بۇ قىز بۇزۇلۇپ كوچىغا چىقىپتۇ دەپ گەپ بولسا قانداق قىلىسەن؟ كۆرمىگەن شەھەرمىتى ئۇ. بەش يىل شۇ يەردە ئوقۇپ قانمىغانمىدىڭ؟

ئۇ دائىم بىر يەرگە ماڭسىلا ئاتا-ئانىسى نەگە بارىدىغانلىقىنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە سوراپ كېتەتتى-دە، بىر ئامالنى قىلىپ ئۇنى ماڭدۇرمايتتى. ئۇمۇ بارمىسا بولمايدىغان بىرەر باھانە تاپالمايتتى. ئۇ بىر قېتىم دادىسىنىڭ ئانىسىغا: «قىزىمىزغا ئوبدان قاراڭلار. قىزىمىز پۈتۈن يېزا بويىچە گۈللەرنىڭ گۈلى. ئۇنىڭغا ھەر ئېسىل ئادەمنىڭ باللىرىنىڭ كۆزى تىكىلىك. پۈتۈن يېزىنىڭ كۆزى بىزدە. ئەگەر بىراۋ قاسىماخۇنىنىڭ قىزى پوكۇنى يەردە بىرسى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇشۇپ كېتىپتۇ دېسە، بىز ئۈچۈن نى-ئار، نى نومۇس.» دەپ تاپىلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

ئۇنىڭغا ئەمدى ئۆتىۋاتقان ھەر بىر كۈن ئۇنىڭ بەختىنى بىر ئۆلۈشتىن ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئاخىرى نۇرغۇن ئەلچىلەر كېلىپ ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ئاز-تولا داۋالغۇش پەيدا بولدى. گەرچە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشماي، ئاتا-ئانىسى ئۇ ئەسلا

AltunOq

www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ باقمىغان، باشقا يېزىدىكى نام ئابرويلۇق مۇللامنىڭ ئوغلىغا ماتۇل بولغان بولسىمۇ، بۇ داۋالغۇشلار، ھەر ھالدا ئۇنىڭغا ھاياجان ۋە شادلىق ئېلىپ كەلدى. بۇ شادلىق پەقەت ئەرلەرگە بولغان قاتتىق تەلپۈنۈشلا ئىدى. كېيىن ئۇ ئۆز قەلبىدىكى ئەركەكنىڭ باشقا بىردىلەن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئورنىنى ھېچكىم باسالمايدىغانلىقىنى سەزگىنىدە قاتتىق ئازاب ھېس قىلغانىدى.

ئۇ بىر كېچىنى ئۇخلىماي، خىيال بىلەن ئۆتكۈزدى. كېچە دېگەن نەقەدەر ئۇزۇن-ھە. ئۇ بۇ كېچە ھەممىنى بىر-بىرلەپ ئويلاپ چىقتى. گويا خىيال سىزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىنىڭ بېسىپ بولغان قىسمىنى تەكرار بىرنەچچە قېتىم بېسىپ بولغاندەك ھېس قىلدى. بوشلۇقتا ئېچىنىشلىق قىياپەت بىلەن لەيلەپ تۇرغان قاراڭغۇلۇقتا ئۈزۈلمەس تىكىلگىنىچە تاڭنى كۈتتى. تاڭ ئېتىشى بىلەنلا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ھويلا ئارامنى سۈپۈرۈپ بىر قۇر تازىلىدى-دە، قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشتەك شەھەرگە قاراپ چاپتى. ئانىسىغا مەھەللىدىكى دوستىنىڭ يېنىغا كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويدى.

ئۇنىڭغا شەھەردىن ئايرىلغان مۇشۇ بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا شەھەردە ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەتكەندەك سېزىلدى. بىراق ئۇ، بۇ شەھەرنىڭ قەيىرىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى، قەيەرگە يېڭى بىنا سېلىنغانلىقىنى تاپالمىدى. پەقەت ھەممە ئەتراپ ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەل، ئۇ ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان جۇشقۇنلۇققا چۆمۈلگەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ چىن يۈرىكىدىن ئورۇن ئالغان بىراق ئاگاھلىمىغانلىقى ئۇزۇن بولۇپ كەتكەن گۈزەل كىيىدەك جۇش ئۇراتتى.

ئۇ ئاستا مېڭىپ، ئۆزى ئوقۇغان ئوتتۇرا مەكتەپكە كىردى. ئۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن، نېمىنى ئىزدەپ كىرگىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بىراق كۆزلىرى تولىمۇ قىممەتلىك بىر نەرسىنى ئىزدىگەندەك ئەتراپقا قارايتتى. يۈرىكى نېمىگىدۇر بىرنەرسىگە تەلپۈنەتتى. ئۇ مەكتەپنىڭ ئىچىدىكى دەرەخلىكلەرگە بىر قۇر نەزەر تاشلاپ چىقتى. ھەر بىر دەرەخ، ھەر چىمەندە توپا ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئازاب بىلەن ئۆرتەيتتى. ئەنە ئاۋۇ دەرەخلەرنى ئىككى يىل ئاۋۋال ئۇلارنىڭ سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار تىككەنىدى. ھازىر ئۆسۈپ خېلى چوڭىيىپ كېتىپتۇ. ئۆزى تۇتۇپ بەرگەن، ئادىل نەم توپا بىلەن يىلتىزىنى كۆمگەن دەرەخلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇتۇپ كۆردى. ئۇلار بىرگە تىككەن دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ ئايرىپ چىقتى... ئەنە ئاشۇ توپىلاردا ئادىلنىڭ ئاياغ ئىزلىرى بار. دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئادىل ئۇنىڭغا لاي ئېتىپ، ئوتلۇق كۆزلىرىنى چاقنىتقىنىچە چاقچاق قىلغانىدى. ئۇ ئاتقان لايلار ئۇنىڭ ئوتلۇق قوللىرى تەگكەن ئاشۇ لايلار مۇشۇ تۇپراقنىڭ قەيەرلىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەندۇ؟ تاپالىسا ئېلىپ كۆكسىگە بېسىۋالسا، كۆزلىرىگە سۈرتۈپ ياشلىرى بىلەن ھۆل قىلىۋالسا... ئۇنىڭ ئارمىنى قالمايتتى.

قايتىپ كەلگەن يىغا ئۇنىڭ بەدىنىنى تىنىمسىز سىلكىندۈرەتتى. ئۆزىنىڭ بۇقەدەر يىغلاڭغۇلۇقىدىن قاتتىق خىجىل بولۇپ لەۋلىرىنى چىشلەپ ئۆزىنى ئاران تەستە تۇتۇ-

ۋالدى. بىرەركىمنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئەتراپقا قاراپ قويدى. تەتىلدىن يەغىلىشقا يەنە بىر نەچچە كۈن بار ئىدى. مەكتەپ ئىچى جىمجىت بولۇپ، گۈزەل، غەمسىز چاغلاردىكى شېرىن ئەسلىمىلەرلا ئۇنىڭغا ھەمراھ ئىدى.

ئاھ، خۇدا نېمە بولدۇم؟ نېمىگە بۇنچە ئازابلىنىمەن؟ نېمىشقا ئۆلگەن بۇ جانسىز جىسىملارغا قاراپ كۆز - ياش تۆكىمەن؟ ھېچقانداق روھى دۇنياسى بولمىغان جانسىز ماددىلاردىن نېمىلەرنى كۈتىمەن؟ ئۇنىڭغا ئادىلمۇ مۇشۇ جانسىز ماددىلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەتكەندەك، ئۇنىڭ ئوتلۇق قاراشلىرى بىر قۇرۇق خىيال، ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغان چۈشتەك. ئۆزىنىڭ سوغۇق ۋە جىمغۇرلۇقى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ قەيەردىدۇر مەسخىرىلىك قاراپ، كۆزىتىپ تۇرغاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. ئەتراپتىكى ھەر بىر جىسىمدىن تارتىپ رەھىمسىز ئەسلىمىلەر قىپقىزىل يېلىنجاپ تۇرغان يالقۇندەك لاۋۇلداپ يېنىپ كېلىپ، تىللىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى، قانلىرىنى سۆيگىلى تۇردى. ئەسلىمىلەر پۈتۈن ئورمانلىقنا گويا ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتقاندەك، پۈتۈن جىسمى شۇ ئوت تەپتىدىن پىژىلداپ ئۆرتىنىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ ئېغىر تىنىدى.

ئۇ ئېغىرلاشقان ئاياغلىرىنى سۆرەپ ئۆزى ئوقىغان سىنىپنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بىردىنلا قارتىندە قىلىپ تارتىشىپ كەتتى. ئاپئاق ئاقارتىلغان سىنىپنىڭ تېمىغا جىجىپ يېزىلغان ئادىلنىڭ ئىسمىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى، بېرىپ سىلىغۇسى، كۆزلىرىگە سۈرتكۈسى كەپ كەتتى. بىراق سىنىپنىڭ ئىشىك دېرىزىلىرى ئېتىك ئىدى.

ئۇ مەكتەپتىن چىقىپ تۆت كوچا دوقمۇشىغا كېلىپ تۇرۇپ قالدى. قاياققا بېرىش كېرەك؟ ئۇ، يان تەرەپتىكى ئاۋات رەستىلەر ئىچىدىن ئادىلنىڭ بوتكىسىنى ئىزدەپ قاردى.

«بولدىلا، ئۇنى كۆرمەي، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشماي! ... ئۇنى كۆرۈپ يۈرىكىمنى تېخىمۇ پۇچىلاپ نېمە قىلىمەن. ئەڭ ياخشىسى بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشماسلىق كېرەك! بولمىسا مەن تۈگىشىپ كېتىمەن. مەن باشىيالمايمەن!» ئۇ دەرھال كەتمەكچى، ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قاراپمۇ قويىماي، ئۆيى تەرەپكە كېتىپ قالماقچى بولدى. بىراق ئۇني ئىلكىگە ئېلىۋالغان سىرلىق بىر كۈچ ئۇنىڭ ئاياغلىرىنى بىنانىڭ ئالدىدىكى قىزىل سىرلانغان بوتكىغا تارتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يۈرىكىنىڭ شىددەتلىك سېلىشلىرىنى ئىمكان قەدەر بېسىپ، قەدىمىنى بارغانسېرى ئاستىلىتىپ شۇ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قاپقارا شەھلا كۆزلىرى ئەتراپقا كېپەكتەك ئەندىكىپ قارايتتى. ھودۇقۇش ۋە ئوتلۇق تەلپۈنۈش بىلەن شوخ قامەتىنى ئىزدەيتتى. ئۇ ھاياجىنىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، كۆزلىرىنى زورىغا قىسىپ، لەۋلىرىنى يېپىلدۇرۇپ كۈلگەن ھالەتكە كەلمەكچى بولۇپ ئاۋارە بولۇۋاتاتتى. بىراق بۇ ھالىتى تاتارغان چېھرىنىڭ تەسىرىدىن كۈلگەن ئەمەس، گويا يىغلىغان قىياپەتكە كىرىپ قېلىۋاتاتتى.

ئادىلنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ، پۈتۈن بەدىنى ئۆيۈشۈپ، جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. لەۋلىرى، ئۇنىسىز تىترەپ كەتتى. ئادىل

www.uyghurkitap.com

بۇتىنكا ئالدىغا قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، غەمگە پاتقان ھالدا يېڭىدىن كەلگەنلەرنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق غەمكىن قىياپىتى قىزنى ھەيران قالدۇردى. بەلكىم ھېلىقى ئىشنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى ئۇ. ئاپىسىدىن ئاڭلىغان گەپنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇنچە غەمكىن بولسىمۇ يەنىلا چاقناپ تۇراتتى. كېلىشكەن چىرايىدىن ئازاب ئۇرغۇپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىتىدىنمۇ تەسۋىرلەپ بولغۇسىز بىر جەلىپ قىلىش كۈچى يەنى شوخلۇق ۋە چەبدەسلىك چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ ئۆزىگە بىر قىزنىڭ تەلپۈنۈپ، ھەسرەت بىلەن يىراقتىن مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغىنىنى ئەسلا سەزمەيتتى. بەلكىم شۇ تاپ ھېلىقى ماموت جۇرىنىنىڭ ياسانچۇق قىزى پەردىدىنىڭ شوخ-ناز كەرەشمىلىرى ئۇنى شېرىن چۈشتەك مەسخۇش قىلىپ، ئۇنىڭ نىكاھسىز بالا تېپىپ قويغان نالايىق ئىشلىرىغا ئۆكۈنۈشىگە پۇرسەت بەرمەيۋاتقاندۇ. بەلكىم ئۇ ئادىلىنىڭ قەلبىنىڭ ھېچبىر بۆلۈك پۇشقاقلىرىدىمۇ يوقتۇ؟ ئۇ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرگەندەك تېز ماڭدى. گويا ئاشۇ قورقۇنچلۇق تەلپۈنۈشنىڭ ئۆزىگە سوزغان مۇدھىش قولىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يول بويى ئۆزىگە ئۇچرىغان ھەممە ئەركىشىلەرنى ئادىل بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقتى. ھېچكىم ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. ھېچكىمنى ئۇنىڭغا تەڭ بولالمايتتى. شوخلۇق ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا ياراشقاندەك ياراشمايتتى. ھېچكىمنىڭ مېڭىشلىرى ئۇنىڭدەك چەبدەس، جەسۇر ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا دۇنيادا پەقەت ئاشۇ بىرلا ئەركىشى قالغاندەك، باشقا ئەرلەرنىڭ ھەممىسى جانسىز ماددىغا، تىرىك جەسەتكە ئايلىنىپ كەتكەندەك سېزىلدى.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئاخىر بولالماي ئاپىسىغا:

— مەن تېخى كىچىك، توي قىلمايمەن، — دېدى.

— نېمە؟ — ئاپىسى ئۇنىڭغا چۆچۈگەن ھالدا قادىلىپ سورىدى، — نېمىشقا بۇنداق ئۆزگىرىپ قالدىڭ؟

— مەن... مەن... — ئۇ دۇدۇقلاپ كەتتى. يۈرىكى تىنىمسىز دۈپۈلدەپ كېتىۋاتاتتى. — تېخى كىشىلەرنى ئوبدان چۈشىنىپ كەتمىدىم. ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان بىرسى بىلەن توي قىلسام...

— كۆرۈپ باقمىغان بولساڭ نېمە بوپتۇ؟

— ... ئىشقىلىپ يات ئادەمگە... ئۆزلەشمەك تەس...

ئانىسى ئۇنىڭ سۆزىنى غەزەپ بىلەن بۆلۈۋەتتى:

— ھە ... سەن بۈگۈن شەھەردە كوچا خوتۇنلىرىدەك لاغايلاپ يۈرۈپ، تونۇشتىن بىرنى تېپىۋالدىڭمۇ - يە؟

— ياق ... ئاپا! ... — ئۇ قاتتىق چۆچۈدى، چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ شەھەرنى كېزىپ يۈرگىنىڭنى داداڭ ئۇقۇپ قالمىسۇن. بولمىسا ئەدىپىڭنى بېرىدۇ. ھازىر سېنىڭ ئۆزۈڭنى بازارغا سالغاندەك كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرىدىغان چاغلىرىڭمۇ!؟ خەقلەر كۆرسە نېمە دەيدۇ؟ ئوقۇغۇچىلىق

ۋاقتىڭ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ چاغدا خەقلەر سېنى تېخى كىچىك، ئوقۇۋاتىدۇ دەپ چاتىقىسى بولمايتتى. ھازىرچۇ؟ ھەممىنىڭ كۆزى سەندە. تويىنىڭ ۋاقتىنى بېكىتتۇق. يەنە ئىككى ئايدىن كېيىن چوقۇم قىلىمىز. تونۇمىساڭ تونۇشىسەن. ھەممە ئادەم بېشىدا ئېلىپ كۆتۈرىدىغان چوڭ داموللىنىڭ ئوغلى. يۈزى بار، ئىناۋىتى بار، ئوبدان بالا. بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا رام بولۇپ قالىسەن. سەن تېخى ئۇنى تونۇمايمەن دەپ، نەدىكى ھاراق-كەش، لۈكچەك بىلەن ئاشىق-مەشۇق بولۇشۇپ يۈرەي دەمسەن؟ ئەتە-ئۆگۈن تونۇش بىلىشلەر سېنىڭ بىرەسى بىلەن ئورمانلىقتىن چىقىۋاتقىنىڭنى، قوناقلىقلاردا پاراڭلىشىپ تۇرغىنىڭنى كۆرۈپ قالسا... بىزنى خەقنىڭ ئالدىدا ئۇندىق ئىزاغا قويغۇچە يەرگە تىرىكلا كۆمۈۋەت!

ئانىسى چېچىلىپ بىر ھازا سۆزلىدى. ئانىسىنىڭ چىرايىدىكى كەسكىنلىك ئۇنى ئېغىز ئاچقىلى قويمىدى. ئانىسىنىڭ سۆزلىرى گويا بارغانسېرى تارىيىۋاتقان كۆرۈنمەس قەپەستەك، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئىلكىگە ئېلىپ رەھىمسىزلىك بىلەن مۇجۇيتتى. ئۇ بۇنىڭدىن ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكنى تامامەن چۈشىنىپ يەتتى. ئاشۇ ھالدا ئادىل توغرۇلۇق سۆز ئاچىدىغان بولسا، پۈتۈن ھاياتىدا كۆتۈرۈپ بولالمىغۇدەك ئېغىر ئاھانەت-دەشنەملەرنىڭ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى سەزدى. ئۆزىنى ئازاب بىلەن ۋىجدانەن ئەيىبلىدى. ئۇ ھەر قانچە قىلىپمۇ ئادىلنى ياخشى كۆرمەس بولۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بارغانسېرى چۈشەنسىمۇ، لېكىن ئۇنى سۆيۈشكە مەڭگۈ قۇدرىتى يەتمەيتتى. ئۇ قەلب خاھىشى ئالدىدا تەقدىرىنىڭ ئالقىنىدىكى چىۋىندەك بىچارە ئىدى، بىراق ئاخىرغىچە جان تالىشىشقا بەل باغلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن تويىنىڭ تېزرەك بولۇشىنى تىلىدى. توي قىلسام بەلكىم ئەر بولغۇچىنىڭ مېھرى-مۇھەببىتى ۋە ئىلكىگە ئېلىشى بىلەن ئادىلنى ئۇنتۇشۇم، بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشۇم مۇمكىن دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ئۇنىڭ بۇلاقتەك بىغۇبار، سۈپ-سۈزۈك شەھلا كۆزلىرىدىن مەرمەردەك ئاق يۈزلىرىگە ياش سىرغىدى. ئۇ دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىچكىرىدىكى ئۆيىگە كىردى-دە، ئۆزىنى كارىۋاتقا ئېتىپ يۈرىكىدىكى بارلىق ئازاب، ھەسرەتلىرىنى كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇپ چىقىرىۋەتمەكچى بولۇپ، ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ پىغانلىق يىغلاشقا باشلىدى. يىغلاش ئوڭاي ئەمەس! ئەمما يىغا ئازابنىڭ چوققىسى ئەمەس، ئۆز-ئۆزىگە بېرىلگەن ئەڭ بىچارىلەرچە تەسەللىي.

## ئىككىنچى باب

بىر پەس ياغقان يامغۇردىن كېيىنكى ھاۋا گويا يۈرىكىگە پاتماي قېلىۋاتقان ئاچچىق داغ-ھەسرەتلىرىنى بىركىمگە ئېيتىپ، راسا يىغلاپ ئىچىنى بوشىتىۋالغان كىشىنىڭ قەلبىدەكلا ئوچۇق ۋە سۈزۈك ئىدى.

رىزۋان ئېرى روزىنىڭ ۋېلىسىپىتىگە مىنگىشىپ كېلىۋاتماقتا. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم چوڭ ئۆيىگە قايتىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئادەتتە بىر-بىرىگە ھەم يېپىشىپلا تۇرىدىغان، تولغان ئوماق لەۋلىرى تېخىمۇ قىزىرىپ، چۈشىنىكسىز بىر تەبەسسۇم بىلەن چاقناپ تۇراتتى. ئۇكۇلۇپلا

www.uyghurkitap.com

تۇراتتى. ئۆزىنىڭ نېمىشقا بۇنداق خۇش خۇي بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ چۈشەنمەيتتى. ئۆزىگە بۇ كۈلكىلىرى هەم مەنىسىز، هەم غەلىتە تۇيۇلاتتى. ئۇ بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي يۈردى. هامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۈنجى توي كېچىسىدىكى يىرگىنىچلىك ۋە شېرىن ئاشۇ مەنزىرە گەۋدىلىنىۋېلىپ، قەلبىنى ئازاب، شادلىق ۋە گاڭگىراش ئارىلاشقان چۈشىنىكسىز بىر ھېسسىيات ئىلكىگە ئېلىۋالاتتى.

ئۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ھاياتنىڭ بۇنداق ئاجايىپ تېز ۋە زور ئۆزگىرىشلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ يۈرەتتى. ئۆزى بۇرۇن پەقەتلا تونىمايدىغان كىشىلەرنى «ئانا»، «دادا» دەپ ئاتاپ، ئۆزىنى ياتلا ئۆيىنىڭ بىر ئەزاسى ساناپ يۈرگىنىگە خىجالەت ئارىلاش ھەيران بولاتتى. دائىم قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىلىرىنى چاقىرغان چاغدا بوغۇزىنى تاغدەك بىر نەرسە بېسىۋالغاندەك، لەۋلىرى ئويۇپ كېتىۋاتقاندەك ئاۋازى تەستە چىقاتتى. ئۇلارنى ئاتىغان چاغدا ھەر بىر بوغۇمنىڭ ئارىلىقىدا ئاۋازى سوزۇلۇپ ۋە ئىنچىكىلەپ، ئۈزۈلۈپ قالغىلى تاس قالاتتى. چىرايلىق ئەگمە قاشلىرى ئاستىدىكى مۆلدۈرلەپ تۇرغان تىنىق كۆزلىرى قەيەرگە قاراشنى بىلەلمەي قالاتتى. ئۇلارغا قىزىقىش، تارتىنىش ۋە ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن يەر تېگىدىن پات-پات ئوغرىلىقچە قاراپ قوياتتى. ئۇلار بولسا گويا ئۇنى كىچىك چېغىدىنلا بېقىپ چوڭ قىلغان، ئەزەلدىن بىللە ئۆتكەن ئاتا-ئانىسىدەك ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلىپ كېتەتتى. ئۇنى بەكمۇ ئەزىزلەيتتى. ئۇ بۇنى دادىسىنىڭ يۈز-ئابرويلۇق مويسىپىت كىشى بولغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ بەكمۇ تارتىنچاق ۋە ئەدەپلىك بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتى (ئۇنىڭغا قىلىۋاتقان ھەممە ئىشلىرى ئۆزىنى تازا ئەدەپ-ئەخلاقلىق كۆرسىتىشكە ماسلىشالماي، ھامان بىر يەرلىرىدىن چېنىپلا تۇرۇۋاتقاندەك سېزىلەتتى. پەقەت بەزىدە باشقىلار ئۇنى قېيىن ئانا ۋە قېيىن ئاتىلىرى ئالدىدا «ھەجەپ ئالتۇندەك ئېسىل بالىنى كېلىن قىلىۋاپسىلەر...» دەپ يۈزىچىلا ماختىشىپ كەتكىنىدە ئۆزىنى ئەدەبلىك كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلغان تىرىشچانلىقلىرى، ھەر ھالدا بىكارغا كەتمىگەن بولسا كېرەك دەپمۇ ئويلاپ قالاتتى) ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان بۇنچە يېقىنچىلىقلىرى ئۇنى خىجىل قىلاتتى.

يېڭى تۇرمۇش، يېڭى ئادەملەر ۋە ئائىللىق تەلەپلىرىنىڭ ئورۇندىلىشى ئۇنى ئازتولا رازى قىلدى. ئەمدى ئادىلىنى ئۇنتۇپ كېتىمەن دەپ ئويلىدى. گاھىدا خىيالىغا كېلىپ قالسىلا دەرھال ئۇنى خىيالىدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن قەستەن ئېرىگە ئەركىلەپ ناز قىلاتتى. بىراق بۇ ياسالما ھەرىكەت ئۇنى تېخىمۇ ئازابلايتتى. گاھىدا بۇنداق نازلىرى، چاقچاقلىرى پەقەتلا ماس كەلمەي قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ تېخىمۇ زورۇقۇپ، ئۆزىنى زورلاپ چاقچاق قىلاتتى. يۈزلىرى بولسا شالپەردەك قىزىرىپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئادىلنى توي بولۇشنىڭ ئالدىدىكىدەك ئۇنچىۋالا خىيال قىلمايدىغان بولدى.

ئۇ ئۆز ئۆيىگە بېرىشتا شەھەرنى كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۆيى شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بىر يېزىدا، ئېرىنىڭ ئۆيى بولسا شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بىر يېزىدا ئىدى.

Altun0q

ئۈچ ئاي ئىلگىرىكى بىر كۈنى دادىسى بازارغا كېلىپ بىر نەرسىلەرنى سېتىۋالدى. ئۆيىگە قايتاي دەپ تۇرغاندا جۈمەگە ئەزان ئېيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن دەرھال شەھەردىكى چوڭ مەسچىتكە كىرىپ جۈمە نامىزىنى ئوقۇدى، ئۇ ناماز ئارىلىقىدا ۋەز-نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، پاكىز كىيىنگەن، چىراي-شەكلى كېلىشكەن سەللىلىك بىر ئاقساقال كىشىگە دىققەت قىلىپ، ئۇنىڭ مۆتىۋەر ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇ ئادەم ئارىلىقتا تەمام سۆزلىگەن بىر ئىش توغرۇلۇق ئۆز قارىشىنى ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەر ئارىلاشقان مۇرەككەپ بىر جۈملە بىلەن ئاستا پىچىرلاپ ئۇنىڭغا ئېيتتى. ئۇ گويا خەزىنىگە يولۇققاندەك شادلىنىپ كەتتى. نامازدىن چىققۇچە ئۇ ئادەم بىلەن راسا مۇڭدىشىپ كەتتى. گېپى تۈگىمەي مەسچىت ئالدىدا بىر ھازاغىچە تۇرۇشتى. ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئاجايىپ پاساھەتلىك سۆزلىرى بىلەن ئۇنى رام قىلىۋالدى. ئۇ ھازىرقى جەمئىيەتتە ئىماننىڭ بارغانسېرى سۇسلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بولۇپمۇ ھازىرقى مەكتەپلەرنىڭ بۇنىڭدا مۇھىم رول ئويناۋاتقانلىقىنى، مەكتەپلەردىكى قىز-ئوغۇللارنىڭ بىللە ئوقۇشى نەتىجىسىدە ئەدەپ-ئەخلاق دېگەنلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، كۈندىن-كۈنگە خاراپلىشىۋاتقانلىقىنى ئېچىنىش بىلەن ئاجايىپ سىرلىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ، قىيامەتنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقى، ئاللانىڭ قەھرى-غەزىپىنىڭ تۆكۈلۈۋاتقانلىقى توغرىسىدا بېشارەت بەردى. ئۇ ئاغزىنى ئاچقىنىچە ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغانىدى ۋە ئۇنىڭغا قايىل بولغانىدى.

رامىزان ئېيىدا رىزۋان ئىمتىھانغا تازا ئالدىراش تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە بۇ ئادەمنى ئۆيىدە غىل-پاللا كۆرگەنىدى. بىراق ئۇنىڭ كەككۈسىدە ئۆزىگە قېيىن ئاتا بولۇپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغاچقا ئۇنىڭغا زەن سېلىپ باقمىغان. ئۇنى دادىسى ئېيتاغا چاقىرغاندا ئۇ ئادەم بۇ قىزنى كېلىن قىلىۋېلىشنى ئاللىقاچان كۆڭلىگە پۈكۈپ بولغانىدى. قىزنىڭ دادىسىدىن قىزنىڭ ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغىنىدا ئۇنى ئوقۇتۇپ يامان قىلغانلىقى توغرۇلۇق ئازراق ۋەز-نەسىھەت قىلدى. ئاندىن بۇ مەقسىتىنى تولىمۇ يوشۇرۇن ۋە ئەپچىل سۆزلەر بىلەن ئىزھار قىلغاندا قىزنىڭ دادىسىنىڭ ۋۇجۇدى ھاياجاندىن تىترەپ ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالغانىدى. ئەنە شۇنداق ئېسىل ئادەمنىڭ ئۆزىدەك ئادەتتىكى بىر ئادەمدىن قۇدا بولۇشنى تەلەپ قىلغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي قالغانىدى.

ئۇ مەھەللىسىدىكى كىشىلەرنىڭ قىزنى مەھەللىدىن چىقىرىۋەتمەسلىك توغرىسىدىكى نەسىھەتلىرىگە پەرۋامۇ قىلمىدى. كەلگەن باشقا ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا سالاپەتلىك ئاشۇ مۆيسىپىت كىشىنىڭ مېھرىبان قىياپىتى ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئەدەبلىك يۈرۈش-تۇرۇشى ۋە ھەرىكەتلىرى گەۋدىلىنىپ، دىلىنى چەكسىز سۆيۈنۈش قاپلىۋالاتتى. ئۇ قىزنىڭمۇ قارشىلىقلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن بېسىقتۇردى...

رىزۋان ئېرى بىلەن بازارنىڭ ئادەم ئەڭ كۆپ توپلاشقان جايىغا كېلىپ ۋېلىسىپتتىن چۈشتى. روزى ۋېلىسىپتنى ئادەملەر قىستىلىشىپ ئۇيان-بۇيان ئۆتۈشۈۋاتقان ئەركىن بازار تەرەپكە بۇرىدى. شەھەرگە كىرىش بىلەنلا رىزۋاننىڭ يۈرىكى قاتتىق سېلىشقا باشلىغانىدى. ئېچكىرىلەپ كىرگەنسېرى تېخىمۇ قاتتىق گۈپۈلدەيتتى. يولدا قان-

داقتۇر بىر ۋەھىمە ئۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى. قەدەملەر بارغانسېرى تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ باراتتى. ئۇ نېمىشقىدۇر روزى باشلىغان تەرەپكە مېڭىشقا جۈرئەت قىلالماي توختاپ قالدى. روزىنىڭ «ھەي!» دەپ توۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىماي قالدى. چۈنكى شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى مۇشۇ رېئاللىق ئىچىدە ئەمەس ئىدى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى شېرىن چۈشلىرىنىڭ يۈرىكىنى تاتىلاشلىرىدىن قۇتۇلۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندى. بۇ چۈش تولىمۇ قۇدرەتلىك ئىدى.

روزى ئاخىرى كېلىپ ئۇنى تۇرتتى:

— خوتۇن بۇياققا مېڭىڭلا، نېمانداق گاڭگىراپ تۇرۇپ قالىسىلەر؟

ئۇ گويا ۋۇجۇدىغا بىر پارچە مۇز كېلىپ تەگكەندەك ئەندىكىپ، روزىغا قارىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىگە جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق شىۋىرغاندەك بۆسۈپ سىڭىپ كىرگەن «خوتۇن» دېگەن بۇ ئاۋاز، گويا ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان قورقۇنچلۇق كېسەلگە قويۇلغان ئەڭ ئاخىرقى دىئاگنوزدەك، ئەڭ كەسكىن ۋە رەھىمسىز ھۆكۈمدەك ئۇنى تىترىتىۋەتتى. «خوتۇن» دېگەن بۇ سۆز گويا ئۆي ھايۋانلىرىنى چاقىرىدىغان ئاتالغۇلارنىڭ بىرىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بۇنىڭدا ئادەمگە، ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇھەببەتكە خاس پۇراقنىڭ ئىزناسىمۇ يوق ئىدى.

ئۇ روزى باشلىغان تەرەپكە ماڭماقچى بولۇپ پۇتىنى يۆتكىۋىدى، پۇتلىرى مەست ئادەمنىڭكىدەك قولاشماي قالدى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمەستىن «مەن...مەن بۇنداق ماڭماي!» دەۋەتتى. بۇ ئاۋازنىڭ ئۆز ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى. كۆزلىرى سەل يىراقتىكى ئېگىز بىنا ۋە ئۇنىڭ تۈۋىدىكى بوتكىدا ئىدى.

تۇيۇقسىز بىر قول ئۇنىڭ دولىسىغا تەگدى. ئۇ ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى، چۆچۈپ قارىۋىدى ئادىل يېنىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن كۆيدۈرگۈچ بىر دولقۇن تارقىلىپ تىترەپ كەتتى. يۈرىكى قومغا تاشلانغان بېلىقتەك تىپىرلايتتى. ئۇ لەۋلىرىنى چىشلەپ ئادىلغا قارىدى. چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. بەدىنىدىكى بارلىق ھۈجەيرىلىرى ئويۇپ، بەدىنى بىر ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالغاندەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— رىزۋان، قەيەرگە ماڭدىڭ؟ ياسىنىپ ئەجەپ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەنغۇ؟... ھوي نېمە بولدۇڭ؟... چىرايىڭ ئاجايىپلىغۇ...

ئادىل بىر قولىنى رىزۋاننىڭ دولىسىغا قويۇپ ۋېلىسىپىتىدىن چۈشمەي تۇراتتى. جىيەكلىرى قىزىرىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى تېخىمۇ چاقناپ، تېخىمۇ ئۆتكۈر بولۇپ كۆرۈنەتتى. لەۋلىرىدىن بۇلاقتەك قايناپ چىقىۋاتقان كۈلكە تولىمۇ ساپ ۋە شوخ ئىدى.

رىزۋان ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۆزىمۇ سەزمەي تىكىلىپ قالغانىدى. ئۇ ئاخىرى چىدالماي كۆزلىرىنى ئادىلنىڭ كۆزلىرىدىن ئېلىپ قاچتى.

— ئا... ئا... دىل... — ئۇنىڭ تىلى گەپكە كەلمەي، تەستە ئاران شىۋىرلىدى. بۇ شىۋىرلاشنى ئادىل ئاڭلىدىمۇ-ئاڭلىمىدىمۇ بىلىپ بولمايتتى.

ئادىل ھەيرانلىق بىلەن سورىدى:

— رىزۋان، نېمە بولدۇڭ؟

روزى ئارقىسىغا قاراپ بىرەيلەننىڭ ئۆز ئايالىنىڭ دولىسىغا قولىنى قويۇپ، ھاياسىز-

لارچە ھېجىيىپ، چاقچاققا چۈشۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ غەزەپتىن چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئېتىلىپ كېلىپ ئادىلنىڭ قولىنى رىزۋاننىڭ مۈرىسىدىن سىلكىپ ئېلىۋەتتى-دە، غەزەپ بىلەن ئادىلغا ۋارقىرىدى:

— ئاداشوي، چاقچاق قىلىدىغان ئادىمىڭنى تېپىپ چاقچاق قىل!

— ھە! ئۇ سېنىڭ نېمەڭتى؟ — ئادىل ۋېلىسىپىتتىن سەكرەپ چۈشتى، — چاقچاققا ياج ئالامتىڭ؟!

— بۇ مېنىڭ خوتۇنۇم.

— خوتۇنۇم؟... سېنىڭ خوتۇنۇڭ بولسا مېنىڭ ساۋاقدىشىم، سېنىڭ قۇلۇڭ ئەمەستۇ؟!

رىزۋان ئادىلنىڭ قولى تېخىچە دولىسىدا تۇرغانىدەك ھېس قىلىپ، ئادىلغا قاراپ تۇراتتى. ئادىلنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە ئۆزگەرمىگەنىدى، بىراق چىرايى سەل سۈرلۈك تۈس ئالغانىدى. روزى بولسا قورقۇمسىراپ ۋارقىرايتتى. بۇرۇن تۆشۈكلىرى چوڭىيىپ، قانسىز لەۋلىرى تىترەيتتى. ئادىل ئۇرۇشىدىغاندەكلا قىلاتتى. بىراق يەنىلا ھېلىقى چاقناپ تۇرغان شوخ كۆزلىرىدىن كۈلكە ئۆچمەيتتى. ئېگىز بەستىدىن قارام بىر كۈچ ئۇرغۇپ ئۇنى تېخىمۇ چەبدەس ۋە كېلىشكەن قىلىپ كۆرسىتەتتى.

— بولدى... بولدى قىلىڭلار... — دېدى ئەمدىلا ئېسىگە كەلگەنىدەك رىزۋان تىترەك ئاۋاز بىلەن روزىغا قاراپ، — بۇ مېنىڭ راستىنلا ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم.

ئادىل مەيدىسىنى چىقىرىپ روزىنىڭ ئالدىغا قىستاپ كېلىۋاتاتتى. روزى ئوچۇق ئاشكارا كەينىگە داجىشقا جۈرئەت قىلالماي، چاندۇرماستىن دەرھال ئايالىنىڭ يېنىغا كېلىۋالدى. ئۇنىڭ قورقۇمسىراپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ رىزۋان گويا كىشىلەر ئالدىدا يالىڭاچ تۇرغاندەك ئۇيۇلۇپ كەتتى.

— يۈر كېتىمىز، — روزى رىزۋاننىڭ يەلكىسىدىن تارتتى. رىزۋان ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ دىرىلدەپ تىترەشلىرىدىن گويا يالىڭاچ تېنىگە سوغۇق بىر پاقا چاپلىشىۋالغاندەك سەسكىنىپ كەتتى. قورۇنۇپ ئىتتىك ئۆزىنى تارتتى-دە، ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ كەتتى.

ئادىلنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە ئەمدى ئۆچكەن بولۇپ، ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالغانىدى. يۈزلىرىدە مۇھىم بىر نەرسىنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى سەزگەن ئادەمنىڭكىدەك ئالاقزادىلىك غۇۋا سايە تاشلاپ تۇراتتى.

روزى يولدا بىر ھازا غودىراپ ماڭدى. ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقى رىزۋاننىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ روزىنى يولدا ئۇچرىغان ھەممە يىگىتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردى، ئۆزىنىڭ نەقەدەر بەختسىز ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ مەڭگۈ باشقىلارغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ بەكمۇ ئازابلاندى.

ئۇ دۇنيادا بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان ھېسسىياتىنىمۇ مەنىسىز، ساختا ۋە لەززەتسىز ھېس-

www.uyghurkitap.com

سىيات يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. روزى ئۇنى ئىگىلىۋالدى. ئەمدى مەڭگۈ شۇنىڭغىلا شۈكرى قىلىش كېرەك، ئۆز ھېسسىياتىنى باشقا بىراۋغا تەقدىم قىلىش ئەندى جىنايەت بولىدۇ... ئاھ، خۇدا! بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەختسىزلىك بولامدۇ؟

ئۇ ئېرىنى بىر قۇر كۆزىتىپ، كۆزلىرىنى ئۇنىڭ دىقماق ۋە كېلەڭسىز بەستىدىن ئازاب بىلەن يۆتكىدى.

* *

ئۇنىڭ ھاياتى بارغانسېرى دۇزدەك سوۋۇشقا باشلىدى...

روزى دائىم سودا ئىشلىرى بىلەن پالاقلاپلا يۈرەتتى. پەقەت كېچىسىلا ئادەم تاماق يېمىسە بولمايدىغانلىقى ئۈچۈنلا تاماق يېگەندەك رىزۋان بىلەن بىللە بولاتتى. ئۇ بۇنى پەقەت مەجبۇرىيەت قاتارىدا ئادا قىلغاندەكلا قىلاتتى.

روزىنىڭ مال ساتىدىغان بوتكىسىنىڭ ئادىلنىڭ دۇكىنى بىلەن يېقىنلىقى رىزۋاننى تېخىمۇ ساراسىمىگە سېلىۋەتتى، ئۇ ئادىل بىلەن ئۇچرىشىشنى، ئۇنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئازابلاۋېرىشنى خالىمايتتى. بىراق نېمىشقىدۇر غايىبانە بىر كۈچ ئۇنى ئادىلنىڭ بوتكىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە سۆرەيتتى. ئۇ دائىم ئاشۇ بوتكا ئالدىدىن ئۆتكەندە مېڭىشلىرى پەقەتلا قاملاشماي، قەدەملىرى ئالمىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بىر كۈچ ئۇنى ئادىلنىڭ دۇكىنى تەرەپكە قاراشقا مەجبۇر قىلاتتى. گويا ئۇنىڭ ئادىلنىڭ بوتكىسى ئالدىدىن نېمىشقا بۇنچە كۆپ ئۆتىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدىغاندەك، ھەممە ئادەم ئۇنى كۆزىتىپ قاراۋاتقاندەك تۇرۇناتتى. كېلەر قېتىم ئەمدى بۇ يەردىن زادىلا ئۆتمەيمەن دەپ ئۆزىگە ئۆزى ۋەدە قىلاتتى. بىراق ئۇ بۇ يەردىن ئۆتمىسە تىت-تىت بولۇپ، قولى ئىشقا بارماي قالاتتى. ئۇ دائىم ئۆتۈپ تۇرسا ئادىل ئۇنى ھەر قېتىم كۆرگىنىدە پەقەت شوخ تەبەسسۇم بىلەن قاراپ قويىسىلا كۇپايە ئىدى. دۇكىنىدا ئولتۇرۇپمۇ ئادىل تەرەپتىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالاتتى. يىراقتا شۇنچە كىشىلەر ئارىسىدىن سىنچىلاپ قاراپ يۈرمەيلا ئۇنىڭ ئاشۇ شوخ ۋە نۇرلۇق قاپقارا كۆزلىرىنى تونۇۋالاتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر ئىش ھەرىكەتلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغىنى ئۆزىنىڭ ئەقلى بولماستىن پەقەتلا ئاشۇ كۆزلەر ئىدى.

ئەڭ دەسلەپتە روزى ئايالىغا بوتكىنى كۆرسەتكىلى كەلگەن چاغدىن باشلاپ بىر نەچچە كۈنگىچە ئادىل بىلەن سالاملىشىشقىمۇ پېتىنالمىدى. ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە يۈرىكى قاتتىق سېلىپ كېتەتتى. ئۇ بۇنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن دەرھال باشقا ياققا قارىۋالاتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىدا ئېرىنىڭ «بۇ مېنىڭ خوتۇنۇم!» دېگەن ئاۋازى گويا ئۇنىڭ قىلىپ قويغان نومۇسلۇق ئىشلىرىنى ئالەمگە جاكارلاۋاتقاندەك ياڭرايتتى. خىجىللىقتىن يۈزلىرى ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ كېتەتتى. ئۇ ئەمدى بۇرۇنقى ئەركىن-ئازادە قىز ئەمەسىدى. ئەمدى ئوغۇللار بىلەن خالىغانچە چاقچاقلىشالمايتتى. ئۇ ئەمدى بىراۋنىڭ قانۇنلۇق خوتۇنىدە!

روزى بولسا گەپنى پۇلغا ساتىدىغاندەك، سۆزلىرىنى بەكمۇ ئەتىۋارلايتتى. پەقەت سودا-

سېتىقتا قىلمىسا بولمايدىغان بەزى سۆزلەرنىلا ئېغىزىدىن ئاران چىقىراتتى. رىزۋان گاھىدا زېرىككىنىدىن ئۇنىڭ ئېغىزىنى كوچىلاپ ئېچىشقا مەجبۇر بولاتتى. بىراق بۇ چاغدا پەقەتلا ئېرىنىڭ خىرە كۈلكىسىدىن باشقىنى كۆرەلمەيتتى. ئېرىنىڭ كۈلكىسىمۇ گويا كونۇپكىسىنى بېسىپ قويسىلا كۈلىدىغان قونچاقنىڭ كۈلكىسىدەك غەلىتە ۋە ھېسسىياتسىز ئىدى، بىردەمدىلا كۇنۇپكىسىنى بېسىپ توختاتقاندەك چىپپىدە توختايتتى. ئۇنىڭ بارلىق سۆز-ھەرىكەت، ھەتتا روھىي ھالىتىمۇ مەلۇم مەنپەئەت ئۈچۈن ئىدى. رىزۋان ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئىككى يۈرەك ئارىسىدىكى روھىي مۇناسىۋەت بولماستىن، بەلكى ماددىي مۇناسىۋەتكە ياتىدىغان بىر خىل ئالاقە ئىكەنلىكىنى سەزدى. رىزۋان بۇ ئۆيدىكى قۇرساق ئاچ قالمايدىغان تۇرمۇش بەدىلىگە ھەر كېچىسى ئۆز تېنىنى تەقدىم قىلىدۇ. بۇ مۇھەببەت ئەمەس، بارغانچە بىر خىل تووار ئالماشتۇرۇشقا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى ئۇ دائىم مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا، پۈتۈن دۇنيا مۇزلاپ كەتكەنىدەك تېنى شۈركىنىدۇ. بىراق ئېرىگە بارغانسېرى كۆڭۈلسىز بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەي قەلبى بىلەن ئارزۇسى ئارىسىدا ئاچچىق جان تالىشىدۇ. بۇنى ئېتىراپ قىلسا بۇنىڭدىن كېيىنكى روھى ھاياتى تۈگىشىپ كېتىدىغاندەك، ئۆزىنى ئالداپ ئۇنداق ئەمەسلىكىگە ئىشەندۈرىدۇ. «ئاھ، خۇدا بۇ نېمە بولغىنى....، مەن نېمە بولدۇم؟»دەپ دائىم زارلىنىدۇ. «ئۆيىنى بۇزمىغايسەن، ئاھ،خۇدا! مېنى كىشىلەر ئالدىدا رەسۋا بولىدىغان بۇ تەلۋە مۇھەب-بەتنىڭ يولىدا ئازدۇرمىغايسەن!» — دەپ خۇداغا نالە قىلىدۇ.

ھەش-پەش دېگۈچە ئىككى ئايدەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. رىزۋان ئامالىنىڭ بارىچە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئادىلدىن قېچىپلا يۈردى. بىراق يەنىلا تاقىتى قالمىدى. ئاخىرى بىر كۈنى بارلىق غەيرىتىنى يىغىپ ئادىلنىڭ ئالدىغا باردى.

— رىزۋان ئىچكىرى كىرە، توڭغانسەن، — ئادىل ئۇنى بوتكىغا كىرىشكە تەكلىپ قىلدى، — كىر، ئىسسىنىۋال.

قىش پەسلى ھاۋا سوغۇق بولغاچقا بازاردا ئادەممۇ شالاڭ ئىدى. رىزۋان ئىتتىك ئەتراپقا قاراپ قويدى-يۇ، كىرمىدى. نېمىشقا كەلگەنلىكى توغرۇلۇق بىر نەرسە دېمەكچى ئىدى. ھاياجاندىن ئاغزىغا ھېچقانداق گەپ كەلمەي قالدى. يۈرىكى دۈپۈلدەپ سالاتتى.

— توڭمى...دىم.

رىزۋان ئاغزىدىن پەقەت ئاشۇ سۆزنى ئاران چىقىرالىدى.

— رىزۋان، سەن نېمە بولدۇڭ؟ مەندىن بىرەر رەنجىشىڭ بارمۇ-يا؟ دائىم ئالدىمى-دىن ئۆتىسەن، گەپ قىلمايسەن. ھەراست ئۆتكەنكى ئىشقا شۇنداق قىلىپ يۈرەمسەن-يا؟ سەندەك ئېسىل بىر قىزنىڭ ئاشۇنداق بۇقتۇرما، مۆڭ بىر نەرسىگەزايە بولۇپ كەتكىنىنى...

رىزۋاننىڭ بارلىق تومۇرلىرىدىكى قان چوغ ئېقىمىغا ئايلىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ لاۋۇلداپ كۆيدى. كۆزلىرىنى يەردىن ئۈزۈپ ئادىلغا قارىدى. ئادىل ئۇنىڭغا كۈلگىنىچە ئوتلۇق كۆزلىرىنى تىكتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. ئۆزىدىكى بۇ سېزىم ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتىلىق ھالدا تاتىلايتتى. ئۇ ئادىلنىڭ كۆزلىرىدىن نېمىنىدۇر ئىزدەپ تىكىلدى. ئاھ، ئوتلۇق

AltunOq

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى

كۆزلەر ئۆزىنىڭ شۇنچە سىرلىقلىقىغا قارىماستىن يەنىلا كىشىگە بىر خىل سەبىي ئۆسمۈرنىڭ كۆزلىرىدەك مەسۇم تۇيغۇ بېرىدۇ. رىزۋانغا بۇنىڭدەك سېھىرلىك كۆزلەرنى دۇنيادىكى بارلىق ئەرلەرنىڭ ھېچقاندىقىدىن تېپىش مۇمكىن ئەمەستەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ جەيەكلىرى قىزىرىپ تۇرىدىغان بۇ كۆزلىرى رىزۋاننىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كىرىپ، ھاياتى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ مەسخۇش قوينىغا ئېلىۋالغاندەك، دۇنيادىكى ھەر قانداق نەرسىدىن ھەتتا قۇياشتىنمۇ بەكرەك ھۆكۈمران ۋە ئەڭ يېقىملىق، ئەڭ تونۇش ئىدى.

ئادىلنىڭ كۆزلىرىنىڭ تەسۋىرلەپ بولغۇسىز شوخ نۇرلىرى چەكسىز كۈچلۈك بىر يالقۇندەك ئۇنىڭ جىسمىنى كۆيدۈرۈپ سۆيۈپ ئۆتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر تامچە قېنىغا سىڭىپ كىرىپ ئۇنىڭ يۈرىكىدە بىر سىلكىنىش پەيدا قىلدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ، ئېرىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىگە ئاجايىپ كۆيۈنىدىغان ۋە ئىشىنىدىغان قېيىن ئانا - قېيىن ئاتىلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭغا ھاياسىزلارچە تىكىلىپ قالغانلىقىنى سېزىپ ھەيران بولدى ۋە ئۆزىنى ئەيىپلىدى. ئاندىن بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىم دەپ ئويلاپمۇ قويماي ئارقىسىغا ئۆرۈلدى - دە، كېتىپ قالدى.

ئادىل ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. ئاندىن ئۇنىڭ تۆۋەنگە ساڭگىلاپ قالغان ئاستىنقى لېۋى كۆتۈرۈلۈپ يۇمۇلدى - دە، چىرايىنى ئازاب ۋە ئېچىنىشنىڭ غۇۋا كۆلەڭگىسى قاپلىدى.

— ئادىل، قىزچاقنى خاپا قىلىپ قويدۇڭمۇ؟ — قوشنا دۇكاندىكى بىر يىگىت ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى. — تازا ساراڭ قېتىمىش بىر قىزمۇ نېمە، ئۆزىمۇ ئەجەپ چىرايلىق ئىكەن. بۇ يەرگە سېنىڭ ئالدىڭغا كەلسە چىرايلىرى نېمانداق ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. لەۋلىرى لىپىلداپ، يۈزلىرى تاتىرىپ، تارتىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇرۇن بىرەر قېتىم...

— بولدى، چاقچىقىڭنى قويە، — دېدى ئادىل ۋە بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى. ئاجايىپ بىر تۇيغۇ قەلبىگە يۆسۈپ كىرىپ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن رىزۋان بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان چاغلاردىكى رىزۋاننىڭ بەزى يىلتىزلىق ياپتا گەپلەر بىلەن قىلغان چاقچاقلىرى، ھەر قېتىملىق چاقچاقتىن كېيىنكى رىزۋاننىڭ خىجىللىقتىن يوشۇرالماي قالىدىغان ئاھۇ كۆزلىرى بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى ئاستا تۈرۈلدى. ئورنىدىن تۇرۇپ دۇكاندىن چىقتى - دە، ئۇدۇل رىزۋاننىڭ ئالدىغا باردى. رىزۋان ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا تامدەك تاتىرىپ كەتتى - دە، ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى.

— رىزۋان نېمە بولدۇڭ؟ — ئۇ بېشىنى ئېگىپ دۇكان ئىچىگە كىردى.

— ئادىل... كىرمە... — رىزۋان بۇ سۆزنىڭ قانداق قىلىپ ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى ۋە ئىتتىك تۈزىتىۋالدى. — ياق، مەيلى... كىر... ۋە...

— ماڭا نېمىشقا بۇنچە ئاچچىقلىنىپ قالدىڭ؟

— ئاچچىقلىنىمىدىمغۇ؟

— بايا... دۇكانغا بېرىپ رەنجىگەندەك قايتىپ كېتىۋاتىسەن، چاقچاق قىلىپ دەپ قويغان ھېلىقى گەپكە شۇنداق قىلامسەن - يا، بەلكىم...

—... مەن... مەن ئۇ سۆزلىرىڭگە ھەرگىز خاپا بولمىدىم.

— ئەمىسە... نېمىشقا؟...

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن... سەن مېنى قىستىما، مەن بۇنى ساڭا دەپ بېرەلمەيمەن. ئارىغا بىردەم جىمجىتلىق چۈشتى.

رىزۋاننىڭ لەۋلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس مىدىرلايتتى. بىراق ئاۋاز چىقمايتتى، ئۇ ئادىلنىڭ ئۆزىگە زەن سېلىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى. قەلبىدە چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر ھاياجان قوزغالدى. ئۆزىنى بىردىنلا ئۇنىڭ قوينىغا ئاتقۇسى، ئۇنى يىغلاپ تۇرۇپ، بارلىق دەرد-ئەلەملىرىنى لەۋلىرىگە يىغىپ سۆيگۈسى كەلدى. تىترىگەن بىر ئاۋاز ئۇنىڭ لەۋلىرىنى بۆسۈپ چىقتى.

— ئادىل... پەرىدە... شۇ گەپلەر راستمۇ؟...

ئادىلنىڭ يۈزلىرىدە جىلۋە قىلىپ تۇرغان ئۇيقۇدىكى بوۋاقلارچە خاتىرجەملىك بىردىنلا نەگىدۇر غايىب بولۇپ، قوشۇملىرى تۈرۈلدى. يېپيېڭىشقا كۆچىنىۋاتقان لەۋلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆلۈمسىرىگەن قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ سېزىلىپ تۇراتتى. ئۇ رىزۋاننىڭ ئەلەملىك كۆزلىرىگە قاراپ قويۇپ ئېيتتى:

— قايسى گەپنى دەيسەن؟

ئۇ سۈس كۈلۈمسىرىدى. ھەر قانداق روھىي ھالەت، ھەر قانداق ھەرىكەت، قىلىقلار ھۆسن قوشقاندەك يارىشىدىغان چىرايىغا بۇ كۈلۈمسىرەش ياراشمىدى. ئۇنىڭ چىرايى باشقا بىر ئادەمنىڭ چىرايىغا ئوخشاپ قالغاندەك سېزىلدى. بۇ ھالەت بەكمۇ تېز ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭ چىرايىدا كۈلۈمسىرەش ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتتى. كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى يەنىلا كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان تۇستە تۈرۈلدى-دە، ئۈششاق، سۈس سىزىقچىلار پەيدا بولدى. رىزۋان ئۇنىڭ يۈزىدىكى ھەر بىر ئىنچىكە سىزىقچىلاردىن تارتىپ كۆزىتىپ، قانداقتۇر بىر بىتاقەت بىلەن بۇنىڭدىن نېمىدۇر بىر نەرسىنى ئىزدەيتتى. ئۇ ئوماق لەۋلىرىنى سۈس مىدىرلاتتى. بىراق نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. لەۋلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس ئاقىرىپ تىترەتتى. ئادىل ئۇنىڭ روھىي قىياپىتىدىكى بۇنداق جىددىيلىشىشقا ھەيران قالدى ۋە ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتمەيلا ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى:

— رىزۋان، كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپلەر يامراپ كېتىپتۇ. سەن راستىنلا شۇنداقمىكىن دەپ ئويلىدىڭمۇ؟... بەلكىم ئىشەنگەنسەن؟

— مەن... مەن ... ئىشەنمىدىم.

رىزۋان ئۆزىنىڭ نېمىشقا بۇنداق دېگىنىگە ھەيران قالدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئازاب بىلەن ئىشەنگەنىدى. بۇ ئىشنىش تاھازىرغىچە ئۇنى ئازابلاپ تۇرۇپتۇ.

— مەن ئۇنىڭ بىلەن يۈرگەن... بىراق ئۇ چوقۇم بالىنى باشقا يەردىن... ئۇ... شاللاق... ئەمدى ئۇنى ماڭا ئارتىپ قويۇپتۇ...

ئۇنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى، ئادىلنىڭ كۆزى ئەمدى يەردە ئىدى. بىراق ئۇ ئويلىمىغان. يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلگەن ھالدا رىزۋانغا قارىدى. رىزۋان ئۇنىڭ كۈلكىسىدە ماي يۇقى قول بىلەن ئېرىتىلغان ئەينەكنىڭ قوياش نۇرىدا

چاقنىشىدەك داغ بار ئىكەنلىكىنى غۇۋا ھېس قىلدى.

ئادىل رىزۋاننىڭ روھىي ھالەتلىرىدىن ئاجايىپ بىر نەرسىنى بايقىغاندەك، ئۇنىڭ چىرايىغا كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ قارايتتى. ئۇ، ئۇنى پەردە بىلەن سېلىشتۇردى. سوزۇنچاق كەلگەن، يۈزى ئاق ۋە سۈزۈك ئىدى. گۈل بەرگىگە ئوخشاش يېپىلغان لەۋلىرى قىپقىزىل بولۇپ ئۇرغۇپ تۇرغان قان جىلۋىلىنىپ، تېرە ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇزۇنچاقراق ئېڭىكى ئاجايىپ يارىشىملىق بولۇپ، لەۋلىرى ئاستىدا سۆكچىلىك كىچىككىنە بىر جاي سەللا ئويمان ئىدى. بۇلاقتەك مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى مۇڭلۇق بولۇپ، پەردەنىڭكىدەك يېلىنجاپ تۇرمايتتى.



رىزۋان ئادىلنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋېرىشىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، ئەتراپقا قارايتتى.

بىرەيلەن ئادىلنى چاقىردى. ئۇ دۇكىنىغا قاراپ كېتىپ قالدى. رىزۋان گويا ئەمدى بىر نەچچە يىلغىچە كۆرۈشەلمەي قالىدىغاندەك، يۈرىكىدىن نېمىدۇر بىر نەرسە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىپ قالغاندەك ئازابلىق خىيالغا پاتقىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى.

شۇ كېچىسى ئادىل ئۇنىڭ چۈشىگە كىردى. چۈشىدە ئۇنىڭ يۇمشاق بەدىنى ئوتتەك يېلىنجاپ تۇرغان ئىللىق بىر قۇچاقتا ئېرىپ سىڭىپ كېتىدىغاندەك، تەشنالىق ۋە ھاياسىزلىق بىلەن ياتقۇدەكمىش، ئادىلنىڭ ئېغىزىدىن ھاراقنىڭ پۇرىقى گۈپۈلدەپ كېلىپ تۇرارمىش، ئادىل قۇچىقىنى كەڭ ئاچقىنىچە ئۇكىدىسىغا ياتارمىش، رىزۋان ئۇنى چىڭ قۇچاقلىغۇدەكمىش، كۆزلىرى ئادىلنىڭ كۆزلىرىگە قورقۇنچ بىلەن قارايمىش، ئادىل بىردىنلا كۆزىنى ئاچقىنىدا ئۇ قاتتىق چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. يۈرىكى گۈپۈلدەپ سالغىنىچە قورقۇنچ بىلەن ئەتراپقا ئالاق-جالاق بولۇپ قاراپ چىقتى.

بىر ھازاغىچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. باياتىنقى مەنزىرە كۆز ئالدىدىن كەتمەي، يەرگىنىش ۋە نومۇس ئۇنى قىينىدى. كۆز ئالدىدا گاھ ئېرىنىڭ ئايالدىن پەخىرلىنىش بىلەن

قاراپ تۇرغان كۆزلىرى، گاھ قېيىن ئانا، قېيىن ئاتىلىرىنىڭ ئىشەنچ تولغان مېھرىبان چىرايى، گاھ ئاتا-ئانىسىنىڭ پەخىرلىنىش بىلەن باشقىلارغا قىزىنىڭ ئەخلاقىنى ماختاۋاتقان، نەسىھەت قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى نېرى كەتمەي، ئۇنى ئۆز-ئۆزىدىن يىرگىنىشكە مەجبۇر قىلاتتى.

ئۇ بىر هازاغىچە مەسخۇش هالەتتە خىيالغا پاتتى. كېيىن يەنە كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى.

## ئۈچىنچى باب

روزى مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن يېقىن ئەتراپتىكى شەھەرلەرنى ئارىلاپ چېپىپ يۈرەتتى. ئۇ ئۆيىگە ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر كېلەتتى. باهار بىلەن تەڭ مال يۆتكەيدىغان ئىشلىرى تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. بوتكىدا دائىم دېگۈدەك رىزۋان ئولتۇراتتى. باهار رىزۋاننىڭ هاياتىغا بۇ يىل باشقىچە تۈستە كىرىپ كەلدى. ئۇنى گاھ چۆچۈتسە، گاھ شېرىن خىياللار قۇچىقىدا مەست قىلاتتى.

ئۇنىڭ ئادىل بىلەن بولغان ئارىلىشىشى كۆپىيىپ قالدى. ئۇنىڭ قەلب دېڭىزىنىڭ ئۈستىدە كۆۋەجەپ تۇرغان ئازاب بۇژغۇنلىرى ئاستىدا چەكسىز بىر شادلىق دولقۇنلىنىپ تۇراتتى. ئۇ گويا ئوتتۇرا مەكتەپتىكى هاياتىغا قايتىپ قالغاندەك، ئەمدى ئادىل بىلەن ئۇچراشقاندا تارتىنمايدىغان، يۈرىكى ئانچە قاتتىق سالمايدىغان، كۈلكە ۋە ئازاب چىرايىدا ئېنىق ئىپادىلىنىدىغان بولدى.

دەسلەپ ئۇ ئادىلنىڭ بوتكىسىغا بىرەر باهانە سەۋەب كۆرسىتىپ باراتتى. ئەمدى كۆرسىتىدىغان باهانە سەۋەبلىرىنى ئالدىنمۇ ئويلىمايدىغان بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى ئۇ خېرىدارغا قايتۇرۇشقا پارچە پۇل چىقمىدى دېگەن باهانە بىلەن ئادىلنىڭ ئالدىغا پۇل پارچىلاتقىلى باردى. بۇ قېتىم ئادىل ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە سىرلىق بىر هېسسىيات بىلەن تىكىلىشلىرىدىن كاللىسىغا نېمىدۇر بىر خىيال لەپپىدە كەچتى-دە، رىزۋانغا پۇلنى پارچىلاپ بېرىپ بولۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن باردى. رىزۋان خېرىدارغا تېگىشلىك پۇلنى قايتۇرۇپ، ئاشقان پۇلنى تارتمىغا سېلىش ئۈچۈن تارتمىنى ئېچىۋىدى، تارتمىدا بىر تالاي پۇل تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ هاڭ-تاڭ قالدى. رىزۋان ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تارتمىسىغا قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈدى-دە، بىردىنلا يۈزلىرىگە قان تېپىپ، قىپقىزىل قىزىرىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادىلنىڭ يېنىغا بېرىشقا پەقەتلا جۈرئەت قىلالمىدى. بىراق ئەمدى ئادىل داۋاملىق ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئادىلنىڭ ئوتلۇق بېقىشلىرىدىن، سەبىي ۋە شوخ كۈلۈشلىرىدىن نېمىدۇر بىر نەرسىنى ئىنتىزارلىق بىلەن تەشنا بولۇپ ئىزدەيتتى. ئىرەن قىلمىغاندەك تۇرسىمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ تېگى تەكتىگە يوشۇرۇنغان ئەسەبىيلەرچە مۇهەببەت ئۇنى ئادىلنىڭ هەربىر هەرىكەت، هەربىر قاراشلىرى ۋە سۆزلىگەن چاغدىكى ئاهاڭلىرىغا پۈتۈن زېهنىنى بېرىپ كۆزىتىشكە مەجبۇر قىلاتتى. تەلۋىلەرچە ئىنتىلىش ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ خىيالىي مەنزىرىلەرنى يارىتاتتى. ئادىل-

www.uyghurkitap.com

نىڭ ئوتلۇق تەبەسسۇمى يېقىملىق كۈيدەك ئۇنىڭ يۈرىكىگە سىڭىپ كىرەتتى. ئادىلنىڭ ھەربىر سۆزىدىن ئۆزى ئەڭ خالايدىغان بىراق ئاڭلاشتىن ئەڭ قورقىدىغان بىر سۆزنىڭ يوشۇرۇن مەنىلىرىنى ھېس قىلاتتى. «ئاھ، خۇدا مەن ئۇنىڭدىن نېمە تەلەپ قىلىشىم مۇمكىن، زادى نېمە تەلەپ قىلىشقا ھەققىم بار؟ مەن ئېرى بار بىر ئايالمەن، تولىمۇ ئەخلاقلىق، تولىمۇ ياۋاش ۋە ساددا، ساداقەتمەن بىر ئەرنىڭ ئايالىمەن. يەنە، يەنە نېمىشقا...» ئۇ دائىم شۇنداق ئويلاپ ئازاب بىلەن ئۇھ تارتاتتى.

ئېرىگە كۈندىن - كۈنگە كۆڭۈلسىز بولۇپ كېتىۋېتىشى ئۇنى تېخىمۇ ساراسىمىگە سالاتتى. ئەمدى ئۇ ئېرى بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىدا پەقەت ئۆلۈكنىڭكىدەك جانسىز جىسمىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا جانسىز، روھسىز ھالدا تاشلاپ بېرەتتى. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى بولسا بۇ بەدەن بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىزدەك، ئېرىنىڭ پەپىلەشلىرىگە ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمايتتى...

ئۇ تالاي قېتىم ئۆزىنى ئادىلدىن چەتكە ئېلىشقا قەتئىي بەل باغلىدى. بىراق ئادىلنىڭ بوتكىسى تەرەپكە بىر قارىشى بىلەنلا جىسمىغا بېسىپ بولماس ئەسەبىي بىر ئوت تۇتىشىپ، ئۇنى يۈگۈرۈپ بېرىپ ئادىلنىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلاشقا، كۆز - ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ كېلىشكەن ئۇزۇن پاقالچاقلىرىغا يۈزىنى سۈرتۈشكە چاقىراتتى. ئۇ ئەلەم بىلەن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. لېكىن كۆزلىرى ئادىلنىڭ بوتكىسىدا ئىدى.

ئادىل ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاجايىپ سىرلىق ھەتتا ئۇنىڭ گۆش ۋە قانلىرىمۇ باشقا ئەرلەرگە ئوخشىمايدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ تېنى رىزۋان ئۈچۈن يەتكىلى بولمايدىغان، مۇقەددەس ۋە بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەستەك، ھەتتا رېئاللىقتا يوق، تۇتقىلى بولمايدىغان بىر خىيالىي ئېزىتقۇ جىسىمدەك تۇيۇلاتتى. شۇنداق تۇيۇلغانسېرى ئۇنىڭغا ئېرىنىڭ جىسمى گويا بىر جەسەتتەك سېزىلەتتى. ئۇ گويا جەسەت بىلەن بىللە ياتقاندەك، كېچىلىرى دائىم تېنى شۈركىنىپ تۇراتتى.

مەنىۋى موھتاجلىق ئالدىدا ماددىي موھتاجلىق ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىكەن. ئاچ قالسىڭىز ئوغرىلىق، تىلەمچىلىك قىلىپ بولسىمۇ قورسىقىڭىزنى تويغۇزۇشىڭىز مۇمكىن. بىراق مەنىۋى ئاچلىقنى ھېچقانداق قىلىپ قاندۇرالمايدىكەنسىز! ئۇ سىزنى ئەڭ ئازابلىق، ئەڭ يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر قىلىدىكەن.

بىر كۈنى روزى ئېچكىرى ئۆلكىلەرگە مال سېتىۋالغىلى بارىدىغانلىقىنى رىزۋانغا ئېيتتى. بۇ رىزۋاننىڭ قەلبىدە ھېچبىر سېزىم پەيدا قىلالمىدى. ئۇ لام - جىم دېمىدى.

— ئامانەتنى ئوبدان ساقلا - ھە! — دېدى روزى ئاخىرىدا ۋە ئايالىنىڭ كۆزلىرىگە گويا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزى كەتكەندىن كېيىنكى ھەممە ئىش - ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈۋالالايدىغاندەك ئۇزاققىچە سىنچىلاپ قارىدى. بىراق ئۇنىڭ بۇ يوغان ۋە ئۆلۈكنىڭكىدەك جانسىز كۆرۈنىدىغان كۆزلىرىدىن رىزۋان بۇ نۆۋەت ئۆزى بۇ چاققىچە ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان چوڭقۇر ھېسسىياتنى، ئۈمىد ۋە ئىشەنچنى بايقىۋالدى.

Altunoq

ئەتىسى روزى مېڭىپ كەتتى. رىزۋان چاڭ-توزان تۈزۈتۈپ مېڭىپ كەتكەن ماشىنا كەينىدىن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ قالدى. كۆزلىرىدە لىغىلداپ تولغان ياشنىڭ نېمە يېشى ئىكەنلىكىنى ئۇ چۈشەنمەيتتى. ئۇ روزىنىڭ مۇھەببەتسىز ئۆلۈك كۆز نۇرلىرىدىن ۋاقتىنچە قۇتۇلدى. بىراق بۇ شادلىق يېشى ئەمەس ئىدى. يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى چەكسىز شادلىق يېشى بىر ئەنسىزلىكنىڭ كىشەنلىرى بىلەن بوغۇلغانىدى.

ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغان ئىشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى. روزى كەتكەندىن كېيىن ئادىل بىرنەچچە قېتىم رىزۋاننى كەچتە بىللە كىنو كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. رىزۋان ھەممىنى رەت قىلدى.

بىر كۈنى ئادىل يەنە بىر قىز ساۋاقدىشى بىلەن بىللە رىزۋاننىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلار خۇشال-خۇرام سالاملاشتى.

— ئاڭلىسام توي قىلىۋاپسەن. تويۇڭغا بىرىمىزنىمۇ چاقىرىپ قويماپسەن، — دېدى ھېلىقى قىزچاق كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سەن چاقىرمىغان بىلەن باشقىلار سېنى چاقىرىدۇ. قېنى دوستۇڭنى نېمە بىلەن تەبرىكلەيسەن، — دېدى ئادىل كۈلۈپ.

ھېلىقى قىزنىڭ يۈزلىرى قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتتى.

ئادىل يەنە چاقچاق قىلدى:

— سودىگەر بولۇپ كەتتىڭ، ئوبدان يارىشىقىنى قىلمىساڭ بولمايدۇ، — دېدى باغاقتىن بىرنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئادىل رىزۋاننىڭ ئالدىغا كەلدى:

— يۈر رىزۋان، تويغا بېرىپ كېلەيلى.

— مەن بارماي... — دېدى رىزۋان دۇدۇقلاپ.

— مېنىڭ تەكلىپىمنىڭ بىرىگىمۇ قوشۇلمايدىكەنسەن-دە؟

ئادىلنىڭ ئاۋازى باشقىچە بىر خىللا چىقىپ كەتتى. رىزۋان ئۇنىڭ كۆزىگە قارىۋىدى، ئۇنىڭ كۆزىدىكى يېنىپ تۇرغان يالقۇننى كۆردى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قارشىلىق ئاشۇ يالقۇندا كۆيۈپ كۈل بولدى.

— بوپتۇ باراي.

رىزۋان ئىشلىرىنى توختىتىپ، ئادىلنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئادىلدىن ئون قەدەمچە كەينىدە سۆرىلىپ ئاستا ماڭاتتى. ئادىل ئەركىن بازاردىكى كىشىلەر توپىدىن چىقىپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ رىزۋانغا قارىدى:

— كەل، كەينىمگە مېڭىۋال، — دېدى ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىنى كۆرسىتىپ.

— ياق، پىيادە باراي، — دېدى رىزۋان قىزىرىپ.

ئادىل رىزۋاننىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بىز دېگەن ساۋاقداش. شۇنىمۇ توغرا چۈشەنمەمسەن؟ يۈر، — ئۇ رىزۋاننىڭ بىلىكىدىن تارتىۋىدى، رىزۋان قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئادىل ھەيران بولۇپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ۋېلىسىپىتنى مىنىپ ئاستا مېڭىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

رىزۋان ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى تاپشۇرۇۋېتىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى. كىرىپلا كۆزلىرى چاقناپ، يۈرىكى تىپچەكلەپ كەتتى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرى ئىدى. ئۇ قاتتىق ھاياجاندىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. باشقىلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قالدى. ئۇلارغا كۆرۈشۈش ئۈچۈن سۇنغان قوللىرى تىترەيتتى.

ئۇلار ناھايىتى كۆڭۈللۈك پاراڭلاشتى. ھەممىسى رىزۋاننىڭ ھازىرقى تۇرمۇشى توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىپ، ئۇنىڭغا بەخت تىلەشتى. ئۇ، بۇ توغرۇلۇق ھەممىدىن كۆپرەك سۆزلەۋاتقاننىڭ پەردە ئىكەنلىكىنى سېزىپ، يۈرىكىنى ئاچچىق بىر ھەسرەت قاپلىۋالدى. پەرىدەنىڭ بەخت تىلەشلىرى ئۇنىڭغا زەھەرلىك ئاچچىق تەنە بولۇپ ئاڭلىناتتى. ئۇ بارغانسېرى ئۆزىنى تولىمۇ بەختسىز ھېس قىلىشقا باشلىدى. بۇلۇڭدا ئولتۇرغان چۈمپەردىلىك كېلىنگە ئەلەم بىلەن قاراپ ئېغىر تىنىدى. ئاھ، ھېچبولمىغاندا ئاشۇنچىلىك بولسىمۇ بەختلىك بولسامچۇ؟ ئۇنىڭ ئېرىمۇ خېلى تۈزۈك بىرنېمىكەن، دەپ ئويلاپ كەتتى.

ئادىلنىڭ تۇيۇقسىز ئاڭلانغان مۇڭلۇق ناخشىسى ئۇنى خىيالىدىن ئويغاتتى. ئۇ ئىتتىك ئۆرۈلۈپ، سىرتقا قارىدى. ھويلىدا سۇپىدا قاتار ئولتۇرۇشقان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئادىلنى ئىزدىدى. ئادىل ئاكاردىيون چېلىۋاتقان مۇزىكانت بىلەن ئېلېكترونلۇق پىئانىنو چېلىۋاتقان سازچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى.

قىلۋىدىن شامال چىقىپ، باغلاپ قويسا تۇرمايدۇ،
ئۆرۈۋەتتى باراڭنى. كۆڭۈل دېگەن ساراڭنى.

ئۇ ئۆز يۈرىكىنى ئادىلنىڭ قولىدىكى مەھكەم سىقىپ تۇرغان مىكروفونغا ئالمىشىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ قەلبى لەرزىگە كەلدى. مېڭىسىدىن كىرگەن تىترەتكۈچى دولقۇنلار ئۇنىڭ بەدىنىنى ئازابلىق غىدىقلاپ تاپىنىدىن چىقاتتى. ناخشا ئەڭ ئېچىنىشلىق ۋەلېرىك ماتەم كۈيىدەك ئۇنىڭ يۈرىكىنى شېرىن تىلغايتتى. كۆزى كېيىكنىڭكىدەك ئەنسىز پىلدىرلايتتى.

بىر ئازدىن كېيىن ئادىل ناخشا ئېيتىشتىن توختىدى، رىزۋان قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قويدى. ئۇ گېلىنىڭمۇ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. تىلى چەكسىز چۆللۈكتە تالاي ئەسىرلەردىن بېرى قاغجىراپ ياتقان قۇملۇقتەك، كۆيۈشۈپ قۇرۇغانىدى.

ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چەكسىز چوڭقۇرلۇقىدا ئۆلۈمگە مەھكۇم بولۇپ ياتقان، چۈشىنىكسىز، سىرلىق بىر روھ غەزەپلەنگەن شىردەك غالجىرلىق بىلەن تىپىرلاپ ئويغاندى. ئۇ ئورنىدا ئولتۇرالمايلا قالدى. «باغلاپ قويسا تۇرمايدۇ، كۆڭۈل دېگەن ساراڭنى.» دېگەن سادا ئۇنىڭ يۈرىكىنى پۈتۈنلەي قوينىغا ئېلىۋالغانىدى. بۇ ناخشىنىڭ زەئىپ ئەكس ساداسى ئۇنىڭ يۈرىكىدىن گويا قاندەك سىرغىپ چىقىپ پۈتكۈل دۇنيانى ئورىۋالغانىدى. بۇ سادا ئاستا يېيىلغىنىچە پۈتۈن دۇنيانىڭ دەرد-ئەلەم، ئازاب بىلەن تولغان قوينىنى شېرىن چۈش بولۇپ كىشىنى سەۋىرسىزلەندۈرىدىغان بىر گۈزەللىككە ئىگە قىلغانىدى. ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭ قوينىدا مەست بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ كاللىسىدا ئادىلنىڭ ھېلىقى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن باشقا ھېچنەرسە قالمىدى. ئۇنىڭ مېڭىسىنى، ئۇنىڭ تەپەككۇرىنى، ئۇنىڭ سەزگۈلىرىنى، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ پۈتكۈل روھىي دۇنياسىنى سۆيگۈنىڭ شۇ بىرلا تۇيغۇسى ئىگىلىگەنىدى.

دەرۋەقە، شۇ تۇيغۇ ئۇنى چالا ئۆلۈكتەك هالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان چاغدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مۇقەددەس نىجادچىسى بولغان ئاشۇ كۆزدىن باشقا يەنە نېمە ئىگىلىيەلىسۇن؟! پەقەت ئاشۇ كۆزلەردىن چاقنىغان نۇرلا ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتكۈل دۇنيا، پۈتكۈل هايات، مېهىر-مۇهەببەت بولالايتتى. چۈنكى ئۇلار دائىم رىزۋانىنىڭ ئىش-هەرىكەتلىرىنى بەلگىلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ هەربىر خىيال قىلىشىدا، ئۇنىڭ ماڭغان هەربىر قەدىمى، ئۇنىڭ قىلغان هەربىر ئىشىغا ئاشۇ كۆزلەرگە بولغان تەلپۈنۈش سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئاشۇ كۆزلەرنىڭ يۈرەكنى بەربات قىلغۇچى نۇرىغا چۆمۈلۈش ئۇنىڭ بارلىق مەقسەتلىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئوي-پىكرىدە ئاشۇ مەقسەت ئارىلاشمىغان بىرمۇ خىيال يوقتەك قىلاتتى. ئۇ پەقەت ئاشۇ بىر جۈپلا كۆزنىڭ، هاياتىدا خۇددىي ئۆز تېنىدىكى قانىدەكلا زور رول ئويناۋاتقانلىقىنى سەزگىنىدە، گېلىدىن بىراۋ بوغۇۋاتقاندەك، قان قۇسقاندەك بولاتتى. «ئاه نەقەدەر سىرلىق، نەقەدەر گۈزەل، نەقەدەر مۇقەددەس كۆزلەر-هە! ئەگەر ئاشۇ كۆزلەر ماڭا مەڭگۈ تەۋە بولمىسا مېنىڭ هاياتىم نەقەدەر ئېچىنىشلىق، نەقەدەر بىچارە هالدا بەربات بولغان هېسابلىنىدۇ-هە... ئاه، بولىدى بۇنى ئويلىماي...» دەپ پىچىرلايتتى ئۇ. ئىشقىلىپ بۇ كۆزلەر ئۇنىڭ پۈتۈن هاياتىنىڭ مەنىسى هەتتا كېچىلىرى كۆرگەن چۈشلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك ۋە ئازابلىق شېرىنىسى.

ئۇ ئاخىرى ئولتۇرالماي، ئورنىدىن تۇردى-دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇ يۈز كۆرۈشمىگىلى ئون يىللار بولغان ئاشىقى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلاپ، هاياجاندىن نەپىسى ئىتتىكلىشىپ، ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن، بىراق تارتىنىش دەستىدىن ئاتا-ئانىسى ئالدىدا ئۇنى يۈگۈرۈپ بېرىپ قۇچاقلايمۇ، قۇچاقلىمايمۇ دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغان مەشۇقتەك سىرتقا قاراپ قورقۇنچ ۋە ئىنتىزارلىق بىلەن ئاستا سىلجىدى.

ئۇ هويلىغا چىقىپ چىراغ يورۇقىدا قاتار ئولتۇرۇپ نەغمە قىلىۋاتقان يىگىتلەر ئالدىدىن ئۆتۈپ، نېمىشقا كېتىۋاتقىنىنىمۇ بىلمەستىن هويلا دەرۋازىسىدىن چىقتى. هويلىنى بىر ئالغان مۇزىكا بىلەن يىگىتلەرنىڭ ناخشا ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. پەقەت ئۇنىڭ پۈتكۈل روهىيدۇنياسىنى ئادىلنىڭ باياتىنقى دەردمەن ۋە ئوتلۇق ناخشا ئاۋازى هېلىغىچە لەرزىگە كەلتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ ئادىلنىڭ ناخشىسىنى بۇرۇن خېلى كۆپ قېتىم ئاڭلىغانىدى. بىراق ئۇنىڭ ناخشىسىنىڭ بۇنچە ئوتلۇق تەپتىنى هېس قىلمىغانىدى. بەلكىم ئۇ بۇرۇن ئاڭلىغان چاغلاردا هازىرقىدەك بۇنداق دەردمەن، بۇنداق بىچارە بولمىغاچقا، يۈرىكى مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشماس ئارزۇ-ئارماننىڭ ۋەهشىي يارىلىرىغا تولمىغاچقا، ئادىلنىڭ ناخشىلىرى ئۇنىڭغا بۇنچە تەسىر قىلمىغان بولسا كېرەك... ئۇ هېچنەرسىنى ئويلىمايتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا ئادىلنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن باشقا هېچنەرسە يوق ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى پۈتمەس-تۈگىمەس سۆيگۈ ئوتىدا ئاشۇنداق ئۆرتىنىپ تۇرغاندا ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا ئاۋازلارنىمۇ تەڭ ئاڭلىشى، باشقا نەرسىلەرنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەسىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى بىۋاسىتە سىرىم ئۇنىڭغا بىشارەت بەرگەنىدى. ئىشىك ئالدىغا چىقىپلا يول بويىدىكى دەرەخكە يۆلىنىپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ غەمگە پاتقىنىچە تاماكا چېكىپ تۇرغان ئادىلنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بىردىنلا سىلكىنىپ كەتتى. ئادىلغا قارىغىنىچە قېتىپ قالدى. «ئاھ، خۇدا! مەن نېمە بولدۇم؟ دائىم بۇنداق بولمايتتىم، بۈگۈنلا...»

— رىزۋان يېنىپ چىقمىسەڭغۇ؟

— ئۆي... ئۆيى... بەك ئىسسىق ئىكەن... — ئۇنىڭ ئاۋازى يىغلامسىرىغاندەك تىترەپ ئاران چىقتى. ئۇ چاندۇرماسلىق ئۈچۈن باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. يەنە بىر نەرسىلەرنى دېمەكچى بولۇپ لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى. بىراق ھېچنەرسە دېيەلمىدى. قاتتىق ھاياجاندىن نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى، يۇقىرىقى سۆزنى قانداق تولۇقلىماقچى بولغانلىقىنى ئۇنتۇتقانىدى. بەلكىم ھازىر ئەمدىلا باھار كىرگەنلىكىنى شۇڭا جاھاننىڭ تېخى خېلى سوغۇق ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ قالدىمىكىن، ئاخىرى تولا تەستە:

— كېتەيمىكىن، زېرىكتىم، — دېيەلىدى.

— كەچ بولۇپ كەتتى... مەن سىنى ئۆيۈڭگىچە...

چاقچاق دېگەنلەر ئاغزىدىن پىلىموتتەك چىقىدىغان بۇ يىگىتنىڭ بۇنداق كىكەچلەپ قېلىشىنى رىزۋان تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ ھەيران بولدى، يۈرىكى نېمىدۇر بىر نەرسىنى تۇيغاندەك جىغغىدە قىلىپ كەتتى. ئادىلنىڭ پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلدى. ئۇ كۆزلىرىدىكى ئەڭ نومۇسلۇق بىر سىر ئاشكارا بولۇپ قالغاندەك قىپقىزىل قىزارغانىدى...

ئۇ ئادىل بىلەن بىللە قايتتى. ئۇنىڭ كاللىسى مەست كاللىدەك ھېچنەرسىنى ئويلىيالمايتتى. پەقەت قانداقتۇر بىر قورقۇنچلۇق ئىشنى تۇيۇپ تۇراتتى، بىراق ئاشۇ قورقۇنچلۇق ھادىسىنى تەقەززا بولۇپ، سەۋىرسىزلىك بىلەن كۈتەتتى.

يېزىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەن تار ھارۋا يولىدا ئۇلار بىللە كېتىشىۋاتاتتى. يول بويىدىكى قاتار جىگدىلىك ۋە سۆگەتلىك قاراڭغۇلۇق قوينىدا خىرە كۆرۈنەتتى. رىزۋانغا پۈتكۈل كائىنات پەقەتلا مۇشۇ ھارۋا يولى ۋە جىگدىلىككە ئايلىنىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى... جىگدىلىك تولىمۇ گۈزەل، تولىمۇ تىنچ ئىدى.

ئۇ تۇيۇقسىز بىر قولنىڭ دولىسىدىن قاماللاپ تۇتقانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، پۈتۈن ۋۇجۇدى سىلكىنىپ كەتتى. بۇ قول توي كېچىسىدىكى روزىنىڭ قوللىرىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ بارلىق سەزگۈ ئەزالىرى ئويغۇنۇپ قالغاندەك قاتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. مېڭىسى قورقۇنچلۇق ۋىسكىلدايتتى. قارىچۇقى گويا مۆكۈۋالماقچى بولغاندەك، كۆزلىرىدىن مېڭىسىگە قاراپ پېتىپ كېتىۋاتقاندەك ۋەھىمىلىك تۈستە پارقىرايتتى. يۈرىكى ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك ھەدەپ يۇقىرىغا سەكرەيتتى. ئادىلنىڭ تىترەۋاتقان، قوللىرى گەرچە ئۇنى ئانچە مەھكەم تۇتۇۋالمىغان بولمىسىمۇ ئۇ بۇ سىرلىق قۇچاقتىن قۇتۇلۇش تۈگۈل مىدىرلىيالمايتتى. ھەر ئىككىيلەن زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالغاندەك ئاغزىدىن بىرەر تاۋۇشنىمۇ چىقىرالمايتتى. نېمىدۇر

بىر نەرسىلەرنى دېيىش كېرەكلىكىنى ئۇنتۇشقانىدى. تەشنالىقتىن قۇرۇپ كەتكەن لەۋلەر ئۈنسىز سۇس مىدىرلايتتى. ئۇيۇشۇپ كەتكەن قۇچاقلار ۋە بىلەكلەر جانسىز تىترەيتتى. رىزۋان قوللىرىنىڭ ئاللىقاچان ئادىلنىڭ دۈمبىسىنى سىلاشقا باشلىغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالغانىدى.

قۇرۇپ كەتكەن لەۋلەر بىر - بىرىگە سۈركىلىپ ئۆتتى. ئۇ ئادىلنىڭ لەۋلىرىدىن تاماكىنىڭ تەمى بىلەن ئارىلاشقان قاڭسىق هاراق پۇرىقىنى هېس قىلاتتى. مانا مۇشۇلارنى رىزۋان ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. مانا بۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل كۈيلەردىنمۇ يېقىملىق، كۆز ياش كەبى مېھرىلىك، چۈش كەبى تاتلىق ئىدى. ئۇ تالاي قېتىملاپ روزىنىڭ لەۋلىرىدىنمۇ مۇشۇنداق پۇراقلارنى ئىزدىگەنلىكىگە ئۆزىمۇ هەيران ئىدى. بىراق روزى ئۇنىڭغا بۇلارنى بېرەلمەيتتى. روزىنىڭ تۇرۇبىنىڭ سۈيىدەك ئاجايىپلا بىر خىل تۇيۇلىدىغان لەۋلىرىگە بۇ قىلچىمۇ ئوخشىمايتتى.

ئادىلنىڭ لەۋلىرىدىكى تەم ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ قىزىق بىر دولقۇن بولۇپ تارقىلىپ، ئاشۇ لەۋلەر رىزۋاننىڭ لەۋلىرى ئارقىلىق پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. بۇ سۆيۈشلەر ئۇنىڭ هەر بىر سەزگۈ، هەر بىر هۈجەيرىسىدە دەهشەتلىك ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالاتتى. ئۇ پەقەت ئۆزىنى كېچە-كۈندۈز ئۈمىدسىزلىك ئازابىدا قىينىغان، ئۇنى تۈگەشتۈرۈۋەتكىلى تاس قالغان، يۈرىكىنىڭ قېنىنى رەهىمسىزلىك بىلەن شوراپ كەلگەن ئاشۇ خىيالى سۆيۈشلەرنىلا — ئۇ ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان ئاشۇ قورقۇنچلۇق چۈشلەرنىلا سېزەتتى. نېمىشقا بۇنچە بىخۇدلىشىپ كەتكىنىنى، جىسمىنى ئۆز روهىنىڭ كونتروللۇقىدىن تامامەن ئايرىپ، ئۆزىگە قىلچە بويسۇنماي هەرىكەت قىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتقان كۈچنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى هەم چۈشەنمەيتتى: «مەن نېمە بولدۇم؟ زادى نېمە بولدۇم؟ ياق... ياق مەن ئەمەس ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى مەن ئەمەس، ئاه، ئۇ مەنمۇ؟ مەن بولمىسام كىم؟» ئۇنىڭ هازىر بۇلارنى ئويلاشقا قۇدرىتى يەتمەيتتى. هەۋەس ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆل قىلىدىغاندەك چەكسىز ئازابلىق كۆيدۈرۈۋاتقاندا ئۇ ئاشۇ سوئاللارنىڭ ئازابىنى هەرە چاققانچىلىك سەزسۇنمۇ؟ ئۆلۈم دەهشىتىدە جان تالىشىۋاتقان ئادەم قانداقمۇ پۇتىغا سانچىلغان تىكەننىڭ ئازابىنى هېس قىلسۇن؟ ئۇنىڭ ئادىلغا — ئۆزى ئۈچۈن دۇنيادىكى بارلىق ئەرلەرنىڭ ئەرلىك گۈزەللىكىنىڭ، جەبدەسىلىكىنىڭ، شوخلۇقىنىڭ پۈتۈن جەۋهىرىنى ئۆز جىسمىغا مۇجەسسەم قىلغان بىردىنبىر ئەرگە، ئۆزى ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەرلەرنىڭ بىردىنبىر سىمۋولىغا ئېرىشەلمەسلىكىنى ئويلاپ چەككەن ئازابلىرى، قان يۇتقاندەك ئاچچىق تولغىنىشلىرى، يۈرىكىنى قان قىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ قېلىشلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوق يېگەندىن كېيىنكى جان تالىشىشتىنمۇ ئازابلىق تۇيۇلغانىدى. ئۇ هەر دائىم ئاشۇ مەڭگۈ دېگەننى ئويلىغاندا، يۈرىكى ئەلەملىك تارتىشىپ كېتەتتى. ئۇ تۇنجى قېتىم ئادىلغا ئۆلگۈدەك ئاشىق بولدى. بۇ تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ سەبىي ۋە ئىللىق قەلبىدىن شۇ قەدەر چەكسىز ئورۇن ئالغانكى ئۇ يەنە بىر تۇنجى قېتىمنىڭ مەڭگۈ يۈز بەرمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، تۇنجى قېتىم دېگەننىڭ ئىنسان ئۈچۈن پەقەت مەڭگۈ بىرلا قېتىم بولىدىغانلىقىنى. شۇڭا

AltunOq

تۇنجى قېتىمنىڭ مەڭگۈ بىلەن ئوخشاش مۇقەددەس ۋە ئۆزگەرمەس ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا ھېس قىلغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئادىلغا بەكمۇ ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى ئىقرار قىلمىغىنى بىلەن كۆڭلىگە ئايانىدى.

قورقۇنچتىن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىچىگە تېخىمۇ پېتىپ كېتىۋاتقاندەك، بارلىق نۇرىنى قارىچۇقىغا يىغىپ قورقۇنچلۇق پارقىراپ ئادىلغا تىكىلەتتى. ئۇ ئادىلغا يېلىنىش بىلەنمۇ، زارلاش بىلەنمۇ، غەزەپ بىلەنمۇ ئىشقىلىپ بىر نەرسىلەرنى دېمەكچى، بۇغۇنۇقۇپ ۋارقىرىماقچى، قېچىپ كەتمەكچى بولاتتى. بىراق ئۇنىڭ پىكىرلىرى بوغۇزىغا چىگدىلىپ قاپلىشىپ نەپسىنى سىقاتتى. ئۇ ھاسىرايتتى. لەۋلىرى تېخىمۇ قۇرۇپ، تېخىمۇ پۈچۈلىناتتى. غايەت زور بىر كۈچ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تىپىرلايتتى، ئۇ ۋۇجۇدىدىكى شۇنچە زور كۈچنىڭ قايسى بىر كۈچ تەرىپىدىن يېڭىلىپ قېلىنىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ يۈرىكى ئۈستىگە قولىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغان ئادەم قاتتىق قارا باسقاندا ھەر قانچە كۈچەپمۇ مىدىرلىيالمىغاندەك، ھەر قانچە ئۈنلۈك ۋارقىرىسىمۇ ئاۋازى چىقماي قېلىۋاتقاندەك ھالەتتە ئىدى.

ئادىلنىڭ شۇنچە سۆيۈشلىرىمۇ ئۇنىڭ كاۋاپتەك قورۇلۇپ كېتىۋاتقان لەۋلىرىنى ھۆل قىلالمايتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى ئەنە شۇنداق قېنىپ بولالماس بىر تەشنالىق بىلەن گويا مەڭگۈلۈك ئاجرالمايدىغاندەك ئادىلنىڭ لەۋلىرىگە ئۇيۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ، ئۇنىڭ قاغجىراپ، ئىچىرقاپ كەتكەن چەكسىز چۆلگە ئوخشاش كۆيۈك باغرىغا تىكىلگەن بىر تۈپ قىزىل گۈلدەك، كۆيۈپ، كۈل بولۇپ سىڭىپ كېتىۋاتاتتى... ئاھ، سانسىز كېچىلەر ئۇخلىماي، تەشنالىق بىلەن زارىقىپ كۈتكەن سۆيۈش! ئاھ، جان-جەھلى بىلەن تەلپۈندۈرۈپ، رەھىمسىز، ئۈمىدسىزلىك قوينىدا قىينىغان سۆيۈش! بۇ سۆيۈش رىزۋان ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بەخت ھەم بىردىنبىر بەخت... شۇڭا ئۇ ئەنە شۇنداق قورقۇنچلۇق. پەقەت مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق بولغاچقىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۆمرىدىكى ئەڭ چوڭ بەخت. ئۇ، بۇ بەختنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىنلىكىنى قىلچىمۇ ئويلاپ يېتەلمىگەنىدى. بەزىدە بىرلا سۆيۈپ ئۆلۈشكىمۇ رازى بولاتتى. بىراق بۇنى تولىمۇ قورقۇنچ ۋە نومۇس ئىچىدە خىيال قىلاتتى.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى، قانداق قىلىپ جىگدىلىككە كىرىپ قالغانلىقىمۇ نامەلۇم. بىر ھازادىن كېيىن ئۇلار ئېسىگە كېلىشتى. ئادىل رىزۋاننىڭ قاتتىق قارا باسقان ئادەمدەك ئىڭراپ سۆزلەۋاتقان ئالا-جۇقا سۆزلىرىنى ئاڭلىدى:

— ياق... ياق... بۇ... چۈشۈم...

بۇ سۆزلەر ئەڭ ئاخىر ئۇنىڭ ئۇيۇشۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يېرىپ چىقالىغانىدى. بىراق بۇ سۆزلەر تولىمۇ كېچىككەنىدى. ئۇنىڭ كېچىكىشىنى گويا قىز بالىنىڭ دەپسەندە بولغان قىزلىقىنى مەڭگۈ تولدۇرۇۋالغىلى بولمىغاندەك مەڭگۈ تولدۇرغىلى بولمايتتى. بۇ كېچىكىش ئۇنى ئۆزى مەڭگۈ كەچۈرۈپ بولالمايدىغان شەرمەندىچىلىككە دۇچار قىلغانىدى. ئۇ ئادىلنى بار كۈچى بىلەن ئىتتىرىۋېتىپ جىگدىلىكتىن چىقتى-دە، ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئاغزىدا توختىماي شىۋىرلايتتى:

— ياق... ياق...

ئۇ ئۆزىنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەي، دەلدەڭشىپ، سەنتۈرۈلۈپ، چوڭ يول بىلەن ئەمەس ئېتىزلىقلارنى ئارىلاپ كېتىۋاتاتتى. توي-ۋقسىز بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ، يەرگە گۆپپىدە يىقىلدى - دە، بىر هازاغىچە قوپماي ئۈلۈكتەك ياتتى. قانداقتۇر بىر دەھشەتلىك ئىشلارنى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى يولۇقىدىغان ۋەھىمىلىك مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە، ئۇلارغا قانداق يوللار بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىشنى ئويلاشقا تىرىشاتتى. قالايمىقان خىياللار چىگىشلىشىپ كەتكەندى. كاللىسى بارغانسېرى گاراڭلىشىپ هېچنېمىنى ئەسلىيەلمىدى.

ئۇ بىر هازا ياتقاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۆزىنىڭ سەكراتتا ياتقان ئادەمدەك سۇس پىچىرلاۋاتقانلىقىنى سەزدى.

ياق! ... ياق. بۇ بىر ... چۈش ... مېنى قارا باستى ...

بۇ پىچىرلاشلار تولىمۇ ئاجىز ئىدى، بىراق ئۇنىڭ ئۆتكۈر شەمشەرنىڭ بېسىدەك كەسكىنلىكى ئۇنى ئالاقزادە قىلاتتى.

ئۆيگە ئەمدى قانداق قايتىش كېرەك؟ ئۇ ئۆيىگە قايتىشنى ئويلاپ تېنى شۈركىنىپ كەتتى. يەنە بىر هازا ياتقاندىن كېيىن ئاخىرى پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئورنىدىن تۇردى. گويا باياتىنقى ئىشلار يۈزلىرىدىن مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرغاندەك، بىر هازا يۈز - كۆزلىرىنى تۈزدى. لەۋلىرىنى تۈكرۈكى بىلەن هۆل قىلىپ، قايتا - قايتا ئېرتتى. هەتتا بۇرۇنلىرىنىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتىمىكىن دەپ ئويلىغاندەك سىلاپ چىمدىپ ئالدىغا تارتىپ قويدى. گەرچە بۇ كېچە بولسىمۇ ئۆيدىكىلەر چىراغنى يۈزىگە يېقىن ئەكىلىپ قاراپ باقىدىغاندەك، ھەممىسى ئۇنى كۆزىتىش ئۈچۈن يولغا قاراپ تۇرۇشقاندەك، گويا باياتىنقى ئىشلارنى پۈتۈنلەي چاندۇرۇپ قويىدىغاندەك هېس قىلاتتى.

ئۇ ئىككى پۈتىغا پۈتكۈل هاياتى، ئار - نومۇسى ۋە ئەدەب ئەخلاقى قاتارلىق دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر نەرسىلەر ئېسىپ قويۇلغاندەك قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ، لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە ئۆيگە كىردى. ئۆيدىكىلەر يېتىپ قېلىشقانىدى. ئۇ ئەندىكىپ تۇرغان كۆزلىرىنى يەردىن ئالالماي، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغاندەك ئەتراپقا قاراشقا پېتىنالمىدى. بىردىنلا ئۆز هۇجرىسىدا چىراغ يېقىقلىق ئىكەنلىكىنى كۆردى - دە، يۈرىكى قارتىدە قىلىپ دەھشەتلىك سىلىپ كەتتى. قېيىن ئانىسىنىڭ دالان ئۆيدىن چىققان ئويقۇلۇق ئاۋازىنى ئاڭلىماي قالدى.

— قىزىم كەچ قالدىڭىزغۇ ئەنسىرەتتىپ.

— ئاۋۇ ئۆيىنىڭ چىرىغى ...

ئۇنىڭ ئاۋازى چىرقىرىغاندەك چىقىپ كەتتى. ئاۋازىنىڭ بۇنداق چىقىپ كېتىشىدىن ئۆزىمۇ قورقۇپ كەتتى - دە، هاڭۋاققىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— سىزنى قاراڭغۇدا تەمتىرەپ يۈرمىسۇن دەپ يورۇتۇپ قويغانىدىم. — دېدى قېيىن ئانىسى هەيران بولغان تەلەپپۇزدا، — قورقۇپ كەتتىڭىزمۇ؟

— ياق ... ياق ... مەن ... پەقەت ... — ئۇ دۇدۇقلاپ گەپ تاپالماي قالدى ۋە ئېتى-

www.uyghurkitap.com

لىپ ئۆيگە كىرىپ خامۇش ھالدا ئۆزىنى كاڭغا تاشلىدى. ئىنتىرسكى بىر ھازاغىچە بېسىلمىدى.

ئۇ يەنىلا خاتىرجەم بولالماي، ئۆينىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغا قاراپ، ئۆزىگە دەھشەت بىلەن تىكىلگەن روزىنىڭ ئەيىبلەش نەزەرى بىلەن تولغان كۆزلىرىنى ئىزدىدى.

ئۇ راستىنلا قايتىپ كەلمەيتتۇ دەپ ئويلىدى، ئۇ قورقۇنچىنى بېسىشقا تىرىشىپ ۋە ناھايىتى تەستە روزىنىڭ كەتكىلى ئەمدىلا ئۈچ-تۆت كۈن بولغانلىقىنى ئەسلىيەلىدى. كەتكىلى بىر نەچچە كۈن بولسا قانداق قايتىپ كېلىدۇ...

ئۇ كېچىچە ئۇخلىيالمىدى. ئەمدىلا كۆزىنى يۇمۇشقا قانداقتۇر بىر قول ئۇنىڭ دولىسىدىن تۇتۇپ، كۆچەپ ئۆزىگە تارتقاندەك بولاتتى-دە، چۆچۈپ كۆزىنى ئاچاتتى.

## تۆتىنچى باب

ئۆتكەندىكى ئىشتىن كېيىن رىزۋان بىرنەچچە كۈنگىچە خامۇش يۈردى. دۇنيا ئۆزگىرىپ باشقىچە رەڭگە كىرىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ بۇ رەڭنى گۈزەل ياكى رەزىل دەپ ئېيتالمايتتى. يۈرىكىدىكى ئاجايىپ بىر خىل ھېسسىياتنى گويا چۈشتىن ئويغىنىپ، چۈشىدىكى ھاياسىز مەنزىرىلەرنى قايتا ئېسىگە ئالغان مەسۇم قىزدەك ئۆز قەلبىدىكى تۇيغۇنى نومۇس بىلەن تاماشا قىلاتتى.

ھېلىقى ئىش بولۇپ، ئەتىسى ئۇ دۇكانغا باردى. قېيىنئاتانا-قېيىنئاتىلىرى ياكى باشقا بىرەيلەن ھېلىلا تولىمۇ قورقۇنچلۇق بىر سۆزنى دەپ سالىدىغاندەك ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپلا تۇراتتى. دۇكانغا بېرىپ ئادىل بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى ئويلاپ قېيىن ئانىسىغا «مىجەزىم يوق. ئۆيگە بېرىپ كېلەيمىكىن، ئۆيدىكىلەر چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ» دەپ دۇكانغا بېرىشتىن قۇتۇلدى. ئۇنىڭغا تۈنۈگۈن بولغان ئىشنى ھەممە ئادەم بىلىدىغاندەكلا تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. يول يۈرسە ھەممە كىشىلەر ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ ئېيىپلاۋاتقاندەك بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالاتتى. ئۇ ھېلىقى جىگدىلىك يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ جىگدىلىك ئىچىدىكى ھېلىقى جايغا قورقۇنچ باسقان ھالدا قاردى. ئۇ دەككە-دۈككىچىلىكتە ھەممە ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. بىراق ئۇ ئىشلار شېرىن بىر چۈشتەك، رېئاللىقتا ئەسلا مەۋجۇت ئەمەستەك ئىزسىز غايىپ بولغانىدى.

ئاھ، جىگدىلىك! ئۇ تۈنۈگۈنكى مەنزىرىلەرنىڭ ئىزلىرىنى ئىزلەپ، ھەممە جىگدىلەرگە تەلمۈرۈپ بىر-بىرلەپ چىقتى. بەزى جىگدە غوللىرىنى بولسا قولى بىلەن تۇتۇپ سىلاپ قويۇاتتى. ئۇ مېنى قۇچاقلاپ ئېچكىرىگە ئېلىپ ماڭغاندا بەلكىم مۇنۇ جىگدىلەرگە بىر يەرلىرىم تېگىپ كەتكەندۇ، مۇنۇ شاخنى تۇتىۋېلىپ ئۇنىڭدىن ئاجراشقا تىرىشقاندىمەن، بەلكىم ماۋۇ كۆتەككە يۆلىنىپ قالغاندىمەن، دەپ ئويلايتتى. بىراق ئۇ مەنزىرىلەرنىڭ ھېچبىرىنى يادىغا ئالالمايتتى.

پەقەت مۇشۇ جىگدىلىك يېنىغا كەلگىنىدىلا خىرە ئەسلىيەلەيتتى. قالغىنىنى مەست بولۇپ يېشىلگەن ئادەم مەستلىكتە قىلغان ئىشلىرىنى ئەسلىيەلمىگەندەك ئەسلىيەلمەيلا قا-

لاتتى. بىراق ئۇ سۆيۈش، ئۇ تىركىشىشلەر تېخىچە بولىۋاتقاندەك، ئويلىسىلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا لەپپىدە گەۋدىلىنىپ، بىر قول دولىدىن كۈچ بىلەن تارتقاندەك، بىر لەۋ لەۋلىرىگە تەگكەندەك بولاتتى - دە، چۆچۈپ ئېسىنى يىغاتتى. بۇ كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭ يۈرىكىگە مەڭگۈلۈك ئورنۇشۇپ قالغاندى. ئۇنىڭ بۇنى ئۇنتۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەممە نەرسىگە قايتا ئېرىشكىلى بولسىمۇ قولدىن كەتكەن ۋىجدانغا مەڭگۈ ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ياق! ئۇ نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىۋاتىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ مۇقەددەس ۋىجدان ئەنە شۇ سۆيۈش، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ قىممەتلىك، پۈتكۈل ھاياتىنىڭ جەۋھىرى ئەنە شۇ سۆيۈش! چۈنكى ئۇ پەقەت مۇشۇ بىرلا قېتىم ئۆزى چىن يۈرىكىدىن ھەقىقىي خالايدىغان سۆيۈشكە ئېرىشتى. پۈتكۈل ئۆمرىدە پەقەت... پەقەت بىرلا قېتىم.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ مەستخۇش ھالەتتىن ئاز تولا خالى بولدى. دۇكانغا قايتا باردى. قايتىدىن ناھايىتى زور قۇدرەت بىلەن يۈرىكىدە يىلتىز تارتىپ چىققان تەلپۈنۈش ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆزىدىن يىرگىنىچ ھېسسىياتىنى بىر - بىرلەپ يوققا چىقىرىۋەتتى. ئادىلنىڭ بوتكىسى تەرەپكە قارىسىلا روزىنىڭ سوغۇق كۆزلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى تىكەنلىشىپ كېتەتتى، ئۆزىگە قەسەم قىلاتتى «ياق... مۇمكىن ئەمەس. بۇندىن كېيىن ئۆلسەممۇ ئۇنىڭغا قولۇمنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزمايمەن. ئۆتكەنكى ئىش بىر قېتىملىق قارا بېسىش ھېسابىدا تۈگەپ كەتسۇن.»

بىراق ئۆتكەنكىدەك ئىش يەنە يۈز بەردى. بۇ قېتىم ئۇ تېخىمۇ غەلىتە بولدى. تېخى شۇ كۈنى ئېرىنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ ئىش يۈز بەرگەندە ئۇ شۇ قەدەر خۇدىنى يوقاتقانكى قانداق قىلىپ يەنە ئادىلنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىنىنى قىلچىمۇ تۇيماي قالدى. بۇ قېتىم ئۆتكەنكىدەك تاسادىپىي ھالدا بولمىدى. قىلچىمۇ تاسادىپىيلىق يوق دېيىشكە بولاتتى. بۇ قېتىم ھەممىنى ئۇ ئۆزى قىلدى...

ھېلىقى ئىشتىن كېيىن ئۇ ئادىل بىلەن قايتا كۆرۈشمەسلىككە، ئەگەر ئۇچرۇشۇپ قالسا ئۇنىڭغا قاپاق ئاچماسلىققا ئىرادە قىلغانىدى. بىراق ئۇ ئۆزىگە سالغان بۇ روھىي كىشەنگە ئاخىرى، ئۆزى بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇ دۇكانغا كېلىپ بىر ئىككى كۈننى ئاران ئۆتكۈزدى. ئادىل ئالدىغا كەلسىمۇ گەپ قىلمايتتى. ئادىل بىلەن بىللە بولمىغان بۇ ئىككى كۈن ئۇنىڭغا بەكمۇ ئۇزۇن ۋە مەنىسىز تۇيۇلۇپ كەتتى. بېرىپ ئادىلنىڭ ئاياغلىرىغا ئۆزىنى تاشلىۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇ ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ مىدىرلىماي ئولتۇرۇش ۋە بوتكا ئالدىدىن ئۆتكەن ئادىلنى كۆرمەسكە سېلىپ باشقا ياققا قارىۋېلىش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلدىكى، بۇ كۈنلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمرىدىكى ئەڭ ئازابلىق، ئەڭ ئېچىنىشلىق كۈنلەر بولۇپ قالدى. ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن تەشنالىق ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزاتتى. ئادىل بىرنەچچە رەت ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى چۈشەندۈرمەكچى بولدى. بىراق رىزۋان بېشىنى كۆتەرمەيتتى. بىر ئازدىن كېيىن دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپلا تىترەپ تۇرغان پۇتلىرىنى تەستە باشقۇرۇپ ياندىكى بوتكىلارغا بىر نەرسە سورىغان قىياپەتتە كېتىپ قالاتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ شۇنچە قارىغۇسى بولـ

سىمۇ ئارقىغا قارىمايتتى بىراق جىسمىدىكى بارلىق سەزگۈلىرى مەركەزلىشىپ ئادىلنى كۆزىتەتتى ـ دە، ئادىلنىڭ لېۋىنى چىشلەپ قاراپ قالغان تۇرقىنى، ئۇنىڭ ئۆچمەس ھەۋەس بىلەن يېلىنجاپ تۇرغان مەستخۇش كۆزلىرىنىڭ چاقناشلىرىنى ئوچۇق كۆرگەندەك بولاتتى.

ئادىل ئۇنىڭ ئالدىغا كەلمەس بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ تۇرالماي قالدى. ئاخىرى ئادىلنىڭ ئالدىنى ئۆزى ئايلىنىشقا باشلىدى. بىر كۈنى كەچكە يېقىن قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. ئۇ بوتكىنى تاقاپ ئادىلنىڭ بوتكىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى.

— رىزۋان! مە، ماۋۇ كۈنلۈكنى تۇتىۋال!

ئۇ ھۆللىشىپ پىشانىسىگە چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى تۈزەپ قويۇپ، ئىتتىك ئادىلغا قارىدى. ئادىل يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى. گۈلدۈرماما دەھشەتلىك گۈلدۈرلەپ، يامغۇر چېلەكلەپ قۇيۇلۇشقا باشلىدى. رىزۋان گۈلدۈرماما گويا ئۆزىنىڭ يۈرىكىدە گۈلدۈرلىگەندەك قاتتىق چۆچۈپ قاراڭغۇلىشىشقا باشلىغان ئوپۇققا چەكچىيىپ قاراپ قالدى.

(ئاخىرى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن



پەرھات تۇرسۇن 1969 ـ يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغان، 1984 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن، 1989 ـ يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋىي سەنئەت سارىيىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى 1980 ـ يىلى «قىزىلسۇ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە قىرىق پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ئۈچ پارچە ھېكايە، بىر پارچە دراممىسى ئېلان قىلىندى.

ئاپتورنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 1989 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ھالاكەت» ناملىق ھېكايىسى كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى.

مالىك كېۋىر

# پىيزا دوختۇرى

(ھېكايە)

كەچكۈز ئايلىرى ئىدى. ھاۋا ئۇش-
تۇمتۇت ئۆزگىرىپ لەپپىدە قار تاشلىدى.
سوغۇقنىڭ بىردىنلا كۈچىيىشى ئىش - ئو-
قىتى تازا يۈرۈشۈپ كېتەلمەيۋاتقان تاغ
باغرىدىكى بۇ يېزىنىڭ دېھقانلىرىنى ئالدى-
رىتىپ قويدى. قېرىلارنىڭ كونا كېسەللىرى
قوزغىلىپ، دوختۇرخانىغا كېلىپ داۋالىنىغۇ-
چىلار كۆپەيدى. تىببىي ئىنىستىتۇتىنى
پۈتتۈرۈپ يېزا دوختۇرخانىسىدا ئىشلەۋات-
قان ياش ۋىراچ گۈلىناز پاتىپاراقچىلىق
ئىچىدە قالدى. يېشىغا تولىمىغان، يۇمىران
بەدىنى پىيازنىڭ پوستىدەك قىزىرىپ تۇر-
غان بوۋاقلار ئوكۇلىغا چىدىماي قىرقىراپ
يىغلىغاندا يۇمشاق كۆڭۈل ياش دوختۇر
چىدىماي كېتەتتى.

ئىشتىن چۈشۈشكە ئاز قالغانىدى.
ئاۋاق بەدىنى كالتە خۇرۇم چاپان ئىچىدە
شالاقلاپ تۇرغان، چىرايلىق قارا شىلەپى-
سىمۇ سوقىچاق پېشانىسىگە ماس كەلمەي
لەيلەپ قالغان ئابلىز قورۇق ئۆزىنىڭ كەل-
گەنلىكىدىن بىشارەت بەرگەنىدەك يۆتەلگى-
نىچە بۆلۈمگە كىرىپ كەلدى.

— تۇنجى قار سىزنىڭمۇ مىجەزى-
ڭىزنى قوداڭشتىپ قويدىمۇ نېمە؟ — دېدى
گۈلناز ئابلىز قورۇقنى ئالدىدىكى ئورۇن-
دۇققا ئولتۇرغۇزۇپ. — سىز نېمە بولدىڭىز؟
ئابلىز قورۇق ئالدىرىماي دوختۇرنىڭ
كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ دېدى:

— مېنىڭ كېسىلىم باشقا، مەن سوغۇق-
تىن ئەمەس، ئىسسىقتىن ئازابلىنىۋاتىمەن.

— توۋا، ھەجەپ قىزىق تەبىئىتىڭىز
بار ئىكەنا سىزنىڭ، — دېدى ئاقكۆڭۈل قىز
ۋە يېنىككىنە كۈلۈپ قويدى.

— بۇ ئىسسىقنىڭ ۋەجىدىن بەزى
كۈنلىرى خۇددى ساماندەك، ئىچ - ئىچىم-
دىن بۇقسۇپ كۆيىمەن، بەزى كۈنلىرى
قاقشال قورايدەك لاپپىدە ئوت ئالىمەن،
يالقۇن چاچىمەن، ئۇيقۇ ماڭا ھارام بول-
دۇ، تاڭ ئاتقۇچە كۆز يۇممايمەن، قولى
بوشىسۇن دەپ قېشىڭىزغا ئەتەي كەچ
كېلىشىم، ئوبدانراق تەكشۈرۈپ كۆرسىڭىز.

گۈلناز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قا-
رىدى، ئابلىز قورۇق گويا ئاچچىق دورا
ئىچىۋالغاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ
ئولتۇراتتى.

— ئىشتىيىڭىز قانداق؟

— بىر - ئىككى كۈن بولدى، گېلىمدىن
ھېچنېمە ئۆتمەيۋاتىدۇ، تاماقتىن قالدىم.

— يۈرەك ھەرىكىتىڭىز؟

— ئادەمنىڭ يۈرىكىنى كەپتەر گۆ-
شىدىن ياسىمىغاندۇ، توۋا دەيمەن، بۇ-
قۇلداپ سايرىغىنى سايرىغان، ھەرىكىتىنى
دېدىڭىزما؟ ھەرىكىتى شوخ، كۆكرەك قە-
پىسىگە سىغماي كەكلىكتەك ئوخچۇيدۇ.

«بوقۇلداپ سايرىغىنى سايرىغان»، «كۆكرىدەك قەپەزىمگە سىغماي» دېگىنى نېمە گەپتۇ؟!



گۈلناز بۇ سوئالدىن دەرھال ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتتى. دوختۇر دېگەننىڭ ئالدىغا ھەر خىل ئادەم كېلىدۇ. بەزىلىرى كېسەلىنى ئۆزگىچە ئادەت، باشقىلارغا يات سۆزلەر بىلەن ئىپادە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈلناز ئالدىدا ئولتۇرغان ئوتتۇز ياشقىمۇ كىرمەي تۇرۇپلا يۈز - كۆزلىرى ھېلىلىدەك قورۇلۇپ كەتكەن بۇ يىگىتنىڭ شاللاق مىجەزى، گەپ - سۆزىدىكى بىمەنىلىكى بىلەن پىششىق تونۇش، ئابلىز قورۇق بەلكى ئۆزىنى بىلىمدان قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن شۇنداق سۆزلەيدىغاندۇ؟ شۇڭا ئۇ گەپنى ئۇزارتىشنى خالىماي ئۇنى ئاق پەردىلىك شىرما كەينىدىكى تاپچانغا ياتقۇزدى. كېيىمىنىڭ ئالدىنى ئېچىپ ئېكىشىپ تۇرۇپ پىلاندوسكوپ بىلەن يۈرەك ھەرىكىتىنى تىڭشاشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز ئابلىز قورۇق قىزنىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە قولىنى قويۇپ سوغۇق ھىجايدى.

— ۋىيەي، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ — قىز ئەندىكىپ كەتتى.

— نېمانچە ئۈركىيدىغانسىز، يۈرىكىمدىكى دەردنى بىلىۋېلىشىڭىزغا قوللىرىم بىلەن ياردەم قىلىۋاتىمەن.

— سىز ...

— دەردىمنى ئېنىقلاشقا پىلاندۇسكوپ ياردەم بېرەلمەيدۇ، مەيدىڭىزنى يېقىپ تەكشۈرۈڭ، قۇلىقىڭىزنى قويۇپ تىڭشاڭ ...

گۈلناز ئۇنىڭ قولىنى ئاچچىقى بىلەن سىلكىۋېتىپ شىرمىنىڭ ئىچىدىن يېنىپ چىقتى.

ئابلىز قورۇق ئەتىيازدىكى پاتقاقچىلىقتا ئۈرەدەپ ئۆلگەن ئورۇق تۇياقىقا ئوخشاش پۇت - قولىنى ئاسمانغا داردايتقىنىچە يېتىپ قالدى.

گۈلنازنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ بۇ يېزا دوختۇرخانىسىدا ئىشلەۋاتقىنىغا يېرىم يىلدىن ئاشتى. كەسپىي سەۋىيىسى يۇقىرى، كېسەللەرگە ئەستايىدىل ۋە قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان بۇ قىزنى ھەممىلا ئادەم ياخشى كۆرەتتى، ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنىڭغا كۆرۈنۈشنى، داۋالىنىش توغرىسىدا پىكىر - مەسلىھەت سوراشنى ئارزۇ قىلاتتى. گۈلنازمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كىشىلەرنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئۇ خىزمىتىنى ئەنە شۇنداق رەتلىك ۋە كۆڭۈللۈك ئىشلەپ كېتىۋاتقىنىدا ئابلىز قورۇقنىڭ ھېلىقىدەك بىمەنا گەپ - سۆزلىرى، قىلىقلىرى بارغانسېرى ئەدەشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دوختۇرخانا باشلىقى سادىقنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ ئابلىزنىڭ تەرەپدارى بولۇۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئەلەم قىلدى. «قول يەتسە ھاراق ئىچكەنگە ھېچنېمە يەتمەيدۇ» دەپ كۈندە

دېگۈدەك ئىككى سەر قېقىۋېلىپ، چانىقىدىن پۈلتىيىپ چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى قىزارتىپ يۈرىدىغان يوغان قورساق باشلىق بىر كۈنى گۈلنازنى ئىشخانىسىغا چاقىرىۋېلىپ، بىلەر ياشلار رومانتىك خىيالغا بېرىلىپ ئاسانلا خاتالىشىسىلەر، سىز بەلكى ئابلىزنى ئوقۇمىغان، نادان دەپ قارايدىغانسىز، ئۇ قوپ ئەرشى ئەلاغا چىققاندىن قانچىسى بار. ناھايىتى ياخشى لايىق، ئۇ سىزنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىمۇ، دادىسىمۇ يېتىشكەن باي، كېيىن يامان كۈندە قالمايسىز، ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل دەڭ، دەپ ئابلىزنى ھەدەپ ماختاشقا باشلىدى.

— سادىق ئاكا، — دېدى گۈلناز قىزىرىپ تۇرۇپ، — بىر ئادەمنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى پۇل، بايلىق بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ، ئابلىز ئىككىنچىلەپ ماڭا بۇنداق گەپنى قىلمىسۇن، مەن ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن.

گۈلناز شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپلا باشلىقنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ تىببىي ئىنستىتۇتتا بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى دولقۇننى ياخشى كۆرەتتى. دولقۇن قىزلاردەك زىلۋا، بۇدرە چاچ، كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان مۇلايىم ۋە ئەدەپلىك يىگىت ئىدى. ئۇ شەھەردىكى ياخشى خىزمەت ئورنىدىن ۋاز كېچىپ، گۈلناز بىلەن بىللە ئىشلەش ئۈچۈن مۇشۇ يېزا دوختۇرخانىسىغا كەلگەن، ھازىر بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەتكەن ئىدى. ئۇلار پات - پات خەت يېزىشىپ تۇراتتى.

گۈلناز خىزمىتىنى ئىلگىرىكىدەكلا داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. بۈگۈن ئۇ زىققا كېسەلى قوزغىلىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان زىۋۇدىخان ھەدىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. زىۋۇدىخان ھەدە يولدىشىدىن يالغۇز بىر ئوغۇل بىلەن تۇل قالغان، ياشىنىپ قالغان ئايال ئىدى. ئۇ، خۇدانىڭ ماڭا بەرگىنى شۇ بولسا كېرەك، چوڭ بولغاندا ھالىمدىن خەۋەر ئالار، دەپ ھۆسەن ئىسىملىك بۇ ئوغلىنى ئەتىۋارلاپ باقتى. 20 ياشقا كىرگۈزگۈچە تارتمىغان جاپاسى قالمىدى، لېكىن ئۇ كۈتكەن يەردىن چىقماي قىپقىزىل لۈكچەك بولۇپ يېتىلدى. باش ئېتىپ ئۇرۇۋۇشىدىغانلىقى ئۈچۈن، «ھۆسەن ئۈسكەك» دېسە ئۇنى تونىمايدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئۇ ئوقەت قىلىمەن دەپ ئابلىز قورۇقتىن قەرز ئېلىپ گۇاڭجۇغا كىرىپ كەتكەنچە ئۈچ يىلدىن بېرى ئۆزىنى كۆرسەتمىگەن ئىدى. مانا شۇنداق قارانچۇقسىز، تىسكەندەك يالغۇز قالغان بىچارە موماي گۈلنازنىڭ ئۆز قىزىدەك كۆيۈنۈپ داۋالاۋاتقانلىقىدىن تولىمۇ رازى ئىدى.

— سىز بولمىغان بولسىڭىز قانداق قىلاردىم، رەھمەت قىزىم، خۇدايىم مۇرات-مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزسۇن، — دەيتتى ئۇ ھەر قېتىم گۈلناز كەلگەندە كۆزىگە لىقىدە ياش ئېلىپ تۇرۇپ.

كېسەل كۆپەيگەندىن بېرى دورا يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقى كۆپەيگىلى تۇردى. بولۇپمۇ زىۋۇدىخانىدەك ئاستا خاراكتېرلىك زىققا كېسەلى بارلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بەزى دورىلارنى تېپىش ئاسانغا توختىمايدىغان بولۇپ قالدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن بەزى يەككە تى-

www.uyghurkitap.com

جارەتچىلەر قولىنى ئاپتىكىلارغىچە سۇنۇشتى. شۇ كۈنلەردە دوختۇرخانا باشلىقى سادىق بىلەن ئابلىز قورۇقىنىڭ ئاغىنىدارچىلىقى باشقىدىنلا كۈچەيدى. گۈلناز سادىقنىڭ ئابلىز قورۇقتا بەزى دورىلارنى يەر ئاستىدىن شۇڭغىتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. دەرۋەقە ئۇزۇن ئۆتمەي داۋالانغۇچىلار رېتسىپنى دوختۇرخانىدىن، دورىنى ئابلىز قورۇقنىڭ دۇكىنىدىن ئالىدىغان بولدى.

گۈلنازنىڭ غەزىپىگە ئوت تۇتاشتى، گۈلناز باشلىق بىلەن بۇ ھەقتە ئوچۇق سۆزلىشىش قارارىغا كەلدى.

ئۇ سادىقنى بىر نەچچىسىلەن بىلەن ئىلىپەتچىلىك قىلىشىپ ئولتۇرغان سورۇندىن تاپتى. ئۇلار ھەدەپ ھاراق ئىچىشۋاتاتتى. گۈلناز ئۇلارنىڭ كەيپىياتىغا، ئاشخانىدىكى ئالامەتلەرگە قاراپ بۈگۈن سۆزلىشىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى - دە دەرھال قايتماقچى بولدى، بىراق سادىق ئۇنى كۆرۈپ قالدى.

— باياتىن بېرى سىزنىڭ كېپىڭىزنى قىلىپ ئولتۇراتتۇق، — باشلىق ئاشخانىدىن ئېتىلىپ چىققان پېتى گۈلنازنىڭ بىلىكىدىن قامالاپ تۇتتى، — زامان ئاخىر بولىدىغان چېغى، ھەجەپ ئوبدان كېپقالدىڭىز، قېنى ئاشخانىغا يۈرۈڭ.

— رەھمەت، سىز بىلەن كەمچىل دورىلار توغرىسىدا سۆزلەشمەي دېۋىدىم، كېيىن كۆرۈشەرمىز، — گۈلناز دەررۇ ماڭماقچى بولدى.

— ناھايىتى ياخشى، دەرھال ئاشخانىغا كىرىڭ، سىزگە لازىملىق دورا تەييار، — سادىق ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن ئاشخانا تەرەپكە ئىتتەردى، — ھاي ئابلىز، بۇياققا كەل، قارچىغاڭ سىنى ئىزدەپ كەپتۇ!

— مەست بولۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟ نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟...

گۈلناز ئاچچىق ئەلەم ۋە خورلۇق ئىچىدە سادىقنىڭ چىرايىغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ قارىدىدە، كەينىگە بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى.

ھەش - پەش دېگۈچە قىشنىڭ يېرىمى ئۆتۈپ كەتتى. جىددىي ئىلىشىش - تىركىشىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىغا قارىماي گۈلناز خىزمىتىنى ئىلگىرىكىدەكلا خاتىرجەم ئىشلەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ، خاتىرجەم ئەمەس ئىدى، دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى جىددىي ئېھتىياجلىق دورىلارنى ھەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلمەيدى. كېسەل ئۇستىلەپ كۆپەيمەكتە ئىدى. يېزىنى ۋەھىمە قاپلىغىلى تۇردى. گۈلناز شۇ قەدەر جىددىيلەشتىكى، بىر كۈنى باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا ئېتىلىپ كىردى، چېچىلىپ سۆزلەپ كەتتى:

— سىز زادى كىمنىڭ باشلىقى، خەلقنى ئويلامسىز - يوق؟!

— خەلقنى ئويلىماي نېمە قىپتىمەن، — دېدى تاساددىپىي ھوجۇمدىن گاڭگىرىغان باشلىق كىرسلودا لاپچاراپ ئولتۇرغىنىچە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— ئېسىل دورىلارنى يەك ئىچىدىن ئابلىز قورۇقتا شۇڭغىتىپ بولدىڭىز، يەنە نېمە قىلسىڭىز بولاتتى؟

باشلىق ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ

قالدى، شۇنداقتىمۇ يەنىلا چاندۇرماي:

— ئابلىز قورۇققا شۇكىشتىقان بولسام يامان ئىش قىلماپتىمەن، پايدىسىغا ئۆزىڭىز تەڭ ئورتاق بولسىزغۇ ... ھى، ھى، ھى، — دەپ خىرىقىراپ كۈلدى. شۇ ئەسنادا بومبا ساقال بىر دېھقان گۈلنازنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئېغىر كېسەللىكىنى ئاڭلىغان گۈلناز دەرھال دېھقاننىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

گۈلناز دېھقاننىڭ ئۆيىدىن قايتقاندا كەچ سائەت 10 بولۇپ قالغاندى. ئۇ، ئىككى مەھەللە ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزۈكتە كېتىۋاتقاندا ئارقىدىن كىمدۇ بىرى ئىسمىنى چاقىردى، گۈلناز توختىدى. ئاي نۇرى ئەتراپنى يورۇتۇپ تۇراتتى. بىر پەستە يولنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن سايە چۈشۈرۈپ، ھاسىراپ ھۆمۈدەپ ئابلىز قورۇق يېتىپ كەلدى.

— ھە، سىزمۇ بۇ تەرەپكە ئۆتكەن ئىكەنسىزدە — دېدى قىز ئۇنى كۆرۈپ ئەندىككەن ھالدا.

— ھەئە، بىللە قايتايلى دەپ دوخمۇشتا ساقلاپ تۇرغىنىمغا خېلى بولدى، قېنى، ماڭايلى ئەمىسە.

ئۇلار جىمجىت مېڭىشتى، ئابلىز قورۇق گەپنى قانداق تېپىشنى، گۈلناز بولسا ئۆزۈكتىن قانداق قىلىپ ساق-سالامەت ئۆتۈپ كېتىشنى ئويلايتتى.

— سىزنى نېمىشقا ساقلاپ تۇرغىنىمنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، — بىرپەس شۈك ماڭغاندىن كېيىن ئابلىز قورۇق گەپ ئاچتى، — تەكلىپ قويغىنىمغا خېلى بولدى، باشلىقىڭىزنى ئەلچىلىككە قويدۇم، بىراق ھېچ تېۋىش يوق، شۇڭا جاۋابىڭىزنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاي دېۋىدىم.

گۈلنازنىڭ تېنى جۇغۇلدىدى. ئۇ سادىققا بۇ ھەقتە ئوچۇق گەپ قىلغان، ئەجەبا سادىق بۇنى ئابلىزغا دېمىگەنمىدۇ. ئۇ شۇ تاپتا ياق بولمايدۇ، مەن سېنىڭ خىلىڭ ئەمەس دەپ ئوچۇق ئېيتسۇنمۇ؟! لېكىن ھازىرقى پەيتتە بۇ خەۋپلىك جاۋاب ئىدى، ئابلىز قورۇقنىڭ تۇرقىدىن قارىغاندا بۇ جاۋابنى ئاڭلىسا ئەسەبىيلىشىپ ئەسكىلىك قىلىشى مۇمكىن. بۇ ئادەمزاتسىز كېچىدە ئۇ بۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلسا بولار؟

— قېنى، بىرنېمە دەڭ، — دېدى ئابلىز قورۇق پەلتۇسىنىڭ ياقىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قويۇپ گەپ قىلماي كېتىۋاتقان قىزنى قىستاپ، — مېنىڭ باشقىلاردىن نەرىم كەم، مېنى نېمىشقا بۇنچىۋالا ئازابلايدىغانسىز؟

گۈلناز تامىقىنى قىرىپ قويۇپ گەپ قىلماي مېڭىۋەردى.

— ماقۇل دېسىڭىز تويىنى چوڭ قىلىمەن.

— ...

— ئائىلىدە ھېچكىمگە بوي سۇنمايسىز، ئۆز بەگ، ئۆز خان، قولىڭىزنى سوغۇق سۇغا تىققۇزمايمەن.

— ...

— مال-دۇنيارىم يېتەرلىك، ئويۇن-تاماشىدا پۇلدىن قىسىلمايمىز. كېلەر يىلى ھەرەمگە ئاپىرىمەن، ھاجى بولۇپ قايتىسىز، سىزدىن بەختلىك ئايال بولمايدۇ.

مەھەللىنىڭ دەرەخلىرى بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى. گۈلنازنىڭ پۇت-قولىغا جان كىرىشكە باشلىدى، يۈرىكى جانلاندى، ئۇ ئەمدى قورقمايدۇ، ئابلىزغا ياخشى كۆرۈدىغان يىگىتى بارلىقىنى، ئۆزىنى ئاۋارە قىلماسلىقىنى ئېيتىدۇ. ئابلىز قورۇق شۇ چاغدا «بېشى باغلاقلىق ئىكەن» دەپ نىيىتىدىن يېنىشى مۇمكىن!

گۈلناز مەھەللىنىڭ بوسۇغىسىغا كەل-

AltunOq

uyghurkitap.com

گەندە بۇ گەپنى دېۋىدى، ئابلىز قورۇق ئەندىكىپ سەكرەپ كەتتى.

— يالغان! سىز يوق گەپنى قىلىپ مېنى ئالداۋاتىسىز! مەن ئاشۇ دولقۇنچىلىك بولالمادىم. مېنىڭ ئۇنىڭدىن نەرىم كەم؟ ...

— مەن سىزگە راست گەپ قىلىۋاتىمەن. مال دۇنيارىڭىز ئۆزىڭىزدىن ئايلانسۇن، مېنى بەختلىك بولسۇن دېسىڭىز بۇ گەپنى ئىككىنچى ئاغزىڭىزغا ئالماڭ، خوش ئەمىسە.

گۈلناز شۇنداق دەپلا مەھەللە ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

— ئاناڭنى ... خەپ توختا، ئىززىتىنى بىلمىگەن ساراڭ!

ئابلىز قورۇق مەھەللىگە كىرىش ئېغىزىدا لىڭشىپ بىر پەس تۇردى. ئاندىن گۈلنازنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىپ ئۆيىگە قاراپ ئاستا قەدەم تاشلىدى. ئۇ يېزا بويىچە بېيىغان كەسپىي ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق كەنجى ئوغلى ئىدى، ئۇنىڭ يېزا بازىرىنىڭ ئاۋات يېرىدە دۇكىنىمۇ بار ئىدى. ئابلىز قورۇقنىڭ قارىشىچە ئادەمدىكى بارلىق ئېسىل پەزىلەتنىڭ ئانىسى بايلىق. پۇلى بارنىڭ گېپى توك، پۇلى يوقنىڭ گېپى توك، بايلىق ئادەمگە يۈز-ئابروي بېرىدۇ، پۇل بولسا ھەرقانداق ئىش ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. ئۇ بۇ قاراشقا ئەسىر بولۇپ 30 ياشقا كىرگىچە پۈتۈن ئەس-ھوشى بىلەن بايلىق يىغدى. چوڭ بولۇپ قالغانلىقى، پېشانىسىدە يول-يول ئۇششاق سىزىقلار پەيدا بولۇپ «قورۇق» ئاتىلىپ قالغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەمدى. ئۇ، مەندەك باي يىگىتكە ھەر قانداق قىزمۇ جان دەپ ماقۇل بولىدۇ، دەپ خام خىيال قىلىپ يۈرەتتى. شۇڭا گۈلناز دوختۇرخانىغا كەلگەندىن بېرى ھەدېسە بايلىقنى كۆز-كۆز قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشىۋالىدىغان بولۇۋالدى. بىراق گۈلنازنىڭ ئۇنى «ئېتى ئۇلۇغ-سۈپرىسى قۇرۇق» كەمبەغەل يىگىت دولقۇنچىلىك كۆرمەگەنلىكى قاتتىق ئەلەم قىلدى. ئۇ ئۆيىگە كېلىپ ياتقان بولسىمۇ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ خىيالىغا سادىق يەتتى، بايلىقىدىن قالسا دوختۇرخانىنىڭ بۇ مەمەدان باشلىقى ئۇنىڭ يەنە بىر ئىشەنچلىك تۈۋرۈكى ئىدى. بۇ تۈۋرۈك ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بەر، گۈلناز چوقۇم سېنىڭ بولىدۇ، دەپ ۋەدە بەرگەنىدى.

ئۇ ئابلىز قورۇقنى ئەخمەق قىلدىمۇ نېمە؟ ئۇ زادى ئابلىز قورۇقنى نېمە كۆرىدۇ؟! ئابلىز قورۇقنىڭ شۇ قەدەر ئاچچىقى كەلدىكى، تۈن يېرىم بولۇپ قالمىغاندا، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا باشلىقنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يۈز تۇرانە سۆزلەشكىسى كېلىپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئۇ دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدى. يول ئۈستىدە تونۇش قاۋاقخانىلارنىڭ بىرىگە كىرىپ غىققىدە ئىچىۋالدى، سادىق ئىشخانىدا يىغىن ئېچىۋاتاتتى، ئابلىز يىغىنغا ئۇسۇپ كىردى. كۆپچىلىك مەستچىلىكتە شىلەپىسىنى تەتۈر كىيىپ، ئالدى پېشىنى ئېگىز-پەس قىلىپ، ئۆلۈكنىڭ كۆزىدەك نۇرسىز كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تاپسىدا ئۆرە تۇرغان ئابلىزنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى.

— باشلىقلارنى ئىزدەپ كېلىشتىم،— دېدى ئۇ لىڭشىپ تۇرۇپ،— كۆرۈنمەيدىغۇ،

نەگە كەتتى ئۇ ھەزلەك؟

سادىق ئابلىز قورۇقنىڭ بۇنداق چىچىلىشىنىڭ سىرىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ، ئالدىغا ئۇسۇپ چىقىپ تۇرغان قورسىقىنى جوزىغا يۆلەپ تۇرغىنىچە مەن مەيەردە، دېگەندەك ئۇنىڭغا قاراپ ھىجايدى.

— تاڭغازا چىشلىۋالدىڭمۇ؟ نېمىشقا «ھۆ» دېمەيسەن ئالدامچى!— ئابلىز سادىققا قاراپ بىر قەدەم سىلجىدى.

كۆپچىلىك ئۇپۇر-تۇپۇر بولۇشتى.

— ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ چىرايلىقچە دېيىشمەيمىزمۇ، نېمە غەۋغا بۇ؟

— ئادەم تىللاش دېگەن قانداق گەپ؟

بۇ گەپ-سۆزلەر ئابلىز قورۇقنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ، ئاغزىنى بۇزۇپ، دوختۇرخانا باشلىقىنى ئەڭ سەت گەپلەر بىلەن تىللايتتى. گۈلنازنى ئۇنىتىپ بىرىمەن دەپ ئىككى مىڭ يۈەن پۇلنى خەجلەپ كەتكەنلىكىنى، ئىككى يەشلىك ئىنىسىنى دورا-ئوكۇلنى يۇقىرى باھادا سېتىپ پۇل قىلدۇرۇۋالغانلىقىنى قويماي سۆزلىدى. يىغىن قاتناشچىلىرى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھاڭ-تاڭ قېلىشتى. ئابلىز ھەدەپ سادىقنى تىللايتتى، ئۇنىڭغا ئېتىلاتتى. بىر نەچچەيلەن مىڭ تەسلىكتە ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدى.

ئۇ نامازشامدا مەستچىلىكتىن سەگىدى. لاپ قىلىپ كۆزىنى ئېچىۋىدى، يۈزىنى قارا ساقال باسقان، تاغاق كۆرمىگەن چاچلىرى گەجگىسىنى يېپىپ تۇرغان، كۆزى خۇنۇك، بۇرنى پۇچۇق دەرۋىش قىياپىتىدىكى بىر يىگىتنىڭ ئېگىشىپ قاراپ يېنىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى، لېكىن كىم ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلالمىدى. بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى.

— مېنى تونىمايۋاتامسەن؟— سورىدى دەرۋىش قىياپىتىدىكى يىگىت.

— ئەزبىرايى خۇدا ئەسلىيەلمىدىم.

— دەرۋەقە كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۈچ يىل بولدى، بەلكى كۆزۈڭدىن چىقىپ قالغاندىمەن، گۇاڭجۇغا ئۆز قولۇڭ بىلەن قەرز بېرىپ ئۇزاتقان ئىدىڭ...

— ھۆسەن، ئاھ، جېنىم ئاغىنەم بۇ دۇنيادا بارمۇ سەن؟— ئابلىز قورۇق ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ ھۆسەن ئۇسكەكنىڭ بوينىغا گىرە سالدى ۋە يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى. ئابلىز قورۇقنىڭ كۆتمىگەن بۇ يىغىسى ھۆسەن ئۇسكەكنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

ھۆسەن ئۇسكەك ئوقەت قىلىشنىڭ يولىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن پۇل تېپىش تۇگۇل، ئابلىز قورۇقتىن ئالغان قەرز پۇللىرىنىڭمۇ ئورنىنى قىلالماي، ئۆزىنىڭ جېنىنى ئاران كۆتۈرۈپ قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ قانداق قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ يۈرۈپ نائىلاج يەنە ئابلىز قورۇقنىڭ ئۆيىگە كىرگەنىدى. ئۇنىڭ كېلىشى ئابلىز قورۇقنىڭ راسا ئىچى پۇشۇپ تۇرغان ۋاقتىغا توغرا كەلگەچكە ئۇنى ئۇتتۇۋالدى.

— قېشىمدا ئولتۇر، مۇڭدىشىمىز، سەن بىلەن بىز ئاغىنە، ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟ ساڭا دەيدىغان جىق گەپلىرىم بار.

ئابلىز قورۇق بىردەمدىلا جوزىغا ھاراق ۋە تاماقلارنى ئەكىلىپ ھۆسەن ئۇسكەكنى مېھمان قىلىشقا باشلىدى. شۇ كۈنى ئۇلار

www.uyghurkitap.com

ئېغىر ياتقۇغىچە ئولتۇرۇشتى. ئەتىسى ھۆسەن ئۇسكەك ئۆيىگە بېرىپ ئانىسىنىڭ كۆزىگە بىر كۆرۈنۈپ قويۇپلا يەنە يوقاپ كەتتى. مەھەللىدىكىلەر ئۇنى بىردەم ئابلىز قورۇقنىڭ ئادىمى سۆپىتىدە شەھەردە ئوقەت قىلىۋېتىپتۇ، دېسە، بىردەم ئابلىز قورۇق قەرزىنى قىستىغان ئىكەن، بېرەي دېسە پۇلى يوق، قېچىپ كېتىپتۇ، دېيىشىپ يۈردى.

ئەتىيازنىڭ تازا پاتقاقچىلىق كۈنلىرى ئىدى. ھۆسەن ئۇسكەك شەھەر ئاشخانىلىرىنىڭ بىرىدە سامسا يەپ ئولتۇراتتى. تاماق كۈتۈپ قارشى تەرەپتە ئولتۇرغان تونۇش بىر قېرى دېھقان ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھۆسەنمۇ سەنۇي — دېھقان ئۇنى ئەيىپلىدى، — ئاناڭنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتتى، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈسەن، سەنمۇ بالا بولدۇڭما؟ ھەي ئىككى ئاياغلىق ئىت.

ھۆسەن ئۇسكەك ئالدىدىكى سامسىنى تاشلاپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئاغرىقلىقىنى راستىنلا ئۇنتۇپ كەتكەنىدى، ئاشخانىدىن چىققان پېتى ئۇدۇل يېزىغا قاراپ يۈگۈردى.

زىۋىدىخاننىڭ كېسىلى راست ئېغىرلىشىپ قالغان، جۇپ تەھىيىنىڭ ئۈستىگە بېشىنى ئېلىپ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتاتتى. ھۆسەن ئۇسكەك ئىشىكتىن كىرگەن پېتى ئانىسىنىڭ ئايىغىدا تىزلاندى:

— ئاپا نېمە بولدۇڭ؟

— بارمۇسەن بالام؟ — ئانا نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئوغلىغا قارىدى، ھۆسەن ئۇسكەك نېمە دېيىشىنى بىلمىدى. ئۇ، ئورۇقلاپ جىنازىغا ئوخشاپ قالغان ئانىغا، ئانىنىڭ ھاياتلىق شامى ئۆچۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرغان كۆزىگە، قاتاڭغۇر يۈزىگە قاراپ يۈرىكى ئېچىشتى.

— ئاپا ئوغلۇڭدىن رازى بول، بالىلىقتا يېتەلمىدىم، ھالىڭدىن خەۋەر ئالالمىدىم.

زىۋىدىخان يېنىدا ئولتۇرغان قوشنا ئايالنىڭ ياردىمى بىلەن كىچىككىنە ئۆرە بولدى.

— سېنىڭ يوقلۇقىڭنى چاندۇرماي گۈلناز ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەنىدى، شۇ بىچارە قىز سۆيىقەستىكە ئۇچرىدى، ئۇھ، خۇدايىم، — ئۇ گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى يالاپ ھالسىز ئاۋازدا ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلىدى، — ئۇنىڭغا كىم سۆيىقەست قىلغاندۇ... شۇنداق ئوبدان قىزغا... خۇدا رازى، - مەن رازى، سۆيىقەستچىنىڭ كىملىكىنى تاپساڭ، ئۇنىڭ پۇت - قولىنى چاقساڭ ھەممە ئەسكىلىكلىرىڭنى ئۇنتۇيمەن. ھەر ئىككى ئالەمدە سەندىن رازى بولىمەن...

ئانا شۇ گەپلەرنى قىلغىچە ناھايىتى قىينالدى، ئېغىر ئەمگەك قىلغاندەك تەرلىدى، ئۇ شۇ كۈنى نامازشامدا ئالەمدىن ئۆتتى.

تاملىرى ماكچايغان، سۇۋاقلىرى توزۇپ تۇرغان بىر يېرىم ئېغىزلىق ئۆيدە ھۆسەن ئۇسكەك يالغۇز قالدى. ئۇنىڭ ھالىغا كۆڭۈل بولىدىغان، ئۇنى يوقلايدىغان ئادەم يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. ئىسسىق تاماق ئورنىغا نان غاجاپ، قۇرۇق تۆت تامنىڭ ئىچىدە يالغۇز ئولتۇرغانسېرى ئۇنىڭغا ئانا قەدرى نۆتۈلۈشكە باشلىدى.

ئۇ ئۆتكەن كۈنلىرىنى، ئانىسىنىڭ گەپلىرىنى ئويلايتتى، ئويلىغانسېرى ۋۇجۇدىنى سوغۇق بىر سېزىم قاپلايتتى. ئۇ ئانىسىغا ئۆمرىدە زادى نېمە قىلىپ بېرەلىدى، ئەكسىچە يات بىر قىز گۈلناز ئۇنىڭ

ئانىسىغا كۆيۈنگەن، كۆكۈل قويۇپ كېسلى-
نى داۋالىغاندىن سىرت تۇرمۇشىدىنمۇ خە-
ۋەر ئالغان، كۆيىنەك تىكىپ كىيگۈزۈپ قوي-
غان، بىراق، ئۇ ... ئۇ ئويلىغانسېرى ئۆز-
دىن نەپرەتلىنىشكە باشلىدى.
ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئويۇپ قالغان تەل-
ۋىلىكنىڭ كىر ـ قاسماقلىرىنى ئانىسىغا بولغان
قايناق ھېسسىيات يۇيىۋەتتى. ئۇ، ئابلىز
قورۇقنىڭ دامىغا چۈشۈپ نېمە ئۈچۈن
گۈلنازغا سۇيىقەست قىلىشقا قاتناشقان بول-
غىيدى، ھە؟ گۈلناز كوچىدا يالغۇز كېتى-
ۋاتقان ھېلىقى كۈنى كەچتە ئابلىز قورۇق-
نىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ
قىزغا كاللا ئۇرغان، قىز ھوشىدىن كەتكەن-
دىن كېيىن ئازگالغا تاشلىۋېتىپ قېچىپ
كەتكەندى، بۇنىڭ بەدىلىگە ئابلىز قو-
رۇق ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش
ئۈچۈن پۇل بەرمەكچى بولغانىدىغۇ، بىراق
ئۇ ۋەدىسىدىن يېنىۋالدى.« قەرزدىن
قورقمايدىغان قانداق نېمە سەن؟ ئىلگىرىكى-
سى شۇ پېتىچە گەدىنىڭدە تۇرۇپتۇ، قىيا-
مەتتە نېمەڭنى بېرىسەن؟» دېدى ئۇ كۆ-
زىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ، ئۇ ئانىسىنىڭ قەب-
رىسى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئەنە
شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. شۇ چاغدا
مۇزدەك قەبرە ئىچىدىن «خۇدا رازى، مەن
رازى، سۇيىقەستچىنىڭ پۇت قولىنى چاق!»
دېگەن سادا ئاڭلانغاندەك بولدى، ھۇسەن
ئۈسكەك ئورنىدىن تۇردى.

*          *

پۈتۈن كائىنات گۈل ـ گىياھتىن چى-
رايلىق تون كىيگەن باھار پەسلىدە گۈل-
نازنىڭ جاراھەتلىرى ساقىيىپ دوختۇرخا-
نىدىن قايتىپ چىقتى. دولقۇنمۇ ئوقۇشىنى
پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەنىدى، ئۇلار يەنە
تېپىشتى، ھازىر ئەھۋالدا تۈپتىن ئۆزگى-
رىش بولغانىدى، ئابلىز قورۇق بىلەن ھۇ-
سەن ساقچىدا تۇتۇپ تۇرۇۋېتىلىپتۇ، دوخ-
تۇرخانا باشلىقى سادىق مەسىلە تاپشۇرۇش
ئۈچۈن خىزمىتىدىن توختىتىپ قويۇلۇپتۇ.
گۈلنازغا يېزا ئاسمىنى ئىلگىرىكىدىن كې-
ڭىيىپ قالغاندەك، يېزا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ
كەتكەندەك بىلىندى. ئۇ ئىلگىرىكى كۆڭۈل-
سىزلىكلەرنى ئۇنتۇدى، ئېسىدىن كۆتۈرۈۋەت-
تى. بۇنىڭ ئەكسىچە كۆڭلى ـ كۆكسى ئېيت-
قۇسىز شادلىققا چۆمدى. ئەمدى ئۇ دولقۇن
بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلارغا ئەمدى ھەسەت
قىلىدىغانلارمۇ يوق، ئاشىقنا باغدات يىراق
ئەمەس، دېگەن گەپ راستكەن. ئۇ بۇ كۈن-
لەرگە قانچىلىك تەقەززا بولغان ئىدى ـ ھە؟!

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن

## گىردىسەن سىمالار

### ئىمزاسىز رەسىم

كۆكنى كىيىپ ياتىدۇ تاغلار،
لەرزان سىلكىپ چۆپلەرنى ھەر ئان.
قولتۇقلىشىپ ئولتۇرار باغلار،
دەريالاردا ئاقىدۇ چۇقان.

شامال چاپار نېمىدۇر ئىزدەپ،
چاۋىكىنى توشۇپ ياپراقنىڭ.
يېتىشىدۇ گىياھلار سۆزلەپ،
تارىخىنى دالا ـ قىشلاقنىڭ.

چىقار كۆكنى ئايلىنىپ ھەر كۈن،
كۈزەتچىدەك شۇقەدىم قۇياش.
يۇلتۇزلاردىن يېپىپ كۆككە تۈن،
ئۇقەت قىلار ھەر كۇكۇم ئوخشاش.

قاتقان كۈيلەر قۇش چاڭگىسىدا،
چۆل كۆكۈلدەك قاقاستۇر جاڭگال.
نۇر پارچىلار بۇلاق بېشىدا،
تۆشىكىدىن قوپقاندا ھىلال.

شەپەققە ئوت كېتەر ھەر تاڭ، شام،
ئاق پاختىدەك بوشلۇقنى ئىسلاپ.
قۇيۇن ئۆتەر پات ـ پات بىئارام،
قۇشلار كېلەر نەدىدۇر قىشلاپ....

كۆز ئالدىمدا پەقەت شۇ رەسىم،
سىنچىلىدىم ساق چارەك ئەسىر.
ئۇقالمىدىم، رەسسام زادى كىم؟
كەلدى شۇنداق يېشىلمەي بۇ سىر.

### ھاشار چۆمۈلىسى

بىر ـ بىرسىنىڭ ئىزىغا دەسسەپ،
يۆرەر ھاشار چۆمۈلىسى يول.
كارۋان كەبى تىزىپ قاتار ـ سەپ،
مەنزىلىسىرى يورغىلار ئۇدۇل.

چۆشۈپ قالماس بىرەرسى توپتىن،
ھەرىكەت قىلار بولسىلا تىرىك.
كىرىپ ساغلام خىيالىغا جىن،
ھىيلىسىگە قىلالماس شېرىك.

ئازدۇرالماس يولىدىن يات جان،
نىشانىنى قىلالماس بىستاپ.
پۈتلىرىنى سىلاپ بىر ئارمان،
ئۆتەر مەنزىل تامان ئالدىراپ....

ئوي كەپتىرىم ئۆرلەپ كۆككە تىك،
چالغۇپ كەتتى يۆرەك تىنىمسىز.
ئىنسان تۇرۇپ چۆمۈلىچىلىك،
قەدىمىدىن ئۆم بولالماپتىمىز....

### ھەر تەندە بىر جان، ھەر جاندا بىر غورۇر

سەن ئىتقا چالما ئات، قاۋايدۇ قاتتىق،
ئەتىرگۈل ئۈزۈپ باق، سانچىلار تىكەن...
ھەر نەرسە سەزگۈگە ئىگىدۇر، تەھقىق،
كېپىي بار زىتىغا كېگۈزسەڭ كېپەن.

ھەر ئەلدە بىر دۆلەت، ھەر دۆلەتتە شاھ،
ھەر تەندە بىر جان، ھەر جاندا بىر غورۇر.

ھەر جان بىر غۇرۇرغا مەھكۇم، باشپاناھ،
غۇرۇردا ئادەملىك، غۇرۇردا ھۇزۇر.

يۈرەكنى يۇلۇپ يە، تۇرمەن جىمجىت،
ۋە مەيلى چېقىشتۇر ئەزرائىلغا سەن.
غورۇرۇم بېتىگە ئۇرساڭ بىر چېكىت
مۇشكۇلدۇر ئۇپقۇندىن چىقىشىڭ ئېسەن!

ھەر تەندە بىر جان، ھەر جاندا بىر غورۇر،
غورۇردا ئادەملىك، غورۇردا ھۇزۇر.

**ساختىلىق**

ھۆجرىسىدا جەننەتىنىڭ
ئاشنا ئويناپ رەزىللىك بىلەن
جىنايەت ئۈچۈن كۆتۈرۈپ قورساق،
يېتىم قىلىپ كەلدىڭ چىنلىقنى!

يەتتە دوزاخ
تىرە تاراقشىتىشىڭنى ئاڭلاپ يىراقتىن،
تىزلىنىشتى ئالدىڭغا چىقىپ.
ھەقىقەت
سەن بار يەرگە پاتمىغان بىلەن،
يېپىنغانچە ئالتۇن يالتىراق
سىڭىپ كەتتىڭ ھەقىقەتكە پىنھاندا
تارام - تارام يوندىلار
سۆزۈك دەرياغا سىڭىپ كەتكەندەك...

ئادالەتكە چۈشكەن مىتە سەن،
پانى ھىماتىڭدا
بەد نىيەتلەر بويىندا ئوردىن.

ساپ دىللاردىن كۆتىسەن پارا،
ساپ دىللىقلار ساڭا خەۋپ، لېكىن.

**يامغۇرلۇق كېچە**

چاچلىرىڭدەك قوندۇز كۆلەڭگە
ئالەم ئارا ئاققان سۇۋارى.
ياقمايدۇ كۆك بۇكەم سەرەڭگە،
تۈتمىغانمۇ بۇگۈن خۇمارى؟

دەريالاردا يۇيۇنغان شامال
ئورمانلىقلا ماڭار تۈنەككە.
قارا كېچە يېغدۇ ماجال
قورساقلىرى تويۇپ تۈتەككە.

ئۈنسىز يىغلار بىر پەرى غايىب،
بارمىغانمۇ سۆيگۈنى يوقلاپ؟
ئۈزۈلگەنمۇ بويىندىكى يىپ؟
ئاق مارجىنى چۈشەر تورۇكلاپ.

كۈمۈش ئۈزۈك يېشىل قوللاردا،
تەبەسسۇمتكە مۆكەر بىر جىلۋە.
دېھقان ماڭغان توپا يوللاردا
پاتقاق ياساپ ئوينايدۇ كېچە...

**يېگانىلىق تەزكىرىسى**

1

ئۇچۇپ كەتتى كۆك قەھرىگە قۇش،
مۇڭ سۇمۇردى سۈكۈتلۈك ئۇۋا.
ئاداققى رەت دېگەنلىرىڭ: خوش
قېتىپ قالدى كۆزۈمدە غۇۋا.

ئايىغىمدا سىم تاناپتەك يول،
غايىب بولدۇڭ قىسقا چۈشىمان.
سەھەرىمنى بوغدى كۈچلۈك قول
بىر ئىلاھى تەلۋە كۈچىسمان.

غۇلىغاندەك تورمۇزسىز قۇياش
مۇز تەلەتلىك تەسكەي جىراغا،
بولۇپ كۆيۈم يۈرەككە ھاپاش
يېقىلغانچە قوندى ئىراغا.

چانقىمىدىن قاڭقىغان نەزەر
كۆلەڭگەگە ئەگەشتى ئۇزاق.
سىڭىپ كەتتى تۇمانغا گۆھەر،
ئۇپۇقلاردا قىزاردى بىراق.

قىسمەتلەرگە تۆلىدى بەدەل،
ئارمىزدا ئۈزۈك - ئۈزۈك ئىز.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

جۇپ مەكزىمدە قاتۇردى ھەيكەل
كۆزلىرىمدە تۇنىگەن دېڭىز.

2

سۈيۈق ئاشنى بۆلگەن قوشۇقۇڭ
يۈزلىرىمگە ئالدى چاپلىشىپ.
كۆزلىرىمدىن تىلەپ دۇنيا مۇڭ
ئۆي سىرتىدا تۇرار قاپلىشىپ.

چىرايىڭنى يادلايدۇ سۈبھى
چۈشلىرىمنى ئېلىپ نوتىغا.
ھەسرىتىمنى مەنسىتمەس شۈبھە
سوئالىمنى يۆگەپ پۈتىغا.

كۈتۈۋاپتۇ سەھەرنى باغلار
كىرپىكىدە لىغىرلىتىپ ياش.
ئەسلىمەمنى ئاختۇرسا تاغلار،
تۈتۈن ئىزدەر بېشىمدىن قۇياش.

قارىچۇقىڭغا مۆككەن ۋىسالىم
يۈرىكىڭنى قۇچاقلار مەھكەم.
ئېرىقىڭغا توشتى خىيالىم
سۆيۈش ئۇچۇن يۈزۈڭنى بىردەم.

كۆزلىرىڭدەك قارا كېچىلەر
لەپىمەڭشىيدۇ چۆرەمدە خىرە.
سەن تەرەپتىن غىلجىڭشىپ كېلەر
توكۇر شامال چېكىپ دېرىزە.

3

نازۇك قولۇڭ تەگكەن بىساتلار
ئۇبرازىڭنى بېرەر سۈرەتلەپ.
كوچىلارنى مالتىلاپ تەكرار،
چەقتى كۆزۈم ئىزىڭنى رەتلەپ.

بۇلاقتىكى شولاڭنى شامال
داللاردا يۈرەر كۆتۈرۈپ.
پورەكلىگەن گۈلدىكى جامال
كەچمىشىڭنى سۆزلەر كۆپتۈرۈپ.

ئالبوم ئىچرە ياندىشقان گەۋدە
مۇڭ يېرىدۇ سوغۇق ۋە قىرتاق،
زىناقلاردا ئۇيۇغان كۆلكە،
ئارىسىغا يوشۇرۇپ سىرتماق.

ئاھلىرىمغا پىچىدۇ كېپەن
خوشلاشقاندا قول سىلكىشلىرىڭ،
ھىدلىرىڭنى ئىزدەيدۇ چىمەن،
خاتىرەڭدە مۆگدەيدۇ سىرىڭ.

تىنىقلىرىڭ لەيلەپ بوشلۇقتا،
يۈرىكىمنى كوچىلار شۈتاپ.
ئەپسۇنىڭدىن يېيىلغان نۇقتا
ھېسلىرىمنى يۈرىدۇ جۇغلاپ.

4

مەست شائىرنىڭ ئىلھاملىرىدەك،
گۈركىرەيدۇ بوران بوغۇلۇپ.
تىزار قەلەم قۇرلارغا بېزەك
دەردلىرىمنى دىلدىن سۇغۇرۇپ.

كۆزنەكلىرىم كەتتى تاراسلاپ،
ياشلىرىڭنى تۆككەندە بولۇت.
يۈرەك - باغرىم ياندى چاراسلاپ،
ئاسمىنىڭدا ئۇچقاندا سالىيوت.

پاتتى ئۇرۇق گۈلنىڭ تۈۋىگە،
ساقلاپ يېڭى باھارغا چىراي.
شادلىقىمنى تىقتىڭ تۇرمىگە،
ئازابلىرىڭ ئۇندى گۈندىپاي.

تىنچىق چۆلدە توغراق يېگانە
يامغۇر كۈتۈپ چىرايى قانسىز.
سېرىق شامال ئۆسۈپ ھەر ئانە،
ياپرىقىمنى ئۈزەر دەرمانسىز.

بۇ كەچ سەۋدا قەدەملىرىمنى
تونجۇقتۇردۇم بۇلاقلىرىمغا.
كۆمۈپ قويدۇم ئەلەملىرىمنى
قارا باسقان قوشاقلىرىمغا.

5

مۇجۇپ دىلنى جاھان مۇڭلىرى،
ئەسلەپ قالدىم سېنى بۇ ئاخشام،
يۈرىكىمدە ئەلەم توڭلىرى،
ئوخشاپ قالدى ماڭا كۈي ـ ناخشام.

دېرىزەمنىڭ تۈۋىدە ئىزنىڭ
ئۆتمۈشۈڭنى تۇرىدۇ يادلاپ.
ۋۇجۇدۇمدا ئاققان مېڭىزنىڭ
يات سىمانى يۈرەر پاياتلاپ.

ئالبومىڭنى باقسام ۋاراقلاپ،
سۈرىتىمنىڭ چىقتى كۆيۈكى.
گۈگۈملىرىڭ چاپسا پالاقلاپ،
ئېغىرلايدۇ كۆڭلۈمنىڭ يۈكى.

ئۇچۇپ كەتتىڭ كۆزۈمدىن پەقەت،
كۆلەڭگەڭنى يەپ بولدى تۈنلەر.
كىتىرلامدۇ قەلبىڭدە بىر دەرد؟
كۆزىنىڭدە دەمدىرىم ئۈنلەر.

غەم تونۇماس خۇيلىرىڭ بىلەن
سەن ئۇيقۇڭغا تاپساڭ بەرىكەت؛
كۆزدىن ئۆچكەن بويلىرىڭ بىلەن،
ھەسرەتلىرىم چىرمىشار ئەبەت!

قىزىمغا بېغىشلىما

غۇبارسىز كۈلكۈلدەك بۈگۈنكى سەھەر،
ئۈپۈقتا بىر قۇياش، ئۆيدە بىر قۇياش.
قولۇمدا تىلى بار، پۈتى بار گۆھەر،
چىرايى كۈنسىمان، قارىچۇقى ئوتقاش.

ياسايدۇ شەبنەمدە ھەيكىلىنى تاڭ،
ھەر كۆزگە بىر سۈرەت سىزار بىر چىراي.
ئاڭلانماس ئىڭىڭەدىن مۇقەددەس پاراڭ،
قوللاردىن قوللارغا نۇر تېمىتار ئاي.

ئاسماننىڭ تاق كۆزى كەتتى ئۈزۈلۈپ،
كۈن تۇغدى ئۆيدىكى قوش، يېڭى قاراق.
ئوت يانار قوش قاپاق ئىچرە سۈزۈلۈپ،
كۆزلەرنى چۇقۇلار يالقۇنى ئوماق.

خورازنىڭ ئۈنلىشى شائىرلارسىمان،
كاللىدار تۈزىتەر بۈگۈنكى بايرام.
ئوينىتار ئۈپۈقتا قەدرىنى ئوكيان،
كېچىنى زاكىلار زاكىدىكى شام.

تارىخنىڭ قولىدا ئوينار زەر قەلەم،
يۈلتۈزۈم كۆپەيدى، دەر تەكلىماكان.
قۇلىقى يېڭى كۈي شورىغان ئالەم،
بىر نوتا ئۆگىنەر قارلىغاچ بۈئان.

كۈن مەسۇم بىر جاندىن تالىشىدۇ سېنى،
ئورمانلار چاۋىكى ۋادىدا گۈر ـ گۈر.
يۈرىكىم يىلتىزلاپ، شاخلىرى تەمكىن،
پاك كۆزدە سۈبھىدەك سۈزۈلدى ئۆمۈر.

ئۆتكەنكى نوتىدا نەۋقىران قامەت،
«قەلەمچە» ئىسمىنى يۆتكىدى «سۆگەت».
بالىدا بالا، نە بالىكى ئامەت،
نەسلىنى تارىخقا ئۇلىدى قىسمەت.

كۆزۈمدىن بىرسۈرەت چاچرار چوڭىيىپ،
قەدەمدە سېھىرلىك ئۆزگەرتىپ سىما.
گاھ سالام ئەيلىسە كىيورى كېلىپ،
رەھمەت، دەر رىزۋانگۈل ۋە ئامانىسا...

بىر ئىسىم چاقنار پاك نامىنى يۇدۇپ،
ھەر ئىزى شېئىر، ھەر ئىزى ئابىدە.
بوينىغا ئاسار ئاي تىلتۇمار پۈتۈپ،
دەريالار دولقۇنى توۋلار قەسىدە...

سېيتمۇالدى كېرىم

## سەھرادا سەھەر

### ئوغۇمدىكى چۈشلەر

چۈش دېگەننى ئۇيقۇدا كۆرگەن،
ئوغۇمدىمۇ كۆرگىنىم قىزىق.
قىسۇالدىم چېكەمگە ئەتىر،
تىنىقلىرىم پۇرايدۇ سېسىق.

كۆزلىرىمنى سىلىسام ئوچۇق،
كۆرەلمەيمەن ئۆزۈمنى بىراق.
كۆز نۇرۇمنى تۇرىدۇ باغلاپ
روھىمدىكى كونا سىرتماق.

ئەل قاتارى مېڭىپ يۈرسەمەن،
چىرايىمنى كۆلكىگە ئوراپ.
بوغۇزىمدا بوزلايدۇ يىغا،
باشقىلارنى كۆلىمەن دوراپ.

سىزىپ بەردى يولۇمنى ئىلاھ
تەلپىكىمدەك يۇمىلاق قىلىپ.
ئۇيقۇلۇقتا كېتىپ بارىمەن
كونا چەمبەر ئىچىدە قاڭقىپ.

ئوغۇممۇ بۇ، چۈشۈممۇ بۇ دەپ،
كۆزلىرىمنى سىلىسام ئوچۇق.
چۈشلىرىمگە تەبىر بەرگۈدەك
تېخى مېنىڭ ئانام ـ دادام يوق...

### دېرىزەڭدىن قارىغىن، يارىم

قولمۇرۇممۇ قالدى ئۆگىنىپ،
دېرىزەڭنى چېكىشكە يارىم.
چاقىرىمەن سېنى ئاشۇنداق،
ئۇندىن بۆلەك نېمە ئامالىم.

ئەينىكىڭنى چەككەنگە نەۋاق،
قۇلىقىڭغا يەتمىدى ئاھىم.
ئالماشتۇرۇپ قويدىمكىن تاڭ،
دېرىزەڭنى بۈگۈن خۇدايىم.

كۆرۈنەمدۇ ـ كۆرۈنمەمدۇ دەپ،
يوچۇقلاردىن ماراپمۇ باقتىم.
ئارىمىزدا تۇرىدۇ پەردە،
كۆرسەتمىدى سېنى جانانىم.

### قۇچىقىڭدا مەن بولسام

قۇچىقىڭدا تۇرىدۇ ئۇكاڭ،
زېرىكتۇردى سېنىمۇ يىغا.
بوۋاق بولۇپ كېتەي دېۋىدىم،
ئالماشتۇرۇپ قويمىدى خۇدا.

بوۋاق قىلىپ قويسىدى مېنى،
بوينۇڭغىلا سالاتتىم گىرە.
كۆلۈپ بەرسەم سەنمۇ دەر ئىدىڭ،
كۆلە جېنىم، يەنە بىر كۆلە.

يۇرمەس ئىدىم ئاۋۇ ئۇكاڭدەك،
چىرايلىقىم، سېنى تاتىلاپ.
تەشنالىقتا قېنىۋالاتتىم
كۆزلىرىڭنىڭ ئىچىگە قاراپ.

قولىقىڭدىن تۇتۇپ چىرايلىق،
لەۋلىرىڭگە سۆيۈۋالاتتىم.
ئاشۇ چاغدا ئەسلىمگە كەلسەم،
ھاياجاندا ئۆلۈپ قالاتتىم...

قانداق تىل بۇ...

مېنىڭ تىلىم قالدى تۇگۇلۇپ،
سېنىڭ تىلىڭ بولدىمۇ شۇنداق.
قانداق تىل بۇ كۆرۈشكەندە جىم،
جىم تۇرمايدۇ ئۇچرىشالمىساق.

سەنمۇ ناخشا ئېيتسەن بەلكىم،
قوشۇۋېلىپ ناخشىغا مېنى،
قولىقىڭغا يەتكەندۇر جېنىم،
مەن تۇۋلىغان «سېغىندىم سېنى».

سېغىنغاندا ناخشا ئېيتىمىز،
دىلىمىزنى ئۆرتىگەن پىراق.
قانداق تىل بۇ كۆرۈشكەندە جىم،
جىم تۇرمايدۇ ئۇچرىشالمىساق.

سەھرادا سەھەر

سەھرانىڭ شامالىرى سۆيسە سېنى،
سەھەردە تاتلىق - تاتلىق تولغىنىسەن.
ئاھ، شۇئان كۆزلىرىڭدىن ئۇيقۇ كېتەر،
خورازنىڭ چىللىشىدىن دەس تۇرىسەن.

ئىشىكلەر قىلىشىدۇ غىچىر - غىچىر،
تاڭ سەھەر مەسچىتلەردىن چىقسا ئەزەن.
قوشقاچلار قىلىشىدۇ ۋىچىر - ۋىچىر،
بوينىقنىڭ قاۋاشلىرى كەلسە بەزەن.

چوپاننىڭ ناخشىلىرى ئەجەپ ياڭراق،
مارالار قىلىشىدۇ - دۈپۈر - دۈپۈر.
ئاھ، گۈزەل لىرىكىدەك گۈزەل تۇپراق،
سەھرانىڭ جامالىنى سەھەردە كۆر.

ئۇياقتا كەڭرى دالا، كەڭرى ئېتىز،
تۇرىدۇ دېھقانلارغا يېيىپ ئېتەك.
بۇياقتا قوي - كالىلار سېمىز - سېمىز،
ئوتلاقلار ھۆسنى گويا يېشىل يىپەك.

يۈرەكنى سەگىتىدۇ - سەكلىتىدۇ
ئېرىقتا تاغ سۈيىنىڭ شوخ ئېقىشى.
يۈرەكنى چاك ئېتىدۇ - چاك ئېتىدۇ
سەھرالىق قىزچاقلارنىڭ بىر بېقىشى.

جىرادا تاغ سۈيىنىڭ شارقىرىشى
ئەمگەكچى دېھقانلارنىڭ ناخشىسىدەك.
ھوسۇللۇق ئېتىزلارنىڭ پارقىرىشى
ئاسماننىڭ يەرگە چۈشكەن پارچىسىدەك.

ۋادىلار ئالتۇن نۇرغا كۆمۈلىدۇ
سەھرالىق كېلىنچەكتەك چىقسا قۇياش.
دېھقانلار كۆمۈش تەرگە كۆمۈلىدۇ،
ناخشىلار ناخشىلارغا كېتەر تۇتاش.

* *

ئاھ شۇئان ناخشىلارغا بولىسەن جۆر،
سەھرانىڭ جامالىنى سەھەردە كۆر.

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

## ئىلھام بەخش تۈيغۇلار

### دىلتار

شېرىن ھېسقا چۆمۈلەر كۆڭۈل
كۈيلىرىڭنىڭ ئوتلۇق تەپتىدە.
گۈل ۋەسلىنى قۇچقاندەك بۇلبۇل،
مەستخۇشلىنار كۈيۈك ئەۋجىدە.

تارلىرىڭنىڭ سىلىق تىترىشى
ئەسكە سالار خۇشال پەيتلەرنى.
شوخ كۈيۈڭنىڭ لەرزان ياڭرىشى
ئۇنتۇلدۇرار ئاچچىق دەرتلەرنى.

كۈيلىرىڭدە بار ئىللىق سېزىم،
خەستە دىلنى گۈلدەك ياشنىتار.
كۈيلىرىڭدە بار جۇشقۇن ئېقىم،
بىخۇتلارنى چۈشتىن ئويغىتار.

كۈيلىرىڭنىڭ سېھرى قۇدرىتى
روھلاندۇرار بىمار جىسمىنى.
كۈيلىرىڭدە بار چىن مۇھەببەت،
چاتقان ئاشىق ـ مەشۇق ئىشقىنى.

كۈيلىرىڭدە بار تاغدەك يۆلەك،
تۇرار ئەلگە زور كۈچ بېغىشلاپ.
كۈيلىرىڭدە بار ئوتلۇق تىلەك،
ئەلنى ماڭغان ئىقبالغا چىللاپ.

كۈي بۇلىقى ئەي نەپىس دىلتار،
ياڭرار بۈيۈك ئارزۇدا ئەبەت.
سەندە كۆڭۈل تەشناسى قانار،
تارات كۈيدىن ياخشى پەزىلەت.

### تەك ئاستىدا

تەك ئاستىدا، يېشىللىق ئىچرە
بىر مويسىپىت ياتىدۇ ئۇخلاپ.
ئۈچتەك ئاپپاق ساقاللىرىنى
ئىسسىق شامال ئۆتىدۇ سىلاپ.

مەڭزىدىن قان تۇرار تەپچىرەپ،
مەي باغلىغان قىزىل ئۈزۈمدەك.
ئاق ـ سەدەپتىن سىلىنغان چىشلار
تۇرار چاقناپ ياقۇت ئۈزۈكتەك.

گۈل چېكىلگەن شايى بەلبېغى
تۇرار ياستۇق بولۇپ بېشىدا.
ئۈستىدىكى سايىۋەن تەكلەر،
شاھىت ئۇنىڭ يەتمىش يېشىغا.

بوۋاي ياشلىق ـ گۈزەل پەسلىنى
سەرىپ قىلغاچ مۇشۇ تەكلەرگە.
تەكلەر بېرىپ مول ھوسۇل، مانا،
ئۇ يېتىپتۇ كۈتكەن بەختىگە.

### ياشاش كۈيى

كەڭرى قۇچاق ئاچتى ماڭا بۇ ئالەم،
ۋىسال ئۈچۈن يار قوينىنى ئاچقاندەك.
ھاياجاندا يىراقلارغا كۆز تىكىپ،
يېنىپ دىلدا ئۈمىدلىرىم گۈلخاندەك.

مەن ياشايمەن ئۈمىد بىلەن بىر ئۆمۈر،
بىر ئۇلۇغۋار غايە تامان تەلمۈرۈپ.
تىز پۈكمەستىن مۇشەققەتكە ھەرگىزمۇ،
غەيرىتىمدىن گۈمبىرلىتىپ ئوق ئۈزۈپ.

چىلىشلارنىڭ قاينىمىدا ئۈزىمەن،
ئۈمىدىمنىڭ رىغبىتىدە روھلىنىپ.
يانماي ئەبەت ياشلىقتىكى لەۋزىمدىن،
گۈل ئاچىمەن مېھنىتىمدىن بال يىغىپ.

توختىمۇھەممەت تۇردى

## ئولتۇرىمىز جانان بىلەن خۇش چىراي

ئولتۇرىمىز جانان بىلەن خۇش چىراي،
بۈك ھويلىدا ئوتلاپ ۋىسال شارابى.
ئەتتەك! سۆيگۈ جۈپ كۆڭۈلدە تۇغدى ئاي،
چېچىلدى نۇر، يۇتتى ھىجران ئازابى.

ئولتۇرىمىز جانان بىلەن خۇش چىراي،
ياشلىقىمىز باھار قۇچۇپ، نۇر قۇچۇپ.
دەيدۇ گۈلۈم: قارا، جېنىم، ئاشۇ ئاي،
سالغانىدى دىللارغا داغ گەپ توشۇپ...

ئولتۇرىمىز جانان بىلەن خۇش چىراي،
شېرىن ھېسلار تومۇرلارغا تارايدۇ.
بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ كۆكتە ئاي،
قويۇق ياپراق ئارىسىدىن مارايدۇ.

ئولتۇرىمىز جانان بىلەن خۇش چىراي،
سۆيگۈ يارقىن نۇر تۆكىدۇ كېچىگە.
ھەسەت ئۆرتەپ ئاي قەلبىنى، دېدى: ۋاي!...
ھەمدە ئاستا مۆكتى بۇلۇت ئىچىگە.

ئابلىكىم ھاپىز

# ئۆگىمەس ئىشلار

(ھېكايە)



دەم ئېلىشقا چىققىنىمغا توپتوغرا بىر يىل بولدى. بىراق مېنىڭ كۆڭۈللىرىم ئاجايىپ جىددىيچىلىكتە ئۆتۈۋاتىدۇ. ئائىلىدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتەك ئۇنچە ئاسان ئەمەسكەن، بۇنىڭ قىيىنلىقىنى ئەمدى بىلىۋاتىمەن. ئالدىراشچىلىقتا ساقال - بۇرۇتلىرىمنى ئېلىشقىمۇ ۋاقىت چىقمايدۇ. «خۇدايىم قارىغۇنى كۆزىدىن ئايرىغان بىلەن، ھاسىدىن ئايرىماپتۇ» دېگەندەك، ھېلىمۇ ياخشى چەتئەلدىن كەلگەن تۇغقىنىمىز ئىككى يىل ئىلگىرى ماڭا ئاپتوماتىك ساقال ئالغۇچتىن بىرنى ھەدىيە قىلىپ كەتكەنىدى، ئۇ بولمىغان بولسا، ئىشىم ھەقىقەتەن تەس بولار ئىكەندە ...

بۈگۈن ساقال ئالغۇچنى ئەمدىلا قولۇمغا ئېلىۋىدىم، ئايالىم كايىپ كەتتى:

— ئوھوش، ھەجەپ زېرىكتىم سىزنىڭ مۇشۇ بىرنېمىڭىزدىن. ھەر كۈنى غوڭۇلدىتىۋېرىپ كاللامنى قوچۇۋەتتىڭىزغۇ، كۈندە ئېڭەكلىرىڭىزنى پارقىرىتىپ، يىگىتلىكىڭىز تۇتۇپ كېتىۋاتامدۇ نېمە، «قېرىغاندا قېرى تاتۇق، قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق» دەپ نېمىدېگەن ئۆزىنى سورىمىغان ئىش بۇ. قاراڭ، ئۆيدە ئۇن تۈگەپتۇ، ئۇن ئەكىلىڭ، چۈشلۈك تاماققا گۆش، سەي ئەكىلىپ قويۇڭ، مانا پۇل، مانا كىنىشكا، ئەمىسە مەن كەتتىم.

ئۇ شۇنداق دەپلا ئۆيدىن بوراندەك چىقىپ كەتتى.

— دادا، ماۋۇ توپلىيىمنى ئۆڭشىتىپ قويۇڭا، پاشنىسى بوشاپ كېتىپتۇ، — ئوتتۇرانچى قىزىم دىلەرەم سۇلياۋ خالتىغا سېلىنغان بىر ئاياغنى ماڭا كۆرسىتىپ قويدى.

— ماقۇل قىزىم، ماقۇل، ئاشۇ يەرگە قويۇپ قويۇڭ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ قولىدىكى توپلەيگە قاراپ.

— دادا، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن مەكتىپىمىزدە ئاتا - ئانىلار يىغىنى ئېچىلاتتى، سەن ئۆيدە بىكار بولغاندىكىن ئۆزۈڭ بارغىنا جۇمۇ دادا، — كەنجى قىزىم گۆلپىيەم

هه دەپ پېشىمنى تارتقىلى تۇردى.
— ماقۇل بالام، ماقۇل مەن باراي،
چۈشتىن كېيىن دېدىڭمۇ؟
— ھەئە، چۈشتىن كېيىن، بىزنىڭ
سىنىپنى بىلمەسەنغۇ؟
—ھەئە، بىلىمەن بالام.
ئۇ مەندىن ئېنىق جاۋاب ئالغاندىن
كېيىن سومكىسىنى بويىنىغا ئېسىپ خۇشال
ھالدا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
ئۆي ئىچى ئەتىگەنلىك جىددىيچىلىك-
تىن كېيىن جىم-جىت بولۇپ قالدى. مەن
ساقال - بۇرۇتلىرىمنى ئېلىپ، يۈز - قولل-
رىمنى يۇيۇپ بىر چىنە چاينى ئىچىتىمەدە،
ئۆي - ئىچىنى سەرەمجانلاشتۇرۇشقا تۇتۇندۇم.
ئۇ يەر - بۇ يەرگە سېلىنغان كىيىم -
كېچەكلەر، نېرى - بېرى تاشلانغان ئاياغلار،
ھېلىلا ئىچىلگەن چاينىڭ يۇيۇقسىز قاچى-
لىرى، ئۇشتۇلغان نانلار — مېنىڭ ئەپچىل
قوللىرىم ئالدىدا تېزلىك بىلەن ئۆز جايلى-
رىنى تېپىشتى. ئاندىن پول سۈرتكۈچنى
ئېلىپ، ئۈچ ئېغىز ئۆينىڭ تاختايلىرىنى
پاك - پاكىزە سۈرتۈپ چىقتىم.
ئاھ خۇدا، قېرىغاندا ماڭا بەرگەن
ھەممەتلىرىڭگە رەھمەت، ھەر ھالدا دەم
ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن گۈلدەك ھۆنەر-
دىن بىرنى — يۇندىپۇرۇشلۇقنى ماڭا ئاتا
قىپسەن، بۇنىڭغىمۇ شۈكرى، ئۆزۈمنىڭ ئايى-
غىنى مايلاپ باقمىغان، قول ياغلىقىمنى يۇ-
يۇپ كۆرمىگەن ئادەم ئەمەسمىدىم، ئەمدى
بۇنىڭدىنمۇ چوڭلىرىنى قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئاڭلاۋاتقان تىل - ھاقارىتىم ئۆزۈمگە
يېتىپ ئاشىدۇ. خەير، بۇنىڭغا نېمە ئامالىم
بار، بۇمۇ ئۆتۈپ كېتەر ... بىردىن كۆزۈم
تامنىڭ بۇلۇڭىدا ئېسىقلىق تۇرغان ئايالىم
بىلەن ئىككىمىزنىڭ رەسىمىگە چۈشتى. خى-
يالىم قاناتلاندى ...
ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماش-
تۇرۇپ، شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىگە
جۈيجاڭ بولدۇم. ئۇ چاغلاردا يول مېڭىپ
پۇتۇم، گەپ قىلىپ ئاغزىم، ئەمگەك قىلىپ
بىلىكىم تالمايتتى. ئايالىم مېنى ھۆرمەت
قىلاتتى، ئىشتىن كېلىشىمگىلا ئالدىمغا كېلىپ:
— تازىمۇ كەچ قالدىڭىز، ھېرىپ
كەتكەنسىز، قېنى سومكىنى ماڭا بېرىپ،
يۈز - قوللىرىڭىزنى يۇيۇۋېلىڭ. سىزنى تەر-
لىنىپ ئولتۇرۇپ، ئاچچىق - چۈچۈك ئىچى-
ۋالسۇن دەپ، سىز ياخشى كۆرىدىغان تاما-
قىڭىزنى ئېتىپ قويدۇم، — دەيتتى ئۇ ئەترا-
پىمدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ.
— مېھرىبان، سەن ئادەمنىڭ كۆڭلى-
دىكىنى تاپىدىغان ئەۋلىيامۇ نېمە، بۈگۈن
ئۈگرە ئىچكىم كېلىپ تۇراتتى،
قارىغىنا، ما ئىشنىڭ توغرا كېلىشىنى،
قوللىرىڭغا دەرد بەرمىسۇن سېنىڭ، —
دەپ ماختاپ قوياتتىم.
بالىلىرىممۇ ماڭا خۇددى مېھماندەك
مۇئامىلە قىلىشاتتى، ئوشۇق گەپ - سۆز قىل-
مايتتى، ناھايىتى پەردىشەپ بىلەن ئۆتتىشەت-
تۇق. ئۇ چاغدا ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدىغان
بىر قىزىمىزمۇ بار ئىدى. بۇ قىز پاكىز،
چىچەن، قولىقى يۇمشاق، ئايىغىنىڭ يېنىك-
لىكى بىلەن ئائىلىمىزگە ياراپ قالغانىدى.
ئۇ خۇددى ماشىنا ئادەمدەك ئۆينىڭ چوڭ-
كىچىك ئىشلىرىنى ئۆز رېتى بويىچە جايىدا
قىلاتتى. مەن دەم ئېلىشقا چىقىشتىن سەللا
ئىلگىرى ئۇ قىزنى ئاتا - ئانىسى قايتۇرۇپ
كېتىپ ياتلىق قىلىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن
بۇ ئۆينىڭ ھەممە ئىشلىرى مەن بىكارچى-
نىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى.
تام سائىتىنىڭ زىل ئاۋازى خىيالىمنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۆلۈۋەتتى. توۋا، ئۇ قورۇق خىياللارنى قىلىپ نېمە ئاغزىمنى تاتلىق قىلىپ يۈرىمەن ھە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكەن ئىشلار، بولدى ئەمدى، ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى قىلاي.

مەن ئايالىمنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئاشلىق دۇكىنىغا يۈرۈپ كەتتىم.

* *

ئاشلىق دۇكىنىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا نۇرغۇن كىشىلەر ئۆچىرەتتە تۇرۇشاتتى.

ئۆچىرەتتىكى تونۇش كىشىلەر مېنى كۆرۈش بىلەن تەڭ چاقچاق قىلىشتى:

— ھە، ساجۇيجاڭ، بۈگۈن قورساقلىرى ئېچىپتۇدە....

— ھەئە، شۇنداق، مېنى قورسىقى ئاچمايدۇ دېگەنىمىدىڭلار، ھا ... ھا ... ھا ...

— ساجۇيجاڭ، بۈگۈن باشلىرىدىن ياغاچ ئۆشتۈۋەتسەك بوپتىكەن؟

— نېمىشقا؟ نېمە يېڭىلىق ئىش قىلدىم مەن؟

— بۈگۈن ئۆزلىرى ئۇن ئېلىشقا كەپلا ئەمەسمۇ ...

— ھە، مۇشۇ ئىشىما، ئۆيدە بىكار بولغاندىن كېيىن ئۆزۈم كەلمەمدىم، مەن تېخى بۇنچىلىك ئىشلارنى قىلالمىغۇدەك قېرىپ كەتمىگەندىمەن؟ — ھەممىمىز كۈلۈشتۇق. مەن ئۆچىرەتنىڭ ئاخىرىسىغا بېرىپ تۇردۇم. تالۇن كېسىش ئۆشۈكىنىڭ ئالدىدا، بۇرۇنقى مەھەللىمىزدە ئولتۇرىدىغان ھېنىپىخان ئانىنىڭ تونۇش ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى، ئۇنىڭ ئەتراپىنى بىر نەچچە كىشى ئورىۋالغانىدى. مەن دەرھال ئۆچىرەتتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئۇنىڭ يېنىغا باردىم.

— نېمە بولدىلا ھېنىپىخان ئانا، چىرايلىرى باشقىچە بولۇپ كېتىپتىغۇ؟

مەن ئۇنىڭ مۇزلاپ كەتكەن ئورۇق قوللىرىنى تۇتتۇم.

— ھوي، ساۋۇتۇممۇ سەن بالام، قارىمامسەن ماۋۇكېلىشمەسلىكنى، مېنى ئەتىگەندىلا قارا باستى. باياتىن يېنىمدىكى ئۇن بەش كوي پۇلنى يوقىتىپ قويدۇم. يا بىرىنىڭ ئېلىۋالغىنىنى، يا چۈشۈرۈپ قويغىنىمنى بىلمەيمەن، تېخى باياملا يېنىمدا بارىدى، شەيتان ئېلىپ قاچقاندەك يوقاپ كەتتى.

ھېنىپىخان ئانا قارىداپ، تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ كەتكەن ئورۇق قوللىرى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ يىغلىغىلى تۇردى.

— بولدى، ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا. بولىدىغان ئىش بوپتۇ، يىغلىغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، مەن ئۇنىلىرىنى ئېلىپ بېرەي، سىلى سەل ئازادىراق يەردە تۇرۇپ تۇرسىلا، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ، ئاندىن ئۇنىڭ قولىدىكى پۇل تۆلىمىگەن تالوننى ئالدىمدە، دۇكان ئىچىگە كىردىم. مەن ئۇنىڭ ئۇن - مايلىرىنى ئېلىپ چىققىنىمدا ھېنىپىخان ئانا يولنىڭ چېتىدىكى كۆتەككە يۆلىنىپ ئولتۇرغانىكەن. مېنى كۆرۈپ بەكلا خۇشال بولۇپ كەتتى.

شۇ ئەسنادا يولدىن بىر ۋېلسىپىتلىك يىگىت ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ كېلىۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم سا جۇيجاڭ، ئەتىگەندە بۇ يەرگە كەپقاپلا، ئۇن ئالغان ئوخشىمامدىلا؟ — ئۇ ئالدىمغا كېلىپ قىزغىن سالاملاشتى.

— ھوي بالام، سېنى تازا تونيالمىدىم جۇمۇ، ئەمما چىرايىڭ تونۇش ...

— مەن باقى تۆمۈرچىنىڭ ئوغلى ئىلجان بولىمەن، دادام بىلەن تۆمۈرچىخانىدا كۆندە پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغۇ، ئەلىرىدىن چىقىپ قالدىما؟

— ھە، توغرا، ئىلجان، مېنى كەچۈر

AltunOq

بالام، ئادەم قېرىغاندا كۆزدىن كېتىدىغان
ئوخشايدۇ. داداڭ ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ، ھە،
ھازىر سەن بەك ئالدىراشمۇ قانداق، ئەگەر
مالال كۆرمىسەڭ ھېنىپىخان ئانىنىڭ ئۇنىنى
ئۆيىگە ئاپىرىپ بەرگەن بولساڭ بوپتىكەن.

— بولىدۇ، ئاپىرىپ بېرەي.

ئېلىجان دەرھال ئۇن ۋە مايلارنى
ۋېلسىپىتكە جايلاشتۇردى.

— رەھمەت بالام ساۋۇتۇم، دائىم نې-
مە ئىش بولسا سېنى ئاۋارە قىلىمەن، كۆپ
ئېغىرىمىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىسەن بالام،
مەندىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانا، بىر
جېنىڭغا مىڭ جان بېرەر خۇدايىم.
بۈگۈنمۇ ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بو-
لۇپ قالغىنىڭنى قارىمامدىغان، سەن كەلمى-
گەن بولساڭ قانداق قىلاتتىمكىن تاڭ،
بالام.

— بولدى ھېنىپىخان ئانا، بۇ قانچى-
لىك ئىشتى دەيلا، ئېغىزغا ئالغۇدەك نېمى-
سى بار، قانداق ئىشلىرى بولسا بۇرۇنقىدەك
مېنى تاپسىلا. مەن ھازىر ئۆيدە، دەم ئې-
لىشقا چىقىۋالدىم، نېمە ئىشلىرى بولسا قى-
لىشىپ بېرىمەن، — دېدىم ئۇنىڭ سۆزى-
نى بۆلۈپ.

ھېنىپىخان ئانا ۋېلسىپىتنىڭ ئارقىسىدىن
ئاستا مېڭىپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ قارىسى
يۈتكۈچە ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ قالدىم.

مەن ئاستا كېلىپ ئۆچىرەتنىڭ ئاخى-
رىغا قوشۇلدۇم، ھەش ـ پەش دېگۈچە نۆ-
ۋەتمۇ ماڭا كېلىپ قالدى، مەن ئۇنىنى ئې-
لىپ تالاغا چىقتىم.

ئىختىيارسىز ئۇياق ـ بۇياققا بوينۇمنى
سوزۇپ قاراپ تۇرۇپ قاپتىمەن، كىمگە
قارايدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.
ساۋۇتۇم، كىمگە قارايسەن، شوپۇرۇڭغىمۇ،
كاتىپىڭغىمۇ، كىمگە؟ ئۇ دېگەن بۇرۇنقى
چاغلار، ئۇ سېنىڭ جۇيجاڭ چاغلىرىڭ. خوش،
ئەمدىچۇ، سەن ھازىر ئۆيدە، ھەممىدىن ئايرى-
لىپ ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتىسەن. ئەمدى ئەڭ
ياخشىسى خالتىنى ئۆزۈڭلا كۆتۈرۈپ ماڭغى-
نىڭ تۈزۈك.

ئۆز ـ ئۆزۈمدىن ئۇيالغاندەك بولدۇم،
راست، كىمگە قاراپ تۇرۇپ كەتتىم، ساپ ـ
ساقلا تۇرسام، «ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە كۆ-
چۈڭنى خار قىل» دەپتىكەن. قېنى، سەن-
مۇ بىر ئەرغۇ، ئەللىك جىڭ ئۇن دېگەن
نېمىدى ئۇ.

ئۇنىنى پىرقىرىتىپ ئۆشنەمگە ئالدىمدە،
يولنىڭ چېتى بىلەن ئۆيگە قاراپ ماڭدىم.
كېتىۋاتىمەن، ئەللىك جىڭ ئۇن بارا ـ بارا
يۈز جىڭدەك ئېغىرلىشىپ كەتتى. شورپا
ئىچكەن ئادەمدەك، ھەممە ئەزايىمدىن پۇر-
قىراپ تەر چىقىپ كەتتى. بىر چامدايدى-
غان جايىنى ئىككى چامداپ كېتىۋاتىمەن،
ئاتمىشتىن ئاشقان ئادەم ئۈچۈن بۇمۇ بىر
زۇلۇم ئىكەن. ئەتراپىمغا قاراپ ـ قاراپ قو-
يىمەن، ھېچ بولالمىدىم. خالتىنى يولنىڭ
چېتىدىكى سېمونت كۆتەك ئۈستىگە قويۇپ
بىردەم دېمىمنى ئېلىۋالاي دەپ ئولتۇردۇم.
ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى، بىر ھازا-
غىچە تىنىقىمنى ئىچىمگە چۈشۈرەلمەي
قالدىم. يۈرىكىم قاتتىق سېلىپ، كۆزۈم
قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. يولدىن ئۆتكەن ـ كەچ-
كەنلەرنىڭ بىرىنىمۇ ئېنىق كۆرەلمىدىم ...

بىر ھازادىن كېيىن سەل ئېسىمگە
كەلدىم. ئولتۇرغانسېرى ئېزىلىپ، كۆز ئال-
دىمغا ئايالىم بىلەن قىلغان بىر قېتىمقى
قىسقا سۆھبەت تىزىلىپ كەلدى.

... كاماندۇرۇپكىدىن قايتىپ كەلگەن
كۈنۈم، ئائىلىمىزدىكىلەر جەم بولۇشۇپ تا-

www.uyghurkitap.com

ماقا ئۇلتۇردۇق. گەپ ئارىسىدا:
— ئۆيىڭىز ھەممە ئېغىرچىلىقىنى سا-
ڭا تاشلاپ قويۇپ، خىزمەت دەپلا يۈرىدى-
غان بولدۇم، مېھرىبان — دېدىم مەن ئايالىمغا
ھۇزۇر ئېيتىپ.
— نېمىلەرنى دەپ يۈرۈسىز، بۇ ئۆيى-
دە قىلىپ تۈگىتەلمىگۈدەك نېمە ئىش بار
دەيسىز، سىز قىلىشىپ بەرمىگەن بىلەن سىز
بار چاغدىمۇ، يوق چاغدىمۇ ئوخشاشلا ئى-
دارىڭىزدىكى يولداشلار كېلىپ ياردەملىشىپ
تۇرۇۋاتىدىغۇ، ھازىرغا قەدەر يا سىز، يامەن
ئۆيىڭىز ئۈن، كۆمۈر ئەكىلىش ۋەباشقا ئېغىر
ئىشلىرىنى قىلىپ باقمىدۇق، كۆپ ئىشلارنى غوپۇر-
جان ماشىنا بىلەن يېنىكلەشتۈرۈپ بېرىۋا-
تىدۇ. بۇ شوپۇرىڭىز تولىمۇ ياخشى بالا جۇ-
مۇ. ھە، تېخى ئىككى كۈن ئاۋۋال غوپۇر-
جان شوپۇر، غالىب بوغالتىر، ئىساق كاتىپ،
ئىمىن ئىسكىلاتچىلار بىر ماشىنا كۆمۈرنى
ئەكىلىپ، ئامبارغا كىرگۈزۈۋېتىپ كېتىپتۇ،
ئەتىسى تېلېفون بېرىپ ئۇلارغا رەھمەت
ئېيتىپ قويدۇم. مۇنداق قىلىۋەرسە ئادەم
خىجالەت بولىدىكەن، — دېدى ئايالىم ماڭا.
ئەسلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئورنۇمدىن تۇ-
رۇپ كەتتىم. ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى
سۆزلىرى بىلەن ھازىرقى بىر - بىرىگە ئوخ-
شىمايدىغان ئارتىستەك خۇشۇسىيەتلىرى
كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى. ئۇلار ئەسلىدە
مېنى ئەمەس ھوقۇقىمنى ھۆرمەت قىلىشقان
ئىكەندە، ھەي خۇشامەتچى ئەبلەخلەر، دەم
ئېلىشقا چىقىشىم بىلەن تەڭ تۆۋى يوق
قامقاقتەك ئۇچۇپلا كېتىشتى.

يول بويىدا قانچىلىك تۇرغىنىمنى
بىلمەيمەن. غەزەپتىن قوللىرىم تىترەپ،
بەدەنلىرىم تىكەنلىشىشكە باشلىدى. تەرلىرى-
مۇ ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەنىدى.

ئاستا ئۇنى ئۆشنەمگە ئالدىمدە مېنىڭ
بىر جاپالار بىلەن ئۆيگە يېتىپ كەلدىم.

* *

— ئاپا، دادام كەلدى، — دېدى كى-
چىك قىزىم گۈلپەيەم مېنى كۆرۈپ. ئايا-
لىم قاپاقلىرى ساڭگىلىغان ھالدا ئاشخانا
ئۆيىدىن چىقىپ ماڭا ئالايدى. مەن ئۇنىڭ
كۆزىنىڭ ئىچىگە لاپ قىلىپ بىر قارىدىمدە
ئۆشنەمدىكى ئۇنى ئاشخانا ئۆيگە ئەكىرىپ
قويۇپ، مۇكچەيگەن بېلىمنى خېلىغىچە
ئوكشىيالماي ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپ
قالدىم.
— مەن ئەتىگەنلا ئويلىغانتىم، بۇ ئا-
دەم قېرىغانچە بىر قىسما قىلىق چىقارغى-
لى تۇردى. ساقال بۇرۇتلىرىنى ياساپ، ئەتى-
گەن چىقىپ كەتكەن ئادەم 50 جىڭ
ئۇننى چۈشكىچە ئاران ئەكەلگەن بارمۇ،
خۇددى ھەرەمدىن ئەكىلىدىغاندەك. نېمە
ئىش قىلىپ يۈرۈدىكىن تاڭ، كىشى بىلىپ
بولمايدۇ، — دېدى ئۇ زەردە بىلەن.
— بولدى قىلغىنا، باللار چوپ - چوڭ
بولۇپ قالغاندىمۇ شۇنداق تېتىقسىز گەپلەر-
نى قىلىپ يۈرۈدىكەنسەن، ئېيتمىدىغان گەپ
بۇ، — دېدىم مەن ئاچچىقىمنى زورمۇ - زور
بېسىۋېلىپ.
— ھە، مېنىڭ گېپىم تېتىقسىزمىش
تېخى، ۋاي - ۋۇي، بۇگۈن تېتىملىقى ئۇچ-
راپ قالغان ئوخشىمامدۇ ساڭا، ئەتىگەن بىر
مۇنچە نەرسىلەرنى دەپ كەتسەم ئەكەلگە-
نىڭ ئاران ئەللىك جىڭ ئۈن بولدىما؟ ما-
ۋۇ ئۆي سېنىڭ ئېسىڭدە بارمۇ - يوق! ۋاي
چىرايلىق، سېنىڭ جۇيجاڭ ۋاقتىڭ ئاللىقا-
چان ئۆتۈپ كەتتى. قولتۇقىڭدىكى تاۋۇز

يەرگە چۈشتى. ئەمدى ساڭا كىم قارايتتى، ۋاي، قۇۋۇرغام، گەپلىرىنىڭ يوغانلىقىنى قاراڭ مانىمىنىڭ تېخى.

ئايالىمنىڭ سەنلەپ چۈشۈشى ئېھتىمال تۇنجى قېتىم بولسا كېرەك. «يېڭىسىچە ناخشا چىقتى، ئېيتالماي جېنىم چىقتى» دەپ يەنە نېمىلەر چىقىدۇ تېخى، ئايال كىشى بىلەن تەڭ بولۇش مەرتلىك ئەمەس. مەن يەنىلا ئاچچىقىمغا ھاي بېرىپ، ئاستا ساراي ئۆيگە كىردىمدە ئۆزۈمنى كىرىسلۇغا تاشلىدىم.

تۇۋا خۇدايىم. نېمە دېسە، سېنىڭ گېپىڭ راست دەپ، كۆزىگە قاراپ، خېنىم، جېنىم دېگەنگە ئاغزى بۇرنۇمغىچە تويغۇزۇۋاتىدىيا ماۋۇ خوتۇن. «ياندىكى ھېسپىنىڭ قەدرى يوق» دەپ، قايسى كۈنى دەم ئېلىشقا چىقتىم، شۇ كۈنىدىن باشلاپ مېنى تىللاپلا يۈرىدىغۇ، جىن چاپلاشتىمۇ نېمە بۇنىڭغا، ئادەم دېگەن ئۆزگەرسە، ئاجايىپ ئۆزگىرىدىكەندە، ئىلگىرى بىز قانچىلىك ئىناق ئەر - خوتۇنلار ئىدۇق - ھە؟

خىيالىم بىردىن پەرۋاز قىلدى...

مەن ھەربىي سەپتىكى چېغىمدا ئۇنى يېزىدىن ئەكەلگەنىدىم. ئىككىمىزنىڭ ئىناقلىقىغا قىل سىغمايتتى. مەن ئۇنىڭ ياش ئىكەنلىكىنى، بىلىم ئېلىشى كېرەكلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، تەشكىلىي يوللار ئارقىلىق ئۇنى شۇ شەھەردىكى سىغەن مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگۈزدۈم. بىر يېزا قىزى ھەش - پەش دېگۈچە شەرەپلىك ھالدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدى. بىلىم دېگەن ئادەمنىڭ زېھنى قۇۋۋىتىنى ئاچىدىكەن. ئۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئەقىللىق بولۇپ كەتتى. مەن ئۇنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرگەنلىكىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېشىم ئۇنىڭدىن خېلىلا چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ گەپلىرىنى رەت قىلغۇم كەلمەيتتى. بارغانسېرى ئۇنىڭ گېپى بويىچە ئىش كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم. بىز ئۈچ باللىق بولغاندىن كېيىن ھەربىي سەپتىن يەرلىككە، يەنى شەھەردىكى خەلق ئىشلار ئىدارىسىگە باشلىق بولۇپ كەلدىم، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ ھال پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بارا - بارا ئۇ مېنىڭ خىزمەت دائىرەمدىكى ئىشلارغىچە ئارىلىشىدىغان بىر ئىشنى چىقىرىۋالدى. مەن بۇنىڭغا يول قويمىدۇم. خىزمەتتە پرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرەتتىم. بىراق، مېنىڭ بۇنداق خىزمەت ئۇسلۇبۇم ئۇنىڭغا يارىمايتتى. ئۇ ھە دېسىلا ماڭا: «يائاللا، ھۆكۈمەت سىزگىلا ئۆگىتىپتىكەن بۇ پرىنسىپ دېگەن بىر نېمىنى، باشقا كادىرلار نى - نى ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، سىزچۇ، يا ئۆزىڭىزنى خۇش قىلالمىغان، يا خەقنى. نېمىدېگەن يۈرەكسىز ئادەم بۇ، ھوقۇق دېگەن سىزگە باقىۋەندە ئەمەس. ‹چىشىڭنىڭ بارىدا ياغ چاينا، كۆزۈڭنىڭ بارىدا شەھەر كۆر› دەپتىكەن، شۇڭغىچە قىلىدىغاننى قىلىۋېلىش كېرەك». دەپ دائىم دوق قىلىپ قوياتتى. لېكىن مەن دېگەن بىر مەسئۇل كادىر، ئايال كىشىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئىش قىلالمايمەن. مەندەك بىر ئۇزۇن يىللىق پارتىيە ئەزاسى ئۈچۈن «ساقالدىكى ئاش بىلەن قورساق تويغۇزۇش» تولىمۇ پەسكەشلىك، نومۇسسىزلىق بولمامدۇ؟

— دادا ئايىغىمنى ئوڭشىتىپ قويدىڭىزمۇ؟

دىلەرەمنىڭ سوئالى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى.

— ياق، قىزىم مەن ھازىرلا بېرىپ ئوڭلىتىپ كېلەي.

— ۋايىيەي، ئەمدى ئۆلگۈرمەيدۇ. چۈشـكىچە نېمە قىلدىڭىز، مەن ئۇنى ھازىر كېيىپ بىر يەرگە بارماقچىدىم، ۋاي ۋۇي سىزمۇ شۇ ...

دىلەرەم ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، قاپىـقىنى تۈردى.

— قويە داداڭنىڭ ئىشلىرىنى، قىلىدىـغان ئىشى يوقتەك، كەچكىچە كوچىدىن كىرـمىگەن. ئادەم دېگەن قېرىغاندا بۇزۇلسا، تۈزەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. بۇ ئۆيىنىڭ ئىشـلىرى ئىلگىرىمۇ ماڭا قاراشلىق ئىدى، ھاـزىرمۇ شۇنداق. ھەممە ئىشقا ئۆزۈملا مېـڭىۋەرسەم ئۇۋال ئەمەسمۇ ماڭا، ۋايىيەي، بولدى ئەمدى. مېنىڭمۇ تويىماس كېلىم يوق، — دېدى ئايالىم گەپكە ئارىلىشىپ.

مەن ئايالىم بىلەن قىزىمنىڭ چىراـيىغىمۇ قارىماستىن تويلەينى ئالدىمدە، ئۆيـدىن ئوقتەك چىقىپ كەتتىم.

ئىككى كوچىدىن ئۆتۈپ ئۈچىنچى كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئولتۇرغان بىر موزـدوز ئۇستامنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدىم. موزدوز ئۇستام قولۇمدىن تويلەينى ئېلىپ ئۇيان-بۇيان قاراپ رېمونت قىلىشقا كىرىـشىپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ ئەپچىل قوللىرىغا قارىغىنىمچە كۆزۈم بىر نۇقتىغا مىخلىنىپ قالدى. «ھەي دىلەرەم، ئامراق قىزىم، بۇـگۈن داداڭغا ھەجەپمۇ قوپاللىق قىلدىڭا، كۆزلىرىڭنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قاراشلىرىڭـنى قارا. 20 يىلدىن بېرى يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ، ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلـغىنىم ئۈچۈن سەندىن بۈگۈنكى كۈندە موـشۇ خورلۇقنى كۆردۈمما! بوپتۇ، بالام، نېـمە دېگىنىڭ كەلسە دەۋەرگىن. سېنىڭ كۆڭـلۈڭ خۇش بولسىلا، سەن ئۈچۈن بارلىقىمـنى ئاتا قىلىمەن، بەختلىك بولغىن. سەنـمۇ چوڭ بولارسەن، ئانا بولارسەن، شۇ چاغـدا بىزنىڭ قەدرىمىزگە يېتەرسەن.»

— ماۋۇ تويلەينى كۆرۈپ باقاملا، باشقا رېمونت قىلغۇدەك يېرى يوقتەك تۇرىدۇ، — موزدوز ئۇستام تويلەينى قولۇمغا بەردى.

— ھە، قېنى، ماۋۇ پۇلنى ئالسىلا، رەھـمەت سىلىگە، — مەن ئولتۇرغان جايىمدىن قوپۇپ، كېلىشتە قانداق تېز كەلگەن بولسام، قايتىشتىمۇ ئۇنىڭدىن تېزرەك مېڭىپ ئۆيگە كەلدىم. دىلىلەرەم بۇرۇنقى ئاچچىقـلانغان ھالىتىدە ماڭا قاراپ ئولتۇرغان ئىـكەن. ئۇ گەپ، سۆز قىلماستىن، قولۇمدىكى تويلەيىنى شارت قىلىپ ئالدىدە، كىيىپلا ئالدى-كەينىگە قارىماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئۆيدە يەنە يالغۇز قالدىم، قورسىقىمـنىڭ پىژىلداپ ئېچىۋاتقانلىقىنى ئەمدى سېزىۋاتىمەن. ئاشخانىغا كىرىپ بىر چىنە مۇزلاپ قالغان لەڭمەننى ئىشتىھا بىلەن يېـيىشكە باشلىدىم.

* *

كىرىسلىۋغا ئۆزۈمنى تاشلاپ بىردەم ئارام ئالماقچى بولدۇم. شۇئان كىچىك قىـزىم گۈلپەيەمنىڭ ئەتىگەنكى گەپلىرى ئېـسىمگە چۈشتى. يائاللا، تاس قاپتىمەندە بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى. كىچىك بالىغا يالغانچى بولۇپ قېلىش ياخشى ئىش ئەـمەس، مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېـيىملىرىمنى كىيىپ ئۇنىڭ مەكتىپىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتىم.

مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا قىزىم گۈلـپەيەم ماڭا قاراپ تۇرغانىكەن. مېنى كۆـرۈپ خۇشاللىقىدىن ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— ياياللا دادا، كەپسەندە، سىنى كې-
لەلمەي قالامدىكىن دەپ بەك ئەنسىرىگە-
نىمدىم.
— كەلدىم، بالام، كەلمەمدىغان. ئەتى-
گەن ئىككىمىز كېلىشىۋالغان تۇرساق.
ئىككىمىز سىنىپقا ماڭدۇق. باشقا ئاتا-
ئانىلار كېلىپ بولغانىكەن. سىنىپ ئادەمگە
لىق تولغانىدى. يىغىن ئىككى سائەتكە يې-
قىن ئېچىلدى، ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ئۆگىنىش نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى. بىزنىڭ
گۈلپىيەمنى مۇئەللىمى ئالاھىدە تىلغا ئې-
لىپ ماختىدى. ئىككىمىز خۇشال ئۆيگە
قايتتۇق.
يولدا بىرسىنىڭ «ساۋۇتكا، ھوي سا-
ۋۇتكا» دېگەن ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرگەندەك
قىلدى. مەن دەرھال قەدىمىمنى توختىتى-
تىپ، ئەتراپىمغا نەزەر سالدىم. شەھەرلىك
قۇرۇلۇش ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان ھېلال-
دىن كۈلۈمسىرىگىنىچە كېلىۋاتاتتى، ئىك-
كىمىز قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق.
— ساۋۇتكا، باياتىن ئۆيىڭىزگە ئىز-
دەپ بارسام يوقكەنسىز، بۇ يەردە خىزىر
يولۇقتۇرغاندەك ئۇچراپ قالدىڭىزدە، ئۆگۈن-
لۈككە مەرھۇم قادىر ھاجىنىڭ قىرىق نە-
زىرىسى بولماقچىدى. شۇڭا سىزنى مۇشۇ
ئۈچ مەھەللىنىڭ باغاقلىرىنى تارقىتىشىپ بې-
رەمدىكىن دېۋىدىم. كىچىك باللارغا دەيلى
دېسەك ئۇلار بىپەرۋا كېلىدۇ. قادىر ھا-
جىم رەھمەتلىك شەھىرىمىزدە سانىۋالغۇ-
دەك ئادەملەرنىڭ بىرى، ئۇنى ئۆزىڭىز
بىلىسىز. شۇڭا سىز ئۆيدە بىكار بولغاندىكىن
خاپا بولماي مۇشۇ ئىشنى خالىس بىر قىلىپ
قويسىڭىز، — دېدى ئۇ تەكەللۇپ ئارىلاش.
— بولىدۇ، ئۇكام، جامائەتچىلىك ئە-
مەسمۇ، بۇ ئىشنى قىلماي بولامدۇ. بىزمۇ
ئادەم دەڭا، قېرىيمىز، ئەتە - ئۆگۈن باشقى-
لارمۇ بىزنىڭ ئىشىمىزنى قىلىدۇ، قېنى
ئەكىلىڭ.
— خەير - خوش ساۋۇتكا، سىزنى ئا-
ۋارە قىلىپ قويىدىغان بولدۇم.
مانا قولۇمدا ئۈچ توپ باغاق. بىر
توپى ئەللىكتىن بولسا يۈز ئەللىك، يۈزدىن
بولسا ساق ئۈچ يۈز دېگەن گەپ، ھەببەل-
لى ساۋۇتوم «ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ»
دەپ ما ئىشنى قاربىمامدىغان. مەن بىكار-
چىنى شەھەردىكى ھەممە ئادەم بىلىپ كەت-
كەن ئوخشىمامدۇ، ئاجايىپ ئىشتە بۇ ...
— دادا، بۇ باغاقلارنى ساڭا بېر-
رىپ نېمە قىلىدۇ، ئاشۇ داداش ئۆزى تار-
قىتىپ بەرسە بولمامدۇ؟
— قىزىم، ئۇ داداشنىڭ ئىشى بار،
مېنىڭ ئىشىم يوق، مەن دېگەن بىكارچى.
— سەن بۇ باغاقلارنى قەيەرلەرگە ئا-
پىرىپ بېرىدىسەن؟
— ئىسمى يېزىلغان ھەر بىر ئادەم-
نىڭ ئۆيىگە.
— ۋاي ۋۇي، ھېرىپ كەتمەمسەن،
بۇنچىۋالا كۆپ باغاقنى تارقىتىپ بولغۇچە،
ئابايام ياق دېسەڭ بولمامتى؟
— كىشىلەرنىڭ ماڭا ھاجىتى چۈشكەن-
دە ئۇنداق دېسەم بولمايدۇ قىزىم.

* *

مېھرىبان مەكتەپكە، دىلەرەم ئىشقا،
گۈلپىيەم ئوقۇشقا ماڭغىشتى. ئۆي ئېچىدى-
كى ۋەزىپىلىرىمنى جاي - جايىغا كەلتۈرۈۋې-
تىپ، سىرتتىكى ۋەزىپەمنى يەنى قادىر ھا-
جىنىڭ باغىقىنى تارقىتىشقا ماڭماي كەتتىم.
مەھەللىمۇ - مەھەللە، ئۆيمۇ - ئۆي يۈ-

AltunQ

www.uyghurkitap.com

روۋپ پۈتلىرىم زىڭىلداپ ئاغرىشقا باشلىدى. شۇندىاقتىمۇ چىداپ يۈرۈپ ئىككى مەھەللىنى چۈشكۈچە تۈگىتىشۋالدىم.

— ھېرىپ ئېچىپ ئۆيگە كىرىشىم بىلەن، چوڭ ئوغلۇم ئەكبەر سالام قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دادا!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بالام، كېپ قاپسەن، قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سېنى، كۆزلىرىمدىن ئۇچۇپ كەتتىڭغۇ، ئەنۋەر قېنى؟ ئۇ قوزامنى بەكمۇ سېغىنىپ كەتتىم، — دېدىم.

— مانا بۇ قوزىڭىز، — دېدى ئايالىم، ئەنۋەرنى مېنىڭ قېشىمغا ئەكىلىپ.

— ھە، كەل قوزام كەل، — مەن ئەنۋەرنىڭ يۇمران قوللىرىدىن تۇتۇپ ئۇنى كۆتۈرۈپ ئالدىم-دە، باغرىمغا بېسىپ قانغۇچە سۆيدۇم.

— ئەنۋەر بۇ يىل تۆت ياشقا كىردى، ئۇ ئەكبەرنىڭ تۇنجى ئوغلى، مېنىڭ تۇنجى كۆرگەن نەۋرەم ئىدى. ئۇنى كۆرسەم خۇددى ھەققى ئۆزۈمنى ئۇنتۇپلا كېتىمەن. نەۋرىنىڭ تاتلىقلىقىنى نەۋرىگە ئېرىشكەندە بىلىسلەر. كىشىنىڭ ئۆز ئۆمرىدە نەۋرە كۆرمىكى، چەۋرە كۆرمىكى ناھايىتى ئۇلۇغ ئىشتە.

— دادا، سىزگە بىر ئىشنى مەسلىھەت قىلاي دەپ كېلىۋىدىم، — دېدى ئەكبەر سەل تارتىنىپ تۇرۇپ.

— قېنى دەۋە بالام، نېمە مەسلىھەتتى ئۇ، — مەن قۇچىقىمدىكى ئەنۋەردىن كۆزۈمنى ئۈزمەي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن سورىدۇم.

— دەۋەرگىن، ئۆزۈڭنىڭ دادىسىدىنمۇ تارتىنامسەن، — دېدى ئايالىم.

— ئاپا، بولمىسا سىز دەڭا، مەن...— دېدى ئەكبەر ئاپىسىغا قاراپ.

— ھەي! سەنمۇ تازا بىر بوش بالا بولدۇڭدە، مۇشۇنچىلىك گەپنى ئاتا-ئاناڭغا دېيەلمەي تىلىڭنى چايناپ تۇرامسەن، جەمئىيەتتە قانداقمۇ نان تېپىپ يەۋاتقانسەن بالام. مۇنداق ئىشكەن قاراڭ، ئەكبەرنىڭ ئۆيىدىكى ئەنۋەرگە قاراۋاتقان قىزنىڭ ئاپىسى ئاغرىپ قېلىپ چاقىرتىپ كېتىپتۇ، شۇڭا، شۇ قىز كەلگىچە بەش-تۆت كۈن دادام ئەنۋەرگە قاراپ بېرەمدىكىن دەپ كەپتىكەن، — دېدى ئايالىم ئەكبەرنىڭ دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى پەردازلاپ.

— ھە، مۇنداق دېگىن، — مەن ئەنۋەرنىڭ يۇمران چاچلىرىنى سىلىغىنىمچە ئولتۇردۇم.

نېمە دەي، نېمە دېيەلىشىم مۇمكىن، ئۆزۈمنىڭ بالىسى — نەۋرەم، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ بۇ توغرۇلۇق گەپ-سۆز بولغانىدى، لېكىن مەن بۇ ھەقتىكى پاراڭلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىپ كەلگەنىدىم، چۈنكى ئەنۋەرنىڭ ئاپىسىنى دېسەم، ئۇنىڭ يۈزىگىمۇ قارىغۇم كەلمەيدۇ. «بالامنىڭ بالىسى، ياتكەن ئۇنىڭ ئانىسى» دەپ، ئۇ غاز بويانىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنى دەيمۇ. ھەي! ئەكبەرنى تەڭلىكتە قالدۇرۇپ، ئۇنى قىيناپ نېمە قىلاي، ئۇمۇ مۇشۇ گەپنى دېيەلمەي خىجالەت بولۇۋاتامدۇ. بوپتۇ، ئەمچەكتىكى بالا بولمىغاندىكىن كەينىمدە ئويناپ يۈرەر ...

— بىر نەچچە كۈن دېدىڭمۇ؟ — مەن قايتىلاپ سوراپ قويدۇم.

— ھە، دادا، بىر نەچچە كۈن. ئاشۇ قىزنىڭ ئانىسى سەل ياخشى بولسىلا ئۇ قىز قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى ئەكبەر جانلىنىپ.

— بىر نەچچە كۈندە ساقىيىپ قالارمۇ، ئۇ قىزنىڭ ئانىسى ...

— ۋاي ۋۇي، بىر نەرسىنى تۆزيولى
بىلەن دېسە، گىرىلدىق قىلىپ تۇرۇۋالدىغىـ
نى بۇ ئادەمنىڭ جېنىمنى چىقىرىپ. بولدى،
ئۆيۈپ كېتىدۇەرگىـن، قارايدۇ. ئۆزىنىڭ
نەۋرىسىگە قاردىماي نېمە ئىشى بار بۇ غوـ
جامىنىڭ...
— ئاپا، سىز مۇنداق دېگەن بىلەن
دادام ئۆزى ...
ئەكبەر ئوتتۇرىدا خىجالەت بولۇپ
قالدى.
مەن ئاپامنىڭ ئاغزى ئېچىلىشى بىـ
لەن دېمەكچى بولغان گەپلىرىمنى يۇتۇۋەتـ
تىم.
— بوپتۇ بالام، مەن قاراپ بېرەيـ
دېدىمىدە ئەنۋەرنى يېتىلەپ، ئىچكىرى ئۆيـ
گە كىرىپ كەتتىم.
چۈشتىن كېيىن ئۆيدىكىلەر ئۆز ئىشـ
لىرىغا مېڭىشتى. مەنمۇ ئەنۋەرنى يېتىلەپ
ئۆز ئىشىمغا ماڭدىم. ئەنۋەر بىردەمـدىلا
ھېرىپ قالدى. ئۇنى دۈمبەمگە يۈدۈپ ئۆيـ
مۇ - ئۆي يۈرۈپ باغاقلارنى تارقىـ
تىشقا باشلىدىم. ئەڭ ئاخىرىدا قولۇمدا ئىكـ
كى باغاق قالدى. مەن ئەنۋەرنى يەرگە
چۈشۈرۈپ، يول بويىدىكى كۆتەككە كېلىپ
ئولتۇرۇپ ئارام ئالغاچ باغاقلارغا سەپسالـ
دىم. بۇ ئىككى باغاقنىڭ بىرسى شەك - شۈبـ
ھىسىز مېنىڭ بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى
مەن دەسلىپىدە شۇنچە كۆپ باغاقنىڭ ئىـ
چىدىن مالتىلاپ يۈرگىچە ئاخىرىسىدا ئايرىـ
لىپ قالىدىغۇ، دېگەن ئوي بىلەن تاقىتىۋەرـ
گەنىدىم، بىراق ئۆزۈمنىڭ يوق تۇرماـ
دۇ. مائىشنى قاراڭ، مېنى ئۇنتۇپ قېلىشـ
تىمۇيا، ياق! شۇنچىلا يەردىن مېنى بىكارـ
چى دەپ ئىزدەپ كېلىشىدىغۇ، مېنى ئۇنـ
تۇپ[1] قالامدا. كۆڭلۈم چىۋىن يۇتۇۋالغانـ
دەك بىر قىسما بولۇپ قالدى. مەن راسـ
تىنلا «بىكارغا ئىشلەپ نەققە داۋالىنىپتىمەن»ـ
دە. بوپتۇ، مەرھۇم قادىر ھاجىنىڭ روھى
خوش بولۇپ قالار. بۇ ئىشتىن رەنجىـپ
نېمە قىلاي، مېنى مەسچىتقا بارمايدۇ دېگەنـ
دۇ ئەتىمالىم. بىراق بايىقى باغاقلارنىڭ
ئىچىدە قاۋاقخانىدىن چىقمايدىغان كىشلەرـ
نىڭمۇ ئىسمى بارغۇ، ھە، بەلكىم مېنى كۆڭلىدە
ھېسابلاپ، باغاققا يېزىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخـ
شايدۇ «قاسساپمۇ كۆڭلى يېقىنغا سۆڭەك تارتىپ
بېرىدۇ» ئەمەسمۇ! مەن شۇ خىياللار بىلەن
ئەنۋەرنى بىردەم كۆتۈرۈپ، بىردەم يېتىلەپ
ئۆيگە كەلدىم.

*    *

ھويلىغا كىرىشىم بىلەن ھەيران قالـ
دىم ھويلىدا بىر قانچە ئاق - قارا قويـلار
باغلاقلىق تۇراتتى. بۇ نېمە ئىشتۇ، ئامبارـ
نىڭ يېنىدا بىر قارا ئېشەكمۇ باغلاقلىق
تۇراتتى ھە، سەھرادىكى تۇغقىنىمىز داۋۇتـ
نىڭ ئېشىكىغۇ بۇ، شۇ كەلگەن ئوخشامدۇ.
مەن ئىلدام مېڭىپ ئۆيگە كىردىم.
دېگىنىمدەك داۋۇت بەدەشقان قۇرۇپ
تۆردە ئولتۇراتتى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ساۋۇت ئاكا!
— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام! داۋۇت ئۇـ
كام، ياخشىمۇ سەن، ئوبدان تۇردۇڭمۇ؟ —
ئىككىمىز قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتۇق.
— بۈگۈن بازارغا كىردۇدىم، ساۋۇتـ
كا. ھېلىقى قويلاردىن ئايرىۋېلىپ بېقىۋاتـ
قان بورداقلارنى بىلسەڭغۇ، شۇلاردىن ئالتىـ
سىنى ساتتىم. ئىككىسى قالغاندا بازار سەل
سۇسلىشىپ قالدى. ئېلىشقا ساتاي دېسەم
كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. سەل كۈتۈپ باقسام

www.uyghurkitap.com

كەچ كىرىپ قالدى، ئۆيگە قايتىۋرۇپ كېتەي دەپ ھەيدىسەم بۇ كاساپەتلەر زادىلا ماڭالمىدى، ھېرىپ قالغان چېغى. گۆپلا قىلىپ سەن ئېسىمگە چۈشۈپ قالدىڭ، 50 نەچچە - كىلومېتىر يول، ئۆزۈڭ بىلىسەن، قىينىلىپ قالىدىغان ئوخشايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن كېچە كۆزگى بوغدايىنىڭ نۆۋەت سۈيى ماڭا كېلىۋىدى، شۇنىڭغا ئالدىراپ قالدىم قارا. دەڭگە ئامانەت قويسام-ئۆزى بەش تەڭگە، توقۇمى ئون تەڭگە بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇدۇل سېنىڭ ئۆيىڭگىلا تارتتىم. بىر - ئىككى كۈن قاراپ بەر، ئېپى كەلسە مەلەڭدىكى قاسساپلارغا سېتىپ قوي. قانداق قىلىمەن، ھازىر قارا ئېشەكنى نوقۇپ تۇرۇپ، كېچىلەپ شۇ سۇغا ئۈلگۈرۈپ چىقمىسام بولمايدۇ. سۇ دېھقاننىڭ جېنى، ئۆزۈڭ بىلىسەن ...

مەن داۋۇتنىڭ مۇشۇ زاغرا تىلىغا تولىمۇ ئامراق. ئۇنىڭ ئۆيىگە چىقىپ قالسام كەچكىچە ئۇنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ زېرىكمەيتتىم. ئۇ گەپنى ياسىماي، كۆڭلىدىكىنى دەيدىغان توپ - توغرا سەھرا بالىسى - دە.

— بولىدۇ، ئۇكام، بىزنى ئۆز كۆرۈپ، ئىشىنىپ مۇشۇ ماللىرىڭنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن بىر - ئىككى كۈن قاراپ بېرەي، سېنى ئۆيدە تۇرغۇزۇپ بىر نەچچە كۈن مېھمان قىلالمىساقمۇ ماللىرىڭنى مېھمان قىلىمەن. مەن بىكار بولغاندىن كېيىن نېمە گەپتى دەيسەن، ئەمما ئاچچىقىم كەلسە بىرەر قويۇڭنى سويۇپ يېۋالسام، غىڭشىمايسەن ھە ...

مەن ئۇنىڭغا ئامراقلىق قىلىپ چاقچاق قىلىپ قويدۇم.

— چاتاق يوق، سەندىن قوي ئايلانسۇن، — دېدى داۋۇت مەرتلىك بىلەن، — ساۋۇتكا، سېنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم. مەن ماڭاي، ھويلىغا بىر خالتا قوناق تاشلاپ قويدۇم، ئەتى - ئاخشىمى بېرەرسەن، كۈندۈزى ئانچە - مۇنچە ئوت يۇلۇپ بېرەرسەن، ھەر ھالدا بازارنىڭ قويى ئېتىدىن يېنىپ كەتمىسۇن، بۇ تەرەپلىرىنى دېمىسەممۇ ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ.

داۋۇت ئېشىكىنى تالاغا ئېپچىقىپ بىر سەكرەپلا مىنىۋالدى - دە، يورغىلىتىپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۆيدىكى ئىشلارنى تۈگىتىپ، ھويلا - ئارامنى پاكىز سۈپۈرۈپ قويۇپ، ئەنۋەرنى يېتىلەپ بىردەم ئارام ئېلىش ئۈچۈن مەھەللىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەرۋاقىت ئادەم كەم بولمايدىغان قېرى سىدە دەرىخى تۈۋىگە بېرىۋىدىم، نامازغا ماڭغان بىر توپ جامائەت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇلار بىلەن تېنچلىق - ئامانلىق سورۇشۇپ كۆرۈشتۇق.

— سىزمۇ مەسچىت قۇۋۇمىغا ئارىلىشىپ بىرەر ۋاخ بولسىمۇ ناماز ئوقۇپ، مۇسۇلمانچىلىق يولىنى تۇتۇڭ. بۇ ئۇلۇغ ئىش، پارتىيە يولىنى 30 نەچچە يىل تۇتتىڭىز، ئەمدى ئۆمرىڭىزنىڭ ئاخىرىدا خۇدا يولىنى تۇتۇپ، ياش ۋاقتىلىرىڭىزدا بىلىپ - بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىڭىزغا تووا قىلىڭ، — دېدى ئىمام تولىمۇ سىپاگەرلىك بىلەن، — سىز دېگەن ئەقىللىق ئادەم، نەسىھەت كەتمەيدۇ، ئەسلىدە بۇرۇنلا مۇشۇنداق قىلىشىڭىز كېرەكتى، ئۆيدە نېمە تۈگىمەيدىغان ئىش بار دەيسىز ... — كۆپچىلىك ئۇنىڭ گېپىنى قولىلاپ تەرەپ - تەرەپتىن ماڭا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى.

مەن لام - جىم دېمەي، گويا ئانىسى

ئالدىدا ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويغان بالىدەك يەرگە قاراپ تۇرۇپ قالدىم. شۇ تاپتا نېمە دېيىشىم كېرەك؟

— بولىدۇ ئۇكام، ھەر ھالدا گەپ ئۆزىڭىزدە، جۇمە ۋاقتى بولۇپ قالدى، بىز نامازغا كىرىپ چىقايلى، — دېدى مەزىن.

ئۇلار گويا جەڭدە ئۇتقان پالۋانلاردەك يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا كوچىغا پاتماي كېتىشىپ باراتتى. سىدە دەرىخى تۈۋىدە ئەنۋەر بىلەن ئىككىمىزلا قالدۇق، ئويلىنىپ قالدىم، نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن.

شۇ كۈندىن باشلاپ، قېرى سىدە تۈۋىگە بېرىشتىنمۇ، تالا ـ تۈزگە چىقىشتىنمۇ، جامائەتكە كۆرۈنۈشتىنمۇ قېچىپ، خۇددى تۈرمىدىن قاچقان جىنايەتچىدەك دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئۆيدە مۆكۈنۈپ يۈردۈم، نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئويلا ـ ئويلا ئاخىر كاللامغا بىر خىيال كەلدى. ئۇ بولسىمۇ، ئىدارىگە بېرىپ خىزمەت تەلەپ قىلىش، ئۇنداق دېسەم بۇرۇنقى جۈيجاڭلىقىنى تەلەپ قىلامدىكىن دەپ ئويلاپ قالماڭلار، ھەر ھالدا سەككىز سائەتنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈدىغان ھەر قانداق ئىش بولسا قىلىۋېرىمەن. مەسىلەن، بىنانى تازىلاش؛ دەرۋازىغا قاراش، قايناقسۇ قاينىتىش ... بۇ ئىشلارنىڭ قايسىلا بولسا بولۇۋېرىدۇ. ئوشۇق ھەقمۇ تەلەپ قىلمايمەن. ھەر ھالدا بۇ ئىشلار مېنىڭ ھازىرقى دەم ئېلىشىمدىن ياخشى، كۆڭۈللۈك بولار ئەتىمالىم.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

(بېشى 9 ـ بەتتە)

دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— جىددىي خاراكتېرلىك ئۇچەي ياللۇغى بولۇپسىز، — دېدى ئۇ، — بۇنداق كېسەل يازدا، كۆپۈنچە يېمەك ـ ئىچمەك تازىلىقىغا دىققەت قىلمىغاندا قوزغىلىدۇ. سىز يولدا ئۆرۈك يەپسىز، كېيىن دوغاپ ئىچىپسىز، يول يۈرگەن ئادەم ھەرگىز كەلسە ـ كەلمەس بىر نەرسە يېگۈلۈك ئەمەس. سەپەرداشلىرىڭىز ئېسىل كىشىلەر ئىكەن، سىزنى دەل ۋاقتىدا ئېلىپ كەپتۇ. ئازراق كېچىككەن بولسىڭىز ھاياتىڭىزغا خەۋپ يېتەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن قاتتىق ئۇخلاپ كەتتىم. بىر چاغدا ئويغانسام تاڭ ئېتىپتۇ. ئورنۇمدىن تۇردۇم، لېكىن بېشىم قېيىپ تۇراتتى. پۇت ـ قولۇمدا ماغدۇر يوق ئىدى. سائەت يەتتىدە سەپەرداشلىرىمدىن ئۇن نەچچە كىشى بالنىتسىغا كېلىپ ھالىمنى سورىدى. ئاپتوبۇس شوپۇرى باش دوختۇرنى باشلاپ كىردى. دوختۇر مېنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ:

— خەتەر تۈگىدى، يولغا چىقسىڭىزمۇ بولىدۇ، لېكىن ئۇزاق ئولتۇرۇش ئېغىر كېلەمدىكىن؟ — دېدى. شوپۇر دەرھال:

— بۇ يولۇچىنى بىللە ئېلىپ كېتەرمىز دەپ كابىنكىدا بىر كىشىلىك ياتىدىغان ئورۇن ھازىرلاپ قويغانىدۇق، — دېدى.

ئىككى كۈنلۈك سەپەر جەريانىدا تونۇشقان، مىللىتى، تىلى ئوخشاش بولمىغان، ماڭا قېرىندىشىمدىن ئارتۇق مېھرىبانلىق قىلغان ھەمراھلىرىمغا، مېنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتقۇزغان دوختۇر ۋە سېستىرالارغا قاراپ ھاياجاندىن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم. كۆزۈمدىن مىننەتدارلىق يېشى تۆكۈلدى، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى قاتتىق ـ قاتتىق سىقتىم.

مەن سەپەرنى ياخشى كۆرىمەن. ھەر قېتىملىق سەپەردە يېڭى ـ يېڭى دوستلارنى تېپىۋالىمەن ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زۇنۇن تاھىر

# پەتچى

(ھېكايە)



ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە، ئانچە كوتۇلداپ كەتمىدى.

بۈگۈن چۈشتە ئەڭ ئاخىرقى پەتچى — دادامنىڭ ئاچىسى بىلەن ئاكىسنى ئاپتوبۇستا يولغا سېلىۋېتىپ كەلدىم. ئۆيۈمدا، چۈشتىن كېيىن ئىككى ئايدىن بۇيانقى ھاردۇقنى چىقىرىپ، ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا بارماقچى بولدۇم. ساراي ئۆيىنىڭ دېرىزىلىرىگە ئەدىيالنى تارتىپ ئەمدىلا ياستۇققا باش قويۇپ تۇراتتىم. چوڭ ئوغلۇم يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— دادا! دادا! يەنە بىر ئادەم كەلدى، — دېدى.

— قانداق ئادەمكەن ئۇ؟ — مەن ئەسنەپ تۇرۇپ سورىدىم.

— قارا، مۇنداق بۇرۇتى بار ئادەم ئىكەن، — بالام ئىككى باشمالتىقىنى كالپۇكىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ چۈشەندۈردى.

مەن خۇشياقمىغان ھالدا، ھويلىغا چىقتىم. قارىسام، دەرۋازا ئالدىدا ئوغلۇم دېگەندەكلا ئۇزۇن قارا بۇرۇتىنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئىككى قۇلىقىنىڭ ئۈستىدىن ئارتىلدۇرۇۋالغان، پاكىزە قىرىلغان بېشىغا بادام دوپپا كىيگەن، ئۇڭ مۈرىسىگە خۇرجۇن ئارتىۋالغان، بېلىقكۆز، تۇم قاش، بۇغداي ئۆڭ، 60 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم قاراپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئادەمنى تۇنجى كۆرۈشۇم بولسىمۇ، نېمىشقىدۇ يۈرىكىم تونۇغاندەك قىلدى. كىچىك بولغانلىقىم ئۈچۈن ئا-

دادامنىڭ قىرىقى نەزىرىنى بېرىپ بولغىنىمىزغا بىر ھەپتە بولدى.

ئايىغى ئۈزۈلمەس پەتچىلەر نەزىردىن كېيىن بېسىقىشتى. يىراق - يېقىندىن كېلىشكەن ھازىدارلارمۇ يوللىرىغا راۋان بولۇشتى. مەن دادامنىڭ: «بالام، مەھەللىمىزدىكى باردى - كەلدىگە قاراپلا جەمەتىمىز باغىنىڭ سالاسۇندەك شالاڭكەن دېسەڭ بولمايدۇ، داۋاندىن ئاتلاپلا كەتتۇقمۇ ھەر تۈت ئادەم بار يەردە بىر جەمەتىمىز بار» دېگەن سۆزلىرىگە مانا ئەمدى ئىشىنىپ ئولتۇرۇپتىمەن. قىرىق نەزىرى تۈگىگىچە ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان نۇرغۇن تۇغقانلىرىمىز پەتىگە كېلىپ كېتىشتى. مەن ئۇلارنى كۈتۈش بىلەن بولۇپ، خىزمىتىمگىمۇ بارالمىدىم. ھەر ھالدا تەشكىلدىكىلەر ئەھۋالنى

Altun

دەت بويىچە مەن ئالدى بىلەن سالام بەردىم.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئۇكام، — مېھمان مەن بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئەھۋال سوراشقا باشلىدى، — ئۆزلىرى، بالا - چاقىلىرى تېچلىقمۇ؟ ھال - ئوقەتلىرى ئوبدانمۇ؟
— تېچلىق، تېچلىق ...، — مەن ئاپتومات ئوقىدەك چىقىۋاتقان ئەھۋال سوراشلارغا پەقەت ئاشۇنداق جاۋاب بېرىشكىلا ئۈلگۈرەلىدىم.
— ئىسىملىرى ئابدۇسۇپىراخۇنما؟ — مېھمان تېچلىق سوراشنى توختىتىپ ئىسمىمنى سورىدى.
— شۇنداق.
— دادىلىرىنىڭ ئىسمى ھوشۇراخۇنما؟
— ھەئە.
— ۋاھ! كۆزۈمنىڭ ئۇچىگە بىر قارىۋەتسىلە ئۇكام، — مېھمان ئىككى مۈرەمنى تۇتقان پېتى كۆزۈمنىڭ ئۇچىگە راسا بىر تىكىلىۋەتكەندىن كېيىن داۋام قىلدى، — ھوشۇرانكامنى قازا يېتىپ ئاللانىڭ دەرگاھىغا سەپەرگە كەتتى دەيدۇ راستىما؟
— رىسقى شۇنچىلىككەن، — مەن گېپىمنىڭ ئاخىرىنى داۋام قىلالمىدىم.
— ۋاي قېرىندىشىم! — مېھمان مۈرىسىدىكى خۇرجۇننى يەرگە قويۇپ مېنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە يىغىنى باشلىۋەتتى، — تولۇن ئاي قېرىندىشىمەي، ئۆز قېرىندىشىمەي، كۆڭلى شالدەك تۈز قېرىندىشىمەي ... — مېھماننىڭ يىغىسى بىلەن خوتۇن بالىلىرىم ئۆيدىن چىقىپ ئەتراپىمىزغا يىغىلىشتى. ئايالىم ئىككىمىز مېھماننىڭ يۈرەكنى يارغۇدەك ھەسرەتلىك يىغىسىغا قېتىلماي تۇرالمىدۇق. قارىسام مېھماننىڭ نالىسى توختايدىغاندەك ئەمەس، ئاخىرى ئۇنى يىغىدىن توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇم:
— قازاغا رىزا، ئاكا، — دېدىم ئۇنىڭ قوللىرىدىن ئاجراپ چىققاندىن كېيىن، — سەۋر قىلسىلا...
مېھمان ياشلىرىنى كۆلرەڭ چاپىنىنىڭ يېڭىدە ئېرتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇمچەرەپ تۇرۇپ ھەممىمىز بىلەن بىر قۇر ئەھۋاللاشتى، مەن ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم.
يوغان بىر ئېغىز ئۆيىنىڭ ئورنىچىلىك كېلىدىغان قورۇيىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا دادام ئۆز قولى بىلەن تىكىپ ئۆستۈرگەن پەقەتلا بىر تۈپ ئەنجۈر بار ئىدى. ئۇ ئەنجۈرنىڭ مېۋىسىگە كىرگىنىگىمۇ ئىككى يىل بولغانىدى، مېھمان مېۋىسىنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ كەتكەن شاخلارنىڭ قېشىغا كەلگەندىن كېيىن، تېخى ئەمدىلەتىن سارغىيىشقا باشلىغان بىر تال ئەنجۈرنى تۇتۇپ بېقىپ سورىدى:
— ۋاھ! سىلەرنىڭ بۇ يۇرتتىمۇ ئەنجۈر بولىدىكەن - ھە؟
— ئەسلىدىغۇ پىشمايدىغان، دادام رەھمەتلىك قىشتا كىگىز - كېچەكلەر بىلەن يۆگەپ يۈرۈپ پىشۇرىدىغان بولدى. بۇ ئۈچىنچى يىلدىكى مېۋىسى — دېدىم جاۋابەن.
— شۇنداقمۇ؟ — مېھماننىڭ چىرايى بىردىن تۇرۇلۇپ، كەپتەردەك بوقۇلداپ كەتتى. ئەتىمالىم ئۇ ئىچىدىن چىقىۋاتقان يىغىسىنى توختىتالمىغان بولسا كېرەك، ئىككى قولىنى بېقىنىغا تىرىگىنىچە ئىككى ياقىغا ئېغاڭلاپ مېڭىپ يەنە يىغىسىنى باشلىۋەتتى، — باغقا باغۋەن قېرىندىشىمەي، چۆلگە سايىۋەن قېرىندىشىمەي! ۋاي قېرىندىشىمەي، ئەنجۈرلۈك باغلىرىڭ قاپتۇغۇ قېرىندىشىم، سايىسى ھويلاڭنى بىر ئاپتۇغۇ قېرىندىشىم...
بىر تۈپ ئەنجۈرنى باغقا ئوخشىتىۋاتقان بۇ مېھماننىڭ قەلبىنى چۈشىنىشكە بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىراق نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئوخشىتىشى مېنىڭ كۆلكەمنى قىستىماقتا ئىدى. مەن ھازىردار - لىقىمنى ئويلاپ، كۆلكەمنى ئاران بېسىۋال - دىم. مېھمانغا سەۋرى بېرىپ، قولتىقىدىن يۆلىگىنىمچە ئۆيگە باشلاپ كىردىم. مېھمان تۆرگە چىققاندىن كېيىن بەقەرە سۈرىسىنى باشلاپ، بىر يولدىلا تاماملىدى، ئارقىدىن ئۆلگەنلەرنىڭ روھىغا، قالغانلارنىڭ سالامەت - لىكىگە ئاتاپ ئۇزۇن دۇئا قىلدى. دۇئادىن كېيىن:

— مېنى تونۇمايلا ئۇكام، — دېدى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — ئىسمىم ئىمىرەمزە، ھوشۇرانىكام بىلەن يېقىن تۇغقان بولىمىز، بەلكىم دادىلىرى قازا قىلىشتىن ئىلگىرى مۇبارەك نام شېرىپىمنى قۇلاقلىرىغا قويۇپ كەتكەندۇ؟

رەھمەتلىك دادامغۇ ماڭا بۇنداق ئىسىملىك تۇغقىنىمىز بارلىقىنى دېمىگەنىدى، ھازىر بولسا ئىمىرەمزىكامدىن قانداق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىمىزنىڭ بارلىقىنى سوراشقا پېتىنالمىدىم. ئۇ كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەنگەندەك ئۆزىنى تەپسىلىي تونۇشتۇ - رۇشقا باشلىدى:

— يەنى مەسىلەن شۇنداقلا ئوچۇق - لاشتۇرۇۋەتسەم، پېقىر ئىمىرەمزە سىلىنىڭ دادىلىرىنىڭ ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئاتا بىر ئانا باشقا ئاكىسىنىڭ ئايالىنىڭ چوڭ ئاپىسىنىڭ كۈيئوغلىنىڭ باجىسى بولىمەن، — ئىمىرەم - زىكام يۇقىرىقى سۆزلەرنى نەپەس ئالماس - تىن بىر يولىلا دەپ تۈگىتىۋەتكەندىن كېيىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېتىپ ماڭا مە - نىلىك تىكىلدى. ئۇنىڭ بۇ تونۇشتۇرۇشىدىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەستىن بېشىم گاڭگى - راپ كەتتى. ئىمىرەمزىكام سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — دادىلىرى مەندىن ئىككى ياش چوڭ ئىدى. شۇڭا مەن ھوشۇرانىكا دەپ ئاتايتتىم. بىز كىچىكىمىزدىن بىرمە - ھەللىدە چوڭ بولغان. مەن بۇ يىل تۇپتۇغ - را 62 ياشقا كىردىم، دادىلىرى 64 ياشتا قازا قىلدى. ھوشۇرانىكام ھېلىقى يەر ئىسلاھات، ئىجارە كېمەيتىش، كوپېراتسىي - يىلىشىش، كوممۇنا قۇرۇش دېگەن ھەرىكەت - لەردە ئاكتىپ بولۇپ چوڭ كادىر بولۇپ كەتتى. مېنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن چاتىقىم بولماي، نەدە ئوغلاق، نەدە توخۇ، قوچقار سوقۇشتۇرۇش بولسا شۇ يەردە يۈرگەچكە، تا ھازىرغىچە كەتمەندىن قۇتۇلالمىدىم. ھوشۇرانىكام بىزنى ئەينى ۋاقىتتا گۇرۇپپى - لاشتۇرۇپ كەينىدىن كوپېراتسىيىلەشتۈردى. ئاز ئۆتمەي پارتىيىنىڭ چاقىرىقى دەپ كوممۇنالاشتۇردى. ئۆزى بىزگە باشلىق بولۇپ، نەچچە ئون مىڭ ئادەمنى بىر قول - لۇق باشقۇردى، — ئىمىرەمزىكام گەپ قىلى - ۋېتىپ بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلغاندەك بولدى. ئۇ بىردەم ئاستىنقى، بىردەم ئۈستۈنكى كالپۇكىنى چىشلەپ بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن يەنە ھازىسىنى باشلىۋەتتى، — كوم - مۇنانىڭ تۈۋرۈكى قېرىندىشىمەي، كوممۇ - نانىڭ ئاتىسى قېرىندىشىمەي، قۇرغان كوم - مۇنالىرىڭ قالدىغۇ قېرىندىشىمەي... قايسى باغرى تاشنىڭ كۆزى تەگدىكىن قېرىندى - شىمەي. بۇ دەرتلەرگە نېمە دېگۈلۈك قې - رىندىشىمەي، ھى! ھى!...

ئىمىرەمزىكام چاي كىرگەندىن كېيىن - لا يىغىدىن توختىدى. كۈننىڭ ئىسسىقى، سەپەرنىڭ جاپاسى ئۇنى ئوبدان چاڭقاتقان ئوخشايدۇ، چاينى ئىنتايىن لەززەتلىنىپ ئىچتى، ئارقا - ئارقىدىن 5 - 6 پىيالە چاي ئىچكەندىن كېيىن تەرنى چاپىنىنىڭ يې - ڭىگە ئېرتىۋېتىپ، ئاندىن سىلىۋەتتى.

— ئۇسسۇلۇقنى مۇشۇ ناۋاتتەك باسىدى - غان نەرسە يوق، لېكىن دۇنيادا بەك كەم، — ئىمىرەمزىكام پىيالىسىغا لىققلاپ قۇيۇلغان

چاينىڭ ئۈستىگە يەنە بىر كالىلەك ناۋاتنى
سېلىپ داۋام قىلدى، — ئىبىيام كۆڭلۈم
بۇزۇلۇپ كېتىپ گېپىم ئۈزۈلۈپ قالدى
ئۇكام، ھوشۇرانىكام رەھمەتتى يۇرت-
جامائەت شۇنچە تۇتىسمۇ ئۇنىماستىن، پار-
تىيەنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇمەن دەپ
تۇرۇۋېلىپ، يۇرتتىكى شۇنچىلىك ھوقۇق،
شۇنچىلىك قورۇ-جاينى تاشلاپ بۇ يەرگە
كېلىۋالدى، ئۇ چاغدا سىلى 12 ياشلاردا
ئىدىلا، شۇڭا جىق ئىشلارنى ئۇقمايلا.

بىز سىنچاي ئىچكىچە پۇت-قولى چاق-
قان ئايالىم بىر دەمنىڭ ئىچىدە بىر تەخسە
گۆشلۈك سەي قورۇپ كىردى، كەينىدىلا
يۇزى چەلگىلىنىپ تۇرىدىغان ئەتكەن چېيى-
مۇ بىللە كىردى. ئىمىرەمزىكامنىڭ سەيگە
خوشتى يوقمۇ بىلمىدىم، ھېلىدىن-ھېلىغا
نان توگۈرۈپ چايلا ئىچەتتى.

— ئىمىرەمزىكا، — دېدىم ئۇنى سەيگە
تەكلىپ قىلىپ، — مۇنۇ قورۇمىدىن ئالسىلا.

— ئالىدىغان ۋاقتى بار ئۇكام، ئالىدىغان
ۋاقتى بار، — ئىمىرەمزىكام سۆزۈمگە يارىشا
بىر تال گۆشنى چوكىدا قىسىپ ئاغزىغا
سالدى، ئارقىدىن يېرىملاپ قالغان چايغا
يەنە نان چىلاشقا باشلىدى، ئايالىم كورىنى
كۆتۈرۈپ كىرىپ، چېيىنى لىقلاپ قويدى. ئۇ،
چاينى 4-قېتىم لىقلىماقچى بولغاندا ئىمى-
رەمزىكام ئىچى قۇرۇغدىلىپ كەتكەن ئاپ-
قۇرنى دەستىخاننىڭ ئۈستىگە دۈمكۆمتۈرۈپ،
ئىچمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇكام ئابدۇسۇپىراخۇن، — دېدى
ئىمىرەمزىكام چايدىن كېيىن قايتىدىن بە-
دەشقان قۇرۇپ، ئاندىن بۇرۇتىنى ئىككى
قولىدا قولىقىنىڭ ئۈستىدىن يېغىنچاقلاپ
ئارتىلدۇرۇپ قويدى، — مانا ئەمدى ئۆز
گېپىمىزگە كېلەيلى، راست گەپنى قىلسام،
ئۇكام ئابدۇسۇپىراخۇن ھەر قانچە يىراق
بولسىمۇ ئاچقان ھازىمىز، قىلغان دۇئايىمىز
رەھمەتتى ھوشۇرانىكامنىڭ روھىغا ئۇدۇل

تېگىپ بولدى دېسىلە، — ئىمىرەمزىكام گەپ
ئارىسىدا سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن گېپىنى
بىر قىرىۋېتىپ داۋام قىلدى، — بىر گەپنى
دەپ بەرسەم يا ئىشىنىدىلا، يا ئىشەنمەيدى-
لا، ھوشۇرانىكام رەھمەتلىك ئۆزى چوڭ
كادىر بولغىنى بىلەن بارغۇ قارىسىلا ئۇيۇن-
تاماشا دېگەنگە تولىمۇ ئىخلاسى بار ئادەم
بولىدىغان، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى دېسەم
روھى قورۇنۇپ قالىدۇ، ئەمما ھەر ئىككى-
ئۈچ كۈندە بىر قېتىم مەن بىلەن ئۇلپەت-
لىشىپ تۇرۇدىغان، شۇ ئىشلار يادىمغا كې-
لىپ، يول ئۈستىدىلا ئۆزۈمنىڭ كۆڭلۈمنى
قىلىپ كەلدىم، ئۇ نېمىدۇر دەپ قالمىسىلا،
مانا ماۋۇ، — ئىمىرەمزىكام تويۇن يانچۇ-
قىدىن بىر بوتۇلكا ئىلى داچۇنى ئېلىپ،
جوزىنىڭ ئۈستىگە تىكلىدى، — مەيلى خالى-
سىلا، مەيلى خالىمىسىلا، مۇشۇ شېشىدىكى
بىلەن سىلىنىڭ قارىلىرىنى ئۇشتۇيمەن،
ئاندىنزە ئېشىپ قالغىنىدا ھوشۇرانىكامنىڭ
روھىنى خۇش قىلىمەن. قانداق بۇ ئىشىم
قامىلىشىپتىما؟ — ئىمىرەمزىكام بىلىپ بولماي-
دىغان بىر خىل كۈلكە بىلەن كۆزۈمنىڭ
ئىچىگە تىكىلدى.

— نېمە؟ — مەن ئىمىرەمزىكامنىڭ
تاساددىپى بۇ تەكلىپىدىن ھودۇقۇپ كېتىپ
نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

— قويسىلا ئۇكام، قويسىلا، — ئىمىرەم-
زىكام ھېچنېمە بولمىغاندەك ئورنىدىن قى-
مىرلاپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى: — بىر
شېشىنى بىكارلىغانغا ھوشۇرانىكام گۆردە
يېتىپ بىرنېمە دەپ كەتمەيدۇ قارىسىلا، مانى
قۇيىدىغان بىر قاچا ئەكەلسىلە.

— شۇنداق قىلسام بولارمۇ؟ — مەن
تەنە بىلەن شۇ سۆزنى قىلغان بولساممۇ،
ئۇ تۈزلا جاۋاب بەردى.

— ھى! ھى! چالا قايىنىغان سۇدەك
گەپ قىلىدىكەنلا ئابدۇسۇپىراخۇن، ھېلىقى

www.uyghurkitap.com

كۆپەپ پىشقان مانتىدەك راسا بولدۇ، دېسىلە، مەن ئىمىرەمزە شاپبۇرۇت ئەزەلدىن بولمايدىغان ئىشنى قىلىپ باقمىغان.

مەن كۆڭۈلچەكلىكىمگە ئېلىپ، ئىمىرەمزىكامنىڭ تەلىپىنى يىرالمىدىم. بالاچاقىلىرىم ئۇقۇپ قالمىسۇن دەپ ئىشىكنى چىڭ ئەتتىمدە ئىشكاپنىڭ ئىچىدىن بىر رۇمكىنى ئەكىلىپ، هاراقنى ئەمدىلا قۇياي دېيىشىمگە ئىمىرەمزىكام دەرهال توختىتىۋېلىپ:

— ئابدۇسوپىراخۇن، كالپۇكتىن چەك چىقىرالمايدىغان كۆزۈمدەك بىر نېمىگە قۇيغانلىرى نېمىسى، بۇ ئىشلىرى دېتىمغا زادىلا ئۇلتۇرمىدى جۇمۇسىلا، هوشۇرانىكامنىڭ ئوغلى بولغاندىن كېيىن هوشۇرانىكامچە قولاقتىن قاس چىقارغۇدەك پىيالىغىلا قۇيسىلا.

مەن بىر ئېغىز گەپنى ئارتۇق كۆرۈپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىدىم.

— ئۆزلىرى ئىچمەستىن مېنىڭ ئالدىمغا قويۇپ قويغانلىرى نېمىسى، — ئىمىرەمزىكام بىردە قولىدىكى يېرىم پىيالە هاراققا، بىردە ماڭا قاراپ سوردى.

— مەن پەقەت ئىچىپ باقمىغان.

— ئوغۇل بالا ئەركەكنىڭ گېپىنى قارىمامدىغان، — ئىمىرەمزىكام يېنىك تەنە ئارىلاش شۇنداق دېدى، — ئەتىگەننىڭكىياقى قىلغان گېپىمنىڭ خاسىيىتى ئۈچۈن بولسىمۇ كالپۇكلىرىنى تەگكۈزۈپ ئاندىن ئىچمىسىلىمۇ مەيلى ئەمەسمىدى ئابدۇسوپىراخۇن. قېنى رەسمىيەتنى قىلىپ قويسىلا.

مەن بۇ ئادەم بىلەن تاكاللىشىپ تۇرۇشنى ئارتۇقچە بىلىپ، دېگىنى بويىچە كالپۇكىمنى تەككۈزۈپلا هاراقنى يەنە ئۇزىگە سۇندۇم.

— هەببەللى، مانا بۇ ئىشلىرى قاملاشتى ئەمەسمۇ؟ — ئىمىرەمزىكام باشمالتىقىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، كالپۇكىنى يېپىۋالغان بۇرۇتىنى تۈزەشتۈرۈپ هاراقنى بىراقلا كۆتۈرىۋەتتى...

ئارىدا ئىمىرەمزىكام نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلىۋەتتى. مەن تەكەللۇپ يۈزىسىدىنلا بېشىمنى لىڭشىتىپ ئولتۇردۇم.

— ئۈچ پىيالە ئىچىۋەتسەممۇ قولىقىمدىن هېچ قاس چىقىرالمايدىغۇ بۇ هاراق، — ئىمىرەمزىكام بوتۇلكىنىڭ قاپ بېلىگە كېلىپ قالغان هاراققا قاراپ قويدى، — بۇدا بىرنى دۈۋىلەپ تۇرۇپ قويۇۋەتسىلە، قانداق قىلىدىكىن؟

مەن ئىچىمدە قانداقتۇر بىر خورلۇق هېس قىلىۋاتقان بولسامۇ بۇ «تۇغقىنىم»نىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، يەنە بىر پىيالە هاراق قۇيۇپ بەردىم. ئۇ بۇنىمۇ كۆتۈرۈۋېتىپ پىيالىنى ئالدىغا قويۇپ قويدى، ئارقىدىن تەخسىنى ئالقىنىغا قويۇپ، سەينىڭ گۆشلىرىنى چوكا بىلەن بۇرۇتىنىڭ ئاستىغا ئىتتىرىشكە باشلىدى. تەخسە بەش مىنۇتقا قالماستىن قۇرۇغدالدى.

مەن گەپ قىلماستىن بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ياپتىم. ئىمىرەمزىكام كۆزىنىڭ ئىچىگە بىر قاراۋېتىپ، يانچۇقىدىن يالتىراققا ئورالغان كاللەك بىر نېمىنى ئالدى-دە، ئۇنىڭدىن پۇرچاقتەك چوكلۇقتا ئۈزۈۋېلىپ قالغىنىنى يەنە يۆگەپ يانچۇقىغا سالدى. ئۈزۈپ ئالغىنىنى سېغىزغا ئوخشاش هېلىدىن هېلىغا سوزۇشقا باشلىدى.

— نېمە ئۇ؟ — مەن هەيرانلىقىمنى يوشۇرالمىدىم.

— نەشە! — ئىمىرەمزىكام پەخىرلىنىش تەلەپپۇزىدا جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ جاۋابى بىلەن بەدىنىم تىكەنلىشىپ، گېلىم بوغۇلدى، — هەيران بولۇۋاتىدىلا هە، ئابدۇسوپىراخۇن، — ئىمىرەمزىكام پىنەكچە يۆگەلگەن قەغىزدىگە نەشىنى ئۇۋۇتىپ سالغاچ داۋام قىلدى، —

مەن سىلىگە دەپ بەرسەم، بۇ نىشىنىڭ شىپالىقىنى سىلى بىلمەيلا، مۇنداقلا دېسەم، ھەتتاكى ھېلىقى دوختۇر دېگەن نېمىلەر بىلمەيدىغان كېسەللەرگىمۇ شىپا قىلىدۇ.

— ھەر ھالدا ھاراقتىن كېيىن بۇنى چەكسىلە...

— ھېچقىسى يوق ئۇكا، — ئىمىرەمزىدكام مەيدىسىگە مۇشتلاپ گەپ قىلىشقا باشلىدى، — مەيدىمىزدە ئىسسىقىمىز بار تېخى، ھەي ھوشۇرانىكا، ھەي ھوشۇرانىكا! سىلىنىڭ يوقلۇقلىرى بەك بىلىنىۋاتىدۇ-دە...

ئىمىرەمزىكامغا مانا ئەمدى ھاراق ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇ گەپنى راۋان قىلالمىغاندىن باشقا، مۇناسىۋەتسىز بىر گەپلەرنى ئۆزىچىلا قىستۇرۇۋالاتتى، تۇرۇپلا كۈلەتتى، ئۇ، ئەنە شۇنداق قىلىپ نەشىنىڭ ھەممىسىنى چېكىپ بولدى، ئۆي ئىچىنى بەدبۇي پۇراق قاپلاپ كەتتى. مەن بارلىق دەرتلىرىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ «قىممەتلىك» بۇ «پەتىچى» نى بىر ئامال-لاپ ئۇزۇتۇۋېتىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتاتتىم.

— ئۇكام ئابدۇسۇپىراخۇن، — دېدى ئىمىرەمزىكام بىردىن ئېسىنى يىغىپ، — مەن بارغۇ قارىسىلا، مۇندىن 30 يىل ئىلگىرى ھوشۇرانىكامدىن ئۈچيۈز كوي پۇل ئېلىۋېدىم، شۇنىڭدىن كېيىن سىلى بىلمەيلا جېنىم ئۇكام، بېشىمغا نۇرغۇن دەرت كەلدى، تۈرمىدىمۇ ياتتىم. خاكىدىمۇ ئىشلىدىم، ئەمما ئوغرىلىق قىلمىدىم، مىلىك تىرماشسامۇ تۆت تەڭگىگە ئېرىشەلمەي ھوشۇرانىكامنىڭ ئاشۇ پۇلىنى ئۆز قولىغا قايتۇرالمىدىم، مانا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە دۆمبەم ئازراق ئاپتاپ كۆرۈپ، قولۇمغا پۇل كىردى، لېكىن-زە ھوشۇرانىكام ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ھەر نېمە بولسىمۇ ئىزىنى باسقان سىلى بار ئىكەنلا، بولمىسا شۇ قەرز گەدىنىمدە قالاتتىكەن، مانا ئۇكام، ماۋۇنى ئاۋۇتۇپ بەرسەم بولاتتى، بىراق ئۇنداق قىلسام سىلى ئۇنىمايلا. شۇنداق بولسىمۇ ئۈچيۈز كوينى ساق تاپشۇرۇپ ئالسىلا، — ئىمىرەمزىكام چاپىنىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ قولۇمغا تۇتقۇزدى، ئاندىن ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋېلىپ داۋام قىلدى، — ئۇھ! 30 يىلدىن بۇيان مۇشۇ پۇل يەلكەمنى ئېغىر تاشتەك بېسىپ كەلگەنىدى، مانا ئەمدى بېنىكلەپ قېلىۋاتىمەن. مۇشۇ يېنىكلەپ قالغىنىم ئۈچۈن ئۇكام قېلىپ قالغان ئاۋۇ ھاراقنى قويۇۋەتسىلە، بۇدا قولاقتىن قاس چىقىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، ھۇ...شۇ...رانىكامنىڭ روھى خو...ش بۇ...لىدۇ دەيمەن ئابدۇ...سۇپىراخۇن...ھو! ھۆ ئى...ئى.

ئىمىرەمزىكام سۆزلەۋېتىپ جوزىنىڭ ئاستىغىلا قەي قىلدى. مەن يۈگۈرۈپ چىقىپ داسنى كۆتۈرۈپ كىردىم.

— ھې...چ...قىسى يوق ئۇ...كام، ھا...راقنى قويسىلا، قۇ...لىقىمدىن قاس چىقسىپ رە...مىتى ھوشۇرانىكامنىڭ رو...ھى خو...ش بولىدۇ...ھۆ! ھۆ ئى...

ئالدىمدىكى مۇنۇ پەتىچى تۇغقىنىم باياتىن يېگەنلىرىنى تۇسۇپ قالالمىدى، ئۇ ھەممىسىنى پاك-پاكىز ياندۇرۇپ بىر ئاز يېنىكلىۋالغاندىن كېيىن يەنە داۋام قىلدى:

— ئۇكام ئابدۇسۇپىراخۇن، ئادەم ئەجدادلىرىنىڭ نام شەرىپىنى ساقلاپ قالالىشى مۇمكىن، لېكىن مەن سىلىگە ئېيتىپ قويسام ئۆزىنىڭ قەدرىنى ساقلالىشى ناتايىن جۇمۇسىلا، ئەمما ئىنسان ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ساقلاش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كەملىك قىلىدۇ قارىسىلا، مەيلى سىلى نېمە دېسىلىمۇ مېنىڭ دەيدىغىنىم مۇشۇ...

مەسئۇل مۇھەررىر ئاللىمجان ئىسمايىل

Altun

ھۆرنىسا تۇردى

# گۈلبانۇم

(ھېكايە)

قاتتىق چارچىغان گۈلبانۇم ناھىيە بازىرىغا بىر كىلومېتىردىن كۆپرەك يول قالغاندا، ئازراق دەم ئېلىۋالماقچى بولدى.

ئۇ ۋېلسىپىتنى يول ياقىسىدىكى قېرى سۆگەتنىڭ تۈۋىگە توختىتىپ قويۇپ ئېرىق بويىغا كەلدى ـ دە، شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇدا قولىنى يۇيۇپ ئوچۇملاپ بىر نەچچە يۇتۇم سۇ ئىچتى. ئاندىن ھارغىنلىق بىلەن ئۇھ دەپ چوڭقۇر نەپەس ئالغاندىن كېيىن، شەبنەملىرى تېخى قۇرۇپ بولالمىغان ياپيېشىل چۆپ ئۈستىگە ئولتۇردى ۋە تارغىنىدە بۇ ئېرىقنىڭ زۇمرەتتەك سۈزۈك سۈيىنىڭ تۇرۇپ-تۇرۇپلا چۇرۇق-چۇرۇق قىلغاندەك، بىر خىل يەككىل سادا چىقىرىپ، گويا قىغىلىشىۋاتقاندەك ئويناقشىپ ئېقىشىنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى. سۈزۈكلۈكىدىن سۇنىڭ ئاستىدىكى ئۇششاق تاشلار، كۆپكۆك قۇم ھەتتا قۇمغا يېپىشىپ تۇرۇپ قالغان يوپۇرماقلارغىچە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ، «گۈلبانۇم!» دەپ چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلاپ بېشىنى بۇراپ قارىدى. «ھىممەت؟!» دەۋەتتى ئۇ پەس ئاۋازدا خۇددى بەدىنىگە بىر نەرسە سانچىلغاندەك ئەندىكىپ.

— ياخشىمۇسىز گۈلبانۇم؟ — دېدى يېڭىت ۋېلسىپىتتىن چۈشۈۋېتىپ ۋە ئۇنىڭغا قاراپ كەلدى.

گۈلبانۇم خۇشياقمىغاندەك سىزىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— قانداق ئەھۋالىڭىز؟ ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ مەھەللىدىكىلەر ئامانچىلىقتۇ؟ — ھىممەت ئارقا-ئارقىدىن ئامانلىق سوراپ يېقىنلاپ كەلدى.

— ياخشى، ھەممىيلەن ياخشى، — گۈلبانۇم سوغۇقلا جاۋاب بەردى.

— ئەتىگەندە بۇ يەردە ئولتۇرۇپ قاپسىزغۇ؟

— ھەئە، ناھىيىگە پىلانلىق تۇغۇت يىغىنىغا ماڭغانتىم.

— مۇنداق دەڭ. «پىلانلىق تۇغۇت» دېگەن گەپ بىزنىڭ بۇ يەرلەرگىمۇ يېتىپ كەپتۇ ـ دە! — دېدى ئۇ گۈلبانۇمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ، گۈلبانۇم ئاستا بويىنىنى تولغىدى، — ئۇنداقتا سىلەرنىڭمۇ خىزمەتلىرىڭلار ئازىيىپ، ئارام ئېلىپ قالغۇدەكسىلەر ـ دە؟

گۈلبانۇم ئۇنىڭ قەستەن گەپتە چىقىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، جاۋاب ئورنىدا ئۇنىڭغا مەنىستىمىگەن نەزەردە بىر قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ چىققاستىن ۋېلسىپىت تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ھېمىت ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ بىر قىسما كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى:

— خوش ئەمىسە، قوشئۆستەڭدە كۆرۈشەرمىز.

ئۇ، ۋېلىسىپىتنى مىنىپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان گۈلبانۇمغا قاراپ ئەلەم بىلەن ئېغىر تىنىپ تۇرۇپ قالدى.

گۈلبانۇم بولسا، يولنىڭ ياخشى - يامان يەرلىرىگىمۇ پەرۋا قىلماي، پېدالنى غەزەپ بىلەن تېپىپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. «دېمەك، قوشئۆستەڭگە مېڭىپتۇ-دە، بۇ نېمە! ناھىيىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلە - كەلمەي ئاشۇنىڭغا ئۇچراپ قالغىنىمنى قارىمامدىغان! - دەپ ئويلىدى ئۇ زەردە بىلەن، — بىر ھېسابتا ئۇنىڭ ناھىيىدە بولمىغىنىمۇ ياخشى بولدى. بولمىسا، ئارقامدىن سايىدەك ئەگىشىپ، بەزىبىر ئىشلارنى ئېنىقلىۋېلىشىمغا توسقۇن بولاتتى. پىلانلىق تۇغۇت ھەققىدە يىغىن بار، دېگەن گەپنىڭ بىردىنلا تىلىمغا كېلىپ قالغىنى ھەجەپمۇ ياخشى بولدى - دە، شۇنداقتىمۇ ھەر ھالدا ئېھتىيات قىلغىنىم تۈزۈك، شەھەرگە تېزرەك ماڭاي. خەپ، ھېمىت! قېنى، ھازىرچە كېرىلىپ يۈرۈپ تۇر.»

گۈلبانۇم ناھىيىدىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، ۋېلىسىپىتنى يېقىن بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىگە تاشلاپ، ئالدىراپ بېكەتكە كەلدى. شەھەرگە ماڭىدىغان كىرا ئاپتوبۇسى ئادەمگە لىق تولغان بولۇپ مېڭىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ كېلىپلا ئاپتوبۇسقا چىقتى.

*　　*

گۈلبانۇم قوشئۆستەڭ يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، تولۇقسىز ئوتتۇرىغا چىققان يىلى دادىسى ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ، مەكتەپتىن كېلىپلا ئانىسىنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغا، ھەتتا يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە باقماي ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغىمۇ قارىشىدىغان بولدى. ئۇ كەمتەر، سەممىمىي قىز بولغاچقا ھەممە ساۋاقداشلىرى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇ ھەممىسى بىلەن ئىناق ئۆتەتتى. پەقەت بىرلا ساۋاقدىشى ھېمىت بىلەن چىقىشالمايتتى. ھېمىت شەھەرلىك بىر دورىگەر كىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى شەھەر ئاھالىسىنى تارقاقلاشتۇرۇش ۋاقتىدا قوشئۆستەڭگە چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى. ھېمىت تولۇقسىز ئوتتۇرىدا گۈلبانۇم بىلەن ساۋاقداش بولۇپ ئوقۇدى. ئۇ، ئۆكتەم، چىدەلخور بالا بولۇپ، مەكتەپتە قىزلارنى تولا بوزەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ بىزەڭلىك قىلىپ سەت چاقچاق بىلەن جىلە قىلاتتى. بىر نېمە دېسە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى. شۇڭلاشقا گۈلبانۇملا ئەمەس، قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئۆچ ئىدى.

تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ھېمىت ناھىيىدە ئىشلەيدىغان ئاكىسىنىڭ ياردىمىدە ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كەتتى. گۈلبانۇم بولسا، يېزىدا قېپقالغانىدى. كېيىن، ناھىيىدە ئېچىلغان ئالتە ئايلىق تىببىي كۇرستا ئوقىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ، قوشئۆستەڭدە ئاكۇشېركا بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتاتتى.

ھېمىت تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قوشئۆستەڭ باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئورۇنلاشتى - دە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەھەللە-كويدا كېرىلىپ، «سەن ئەمەس مەن» بولۇپ يۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن گۈلبانۇمنىڭ چىشى قېرىشىپ، بىر يەرلەردە ئۇچراپ قالسا كۆرمەسكە سالاتتى، ئىلاجى بار ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى. ھىممىت بولسا گۈلبانۇمغا قانات سۆرەپ، ئەپ تاپسىلا ئالدىنى توسۇپ، تېتىقسىزلىق بىلەن مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ جېنىغا تېگەتتى.

بىر كۈنى كەچ گۈلبانۇم مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ مۇنداق بىر ۋەقەگە دۇچ كېلىپ قالدى:

ئۇ تۇغۇتىغا بارغان ئايالنىڭ تۇغۇتى ئوڭۇشلۇق بولماي، ۋاقىت ئۇزىراپ كەتتى، ئاخىر خۇپتەن ۋاقتى بىلەن ئىشنى تۈگىتىپ، خوشلىشىپ ماڭدى. مەھەللە ئىچى جىمجىت ئىدى. تۇيۇقسىزلا ئارقا تەرىپتىن شىپىرلىغان بىر شەپە ئاڭلانغاندەك بولدى. گۈلبانۇمنىڭ تېنى شۈركىنىپ، ۋۇجۇدىنى تىترەك باستى. ئۇ قەدىمىنى تېزلىتىپ بىر نەچچە قەدەم ماڭغۇچە، يېنىدىلا يالت قىلىپ تاماكا ئوتى كۆرۈنۈپ قالدى.

— كىم؟ — سورىدى گۈلبانۇم ئەنسىز ئاۋازدا.

— ھە، گۈلبانۇممۇ سىز؟ — دېدى تونۇش بىر ئاۋاز.

گۈلبانۇم بۇ تونۇش ئاۋازدىن خۇددى ھەرە چېقىۋالغاندەك ئەندىكىپ كەتتىدە، بىردىنلا پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇزدەك تەرگە چۆمۈلدى. ئۇ ئىتتىك مېڭىشقا باشلىدى.

— نېمە ئانچە ئىتتىك ماڭىسىز، بىللە ماڭايلى، ئۆيىڭىزگىچە ئاپىرىپ قويىمەن.

— رەھمەت، ئۆزۈممۇ كېتەلەيمەن.

— ۋاي-ۋۇي، نېمانچە قاچىسىز، ساۋاقداشلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ئۇنچىۋالا قىسىپ كەتمەڭ.

— ھىممىت، ئارتۇق گەپنىڭ پايدىسى يوق. يولىڭىزغا مېڭىۋېرىڭ.

— گۈلبانۇم، ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈۋاتقانسىز، بىزنىڭمۇ سايىمىزغا قاراپ يۈرگەن قىزلار ئاز ئەمەس. بىراق، «تالادا مىڭ كىشى، كۆڭۈلدە بىر كىشى» دېگەندەك، ماڭا سىزدىن باشقا ھېچكىم يارىمايدۇ. ئوبدان بىلىسىز، مەن نامەرتلەردىن ئەمەس. ئەگەر ھەر قانداق بىر ئىشقا ھاجىتىڭىز چۈشسە، قولۇمدىن كەلگەن ياردىمىمنى ئايىمايمەن، سىز ئۈچۈن جېنىم كەتسىمۇ مەيلى جۇمۇ! — ھىممىت شۇنداق دېگىنىچە غالداڭلاپ كېلىپ قىزنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— قولۇمنى قويۇۋەت، ئۇياتسىز، بولمىسا ۋارقىرايمەن، شەرمەندە بولىسەن.

— نېمە دېسىڭىز دەڭ، جېنىم گۈلبانۇم، گېپىمنى ئاڭلاڭ، — ئۇ تېخىمۇ يېپىشتى. قىز ئۆزىنى ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرماق بولۇپ يۇلقۇناتتى.

دەل شۇ پەيتتە، بىر كۈچلۈك قول كاپ قىلىپ ھىممىتنىڭ گەجگىسىدىن قاماللىۋالدى. شۇئان ھىممىتنىڭ قىزنى تۇتقان قولى بوشاشتى.

— نېمە قىلماقچىسەن ھىممىت! بۇ نېمە قىلغىنىڭ!؟

ھىممىت بويىنى قىيپاش بۇراپ ھومىيىپ قارىدى ۋە:

— ئەنۋەر؟! سەن نېمە قىلماقچى، تارت قولۇڭنى! مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! بولمىسا، ھېلى بىكا... — دېدى.

— بولمىسا نېمە قىلسەن؟ — ئەنۋەر ئۇنىڭ ئالابالداق كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن تارتىپ چىڭ سىقتى.

ھېمىت سەل پەستىكارىغا چۈشتى.

— ئەنۋەر، ئىككىمىزنىڭ ھېچقانداق ئاداۋىتىمىز يوق. مەن گۈلبانۇمغا ئۆز كۆڭلۈمنى چۈشەندۈرۈۋاتسەن، بۇ بىزنىڭ ئىشىمىز، بىز دېگەن ساۋاقداش...

— كۆڭلۈڭنى چۈشەندۈرسەڭ يولدا ئىش قىلمامسەن؟ مۇنداق كېچىدە، يەنە تېخى مەست ھالەتتە ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇساڭ بولامدۇ؟

ھېمىت پۇشۇلدىغىنچە ئەنۋەرگە تازا بىر گۈلىيىپ قاردى - دە، ئاندىن گۈلبانۇمغا قاراپ سەت بىر ھىجىيىپ دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

ئەنۋەر بىلەن گۈلبانۇم ھېمىتنىڭ ئارقىسىدىن بىر پەس قاراپ تۇرۇشتى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن، ئەنۋەر گۈلبانۇمنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويماقچى بولۇپ ماڭدى. ئىككىيلەن يولبويى پاراڭلاشمىدى. پەقەت دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندىلا ھەر ئىككىسى ئىختىيارسىز ھالدا بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى. بىر پەستىن كېيىن گۈلبانۇم ئېسىنى يىغىپ، سەل خىجىللىق ھېس قىلىپ قالدى - دە، دەرھال:

— رەھمەت سىزگە ئەنۋەر. ئاۋارە قىلدىم، — دېدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزى تولىمۇ يېقىملىق ئىدى. — بېشىڭىزنى يەيدىغان لۈكچەك، ھەجەبمۇ سەت ئىش قىلدى، خاتا چۈشىنىپ قالماڭ يەنە!

— ھېچگەپ يوق، ئۇ مەستكەن، سىزمۇ كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ.

— خوش ئەمىسە، رەھمەت سىزگە! — گۈلبانۇم ئۆرۈلۈپ ئۆيىگە ماڭدى. لېكىن، بوسۇغىدىن پۇتىنى ئېلىپ بولۇپ، ئارقىسىغا قارىدى. ئەنۋەر جايىدا قىمىر قىلماي تۇراتتى. ئۇ قىزنىڭ قاراۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا يۈرۈپ كەتتى.

شۇ ئىشتىن كېيىن گۈلبانۇمنىڭ روھى ھالىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى: دائىم ئەنۋەرنى ئويلايدىغان، ئۇنى كۆرسە يۈرەكلىرى ئويناپ، ھاياجاندىن يۈزى ھۆپپىدە ئوت ئالىدىغان، بىرەر كۈن ئۇچرىتالمىسا سېغىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بارغانسېرى رىشتىنىڭ ئەنۋەرگە باغلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنى چىن قەلبىدىن ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ ئەنۋەرنىڭمۇ ئۇزۇنىدىن بىرى ئۆزىگە كۆز سېلىپ يۈرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ يۈرگەن بولسىمۇ، كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشقا ئەپلىك پەيت تاپالماي، تاپسىمۇ جۈرئەت قىلالماي كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

ئەنۋەر تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا دادىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەمچى بولدى. ئۇنىڭ دادىسى ئاغرىقچان ئادەم بولۇپ، ئەنۋەردىن باشقا ئوغلى بولمىغانلىقتىن، ئەنۋەر ئامالسىز ئوقۇشتىن توختاپ قالغانىدى. كېيىن ئۇ ئۆزلۈكىدىن تراكتور ھەيدەشنى ئۆگىنىۋالدى. ھازىر ئىشلەپچىقىرىش ئەتىرىتىنىڭ تراكتورچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى.

* *

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. ئەنۋەر بىلەن گۈلبانۇم بەختلىك ئائىلە قۇرۇۋالدى. بۇلارنىڭ ئىناق ئائىلىسىگە ھەممىسىنىڭ زوقى كېلەتتى. بولۇپمۇ گۈلبانۇم ئۆز بەختى-

دىن ئىنتايىن خۇشال ھەم رازى ئىدى.

شۇنداق كۆڭلەرنىڭ بىرىدە خۇددى كۆز تەگكەندەك قارا بۇلۇت بۇلارنىڭ ئائىلىسى ئۈستىگە سايە تاشلىدى.

بىر كۈنى ئۇلار كەچلىك تاماق ئۈستىدە ئولتۇرۇشاتتى. تۇساتتىن ھويلىغا بىر توپ ئادەم كىرىپ كەلدى. ئەنۋەر ئۇلارنىڭ ئەلپازىغا قاراپ، سەل ھودۇققان ھالدا ئورنىدىن تۇردى - دە، چاندۇرماستىن خۇش مۇئامىلە بىلەن ئۇلارنى قارشى ئالدى:

— كېلىڭلار، قېنى، داستىخانغا كېلەيلى.

— بولدى. بىز سېنىڭ لەگمىنىڭنى يېگىلى كىرمىدۇق. بىز بىلەن ماڭ! — دېدى ئېگىز، قاتاڭغۇر كەلگەن 26-27 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت، ئۇ قوغداش بۆلۈمىنىڭ خادىمى ئىدى.

ئەنۋەر تېخىمۇ ھودۇقۇپ كەتتى.

— نېمە ئىش بولدى؟ ھەر قانچە بولسىمۇ داستىخانغا كېلىڭلار، — دېدى گۈلبانۇم ھەيرانلىق ئىلكىدە.

— بىز ئالدىرايمىز، — دېدى ئۇ گۈلبانۇمغا سوغۇق قاراپ، ئاندىن ئەنۋەرگە بۇيرۇق قىلدى، — ماڭ!

ئەنۋەر ئايالىغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ كۈلۈمسىرەپ، «خاتىرجەم بول، ھېچگەپ يوق» دېگەن مەنىدە باشى ئىرغىتىپ قويۇپ، ئۆزىنى مەغرۇر، تۇتۇپ چوڭ - چوڭ قەدەم ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى.

گۈلبانۇم ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن دەرۋازا سىرتىغىچە ئەگىشىپ چىقتى ۋە ئۇلارنىڭ قارىسى يۈتكۈچە كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ئېقىۋاتقان ياشنى سەزمىگەن ھالدا قاراپ قالدى.

قاراڭغۇ چۈشتى. ئەنۋەر قايتىپ كەلمىدى. گۈلبانۇم ئەنسىرەپ ئولتۇرالماي قالدى - دە، ئاخىرى قوغداش بۆلۈمىگە ماڭدى.

ئۇ كېتىۋېتىپ ئويلايتتى: «ئەجەب بىر ئىش - ھە؟! خۇددى جىنايەتچىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىپ ئېلىپ مېڭىشتا! كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى بېشىڭنى يېگۈر ھىممىتىنى كۆرگەندەك قىلدىم. ئۇ تاماشا كۆرگەندەك بىر چەتتە كېرىلىپ تۇراتتى... بۇنىڭدا چوقۇم بىر جىن بار، قېنى، بارغاندا بىلىمەنغۇ...»

گۈلبانۇم قوغداش بۆلۈمىنىڭ ھويلىسىغا كىرگەندە، ئىككى ئادەم تامغا يۆلىنىپ پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى.

— كېلىپ قاپسىزغۇ گۈلبانۇم؟ — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى. گۈلبانۇم توختى دېگەن بۇ ئادەمنى تونۇيتتى.

— ئەنۋەرنى چاقىرىپ كېتىشكەندى، تېخىچە ئۆيگە بارمىدى، نېمە ئىش بولدىكىن دەپ كېلىۋىدىم، — دېدى گۈلبانۇم ئۇلارغا سالام بەرگەندىن كېيىن.

— نېمە ئىش بولغىنىنى بىزمۇ ئۇقالمىدۇق. ئەھۋالدىن **قارىغاندا** بۈگۈن قايتالمايدىغان ئوخشا**يدۇ**. سىز قايتىپ كېتىپ، خاتىرجەم ئۇخلاڭ، قورققۇدەك ئىش بولماس.

— توختىكا، جېنىم توختىكا، نېمىشقا قايتمايدۇ؟ ئوچۇقراق گەپ قىلىسىلىچۇ، خۇش بوپ كېتەي، — دېدى گۈلبانۇم ئىنتايىن جىددىيلەشكەن ئەلپازدا ئۇلارغا يالۋۇرۇپ. شۇ چاغدا تاشقىرىدىن گۈدۈڭشىغان ئاۋاز كەلدى.

— ئۇلار كېلىۋاتىدۇ، سىز خاپا بول-

ماي نېرىراق كېتىلىڭ. بىكار بىز بالاغا قالمايلى.

— شۇنداق قىلىڭ. چاققان كېتىڭ سىڭلىم، بىزنى ئاياڭ، — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— ئۇلار دېگەنلىرى كىملەر؟ — دېدى گۈلبانۇم پەس ئاۋازدا.

— كىم بولاتتى، پازىللار - دە.

گۈلبانۇم پازىلنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ئۇلاردىن يىراقلاپ تام تۈۋىگە ئۆزىنى ئالدى.

پازىل يېزىلىق قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ، تۈز كۆڭۈل، نىيىتى دۇرۇس ئادەم ئىدى. لېكىن مۇئامىلىدە قوپالراق، كەسكىن، دائىم قاپىقىنى تۈرۈپ، ئېچىلماي يۈرىدىغان يىگىت ئىدى. شۇڭا گۈلبانۇم سۈر باسقاندەك بولىدى - يۇ، ئەمما ئۆزىنى دەرھال بېسىۋېلىپ، نېمە كۆرسەم كۆرەي، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، دېگەن نىيەتتە ئۇلار تەرەپكە ماڭدى.

— كىم؟ — دەپ سورىدى پازىل گۈلبانۇم تەرەپكە قاراپ.

— مەن، — دېدى گۈلبانۇم پەس ئاۋازدا.

پازىل بىر سېكۇنتتەك توختاپ، ئاندىن گەپ قىلماي ئىشخانىغا قاراپ ماڭدى. باشقىلارمۇ ئارقىسىدىن بىللە كىرىپ كېتىشتى.

گۈلبانۇم ئۇلارنىڭ گەپمۇ قىلماي كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ يىغلىۋېتەيلا دەپ قالدى. چۈنكى، ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى گۈلبانۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن سالاملىشىدىغان ئادەملەر ئىدى. تېخى يېقىندىلا پازىل مىڭ بىر خۇشامەت بىلەن ئۇ-نى ئايالىنىڭ تۇغۇتىغا چاقىرىپ كەلگەنىدى، بىر يەردە كۆرسە ھالى قالمايتتى. بۈگۈن ئۇلارنىڭ بىردىنلا مۇنداق يۈزسىزلىك قىلىشىغا ئىنتايىن خورلۇقى كەلدى - دە، ئاچچىقى بىلەن ئۇسسۇپلا ئىشخانىغا كىردى...

گۈلبانۇم ئىنتايىن روھسى چۈشكەن، ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا كارىۋاتقا ئۆزىنى ئېتىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

مەلۇم بولدىكى، ئەنۋەر ناھىيىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى شىركىتىدىن خىمىيىۋى ئوغۇت يۆتكىگەندە، تۆت توننا ئوغۇتنى باشقا يېزىدىكى دېھقانلارغا يۇقىرى باھادا سېتىپ، شۇ پۇل بىلەن تويىنى باياشات ئۆتكۈزۈۋاپتۇمىش. ھازىر ئەنۋەرنىڭ ئوغۇت ساتقان دۆلەرگە يېزىپ بەرگەن ھۆججىتى پاش بوپتىمىش. قوغداش بۆلۈم يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ، ئەۋەتكەن ئالاقىغا جاۋاب كەلگۈچە ئەنۋەر تۇتۇپ تۇرۇلماقچىمىش.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەنۋەرنىڭ ناھىيىگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكى مەلۇم بولدى.

ئاردىن ئۈچ ئاي ئۆتتى. گۈلبانۇم كۈندىن - كۈنگە ياداپ، روھى - كەيپىياتى چۈشكۈنلىشىپ، كىشىلەرگە كۆرۈنۈشتىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بېرىپ ھال - ئەھۋال ئېيتىپ يىغلاپ باقتى. ئەمما تۈزۈك جاۋاب ئالالمىدى. قانداقتۇر بۇ غەلىتە «ئوغرىلىق ئەنزىسى» نىڭ جاۋابكارلىقى ئەنۋەرگە ئارتىلىپ قالغىنىنى ئۇ زادىلا ئەقلىگە سىغدۇرالمايۋاتاتتى. كېچىلىرى كىرپىك قاقماي ھەسرەت بىلەن زارلىناتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*  *

تۈن نىسپى مەزگىل ئىدى. ئىشىكنىڭ بوش ئەمما جىددىي چېكىلىشىدىن ئەندىكىپ ئويغانغان ئامىنە چوڭ ئانا بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇلاق سالدى. ئۆي جىمجىت. پەقەت بوۋاينىڭ گاژ - گۇژ ئارىلاش خورەكىدىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى. ئۇ ياستۇققا باش قوياي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك يەنە چېكىلدى.

— كىممۇ؟

— مەن، ئامىنە چوڭ ئانا، — دېدى بىرسى. موماي بۇ ئاۋازنى تونىدى. ئۇ قوشنىسى روشەنگۈل ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئالمان - تالمان ياستۇقنىڭ يېنىنى سىپاشتۇرۇپ، سەرەڭگىنى تاپتى - دە، چىراغنى ياندۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى.

— روشەنگۈلمۇ سەن بالام؟

— مەن بولالمىدىم چوڭ ئانا...

موماي سەرەڭگە يېقىپ ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدى. ئۇنىڭ ھالى پەرىشان ئىدى. كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئېقىۋاتاتتى. قولتۇقىدا كىچىككىنە بىر بوپىسىمۇ بار ئىدى. موماي ئۇنىڭ ئەپتىدىن ئەھۋالنى چۈشەندى - دە، دەرھال ئۆيگە باشلاپ چىراغ ياقتى.

— بالام، ئىمىن ئۆيدە يوقمىدى؟ — سورىدى موماي ئۇنى ئىچكىرى ئۆيگە باشلاۋېتىپ.

— بار، لېكىن غەرق مەست. بىر ياققا كېتىپ ھېلىقى ھىممەت دېگەن ناكەس بىلەن ئۆلگۈدەك ئىچىپ كەپتۇ. ئىككىسى خۇدىنى بىلمەي يېتىشىدۇ، ماڭا قارىغۇچىلىكىمۇ يوق، — دېدى روشەنگۈل.

موماي ئۇنىڭغا قاراپلا تۇغۇت ۋاقتىنىڭ توشۇپ قالغانلىقىنى بىلدى.

ئۇ روشەنگۈلنى ياتقۇزدى - دە، ئۆزى بىلگەن ئۇسۇل - چارىلەر بىلەن ئىشقا كىرىشتى. بىراق خېلى ئۇزۇن ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، ئىش ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمايۋاتاتتى. بالا تەتۈر كېلىپ قالغانىدى. روشەنگۈل قىينىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايى قەغەزدەك ئاقىرىپ، كالپۇكلىرى كۆكىرىپ كەتتى. پۇت - قولى مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋالدىن موماي ئەنسىرەپ قالدى. ئاخىر چىقىپ بوۋاينى ئويغاتتى:

— قوپسىلا، خۇدالىق ئۈچۈن چاققان بولسىلا، گۈلبانۇمنى چاقىرىپ كەلسىلە، مەن ئامال قىلالمىدىم. ئەھۋال يامان، — دېدى ئۇ بوۋاينى ئىرغىتىپ.

بوۋاي دەرھال كىيىندى - دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. موماي بىچارە روشەنگۈلنىڭ نالىسىگە چىدىماي تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ئېچىنىپ ئىمىننى قارغايتتى:

— خۇدا جازاڭنى بېرەر! ئېشەكنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچىپ خوتۇن بىلەن كارىڭ يوق. ئاخىر بىر كۈن ھاراقتا ئۆلەرسەن جۇۋاينىمەك! لەنەت سەندەك ئوغۇل بالىغا! خۇدايىم ئاشۇنداق مەرەزلەرگە نېمىشقىمۇ پەرزەند بېرىدىغاندۇ...

شۇ ئەسنادا بوۋاي گۈلبانۇمنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. گۈلبانۇم روشەنگۈلنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، شۇ ھامان بىر ئوكۇل ئۇردى. ئاندىن ئۇياق بۇياققا ھەرىكەتلەندۈرۈپ بىر ھازا ھەپىلەشتى. ئىش ئوڭغا تارتىپ، روشەنگۈل تاڭغا يېقىن ئامان - ئېسەن بوشىنىۋالدى.

روشەنگۈل يېڭى دۇنياغا كۆز ئاچقان قىزىنى يېنىغا ئېلىپ ياتقانىدىلا، ئاندىن

ئۆي. ئىچىدىكى جىمجىتلىق بىسىلىپ، ھەممەيلەننىڭ چىرايىدا خاتىرجەملىك ئەكس ئەتتى. روشەنگۈلنىڭ نالىسى بىسىلغان بولسىمۇ، ئەمما كۆزلىرىدىن تارامالاپ ياش قۇيۇلۇپ تۇراتتى.

— نېمە بولدۇڭ قىزىم؟ يىغلاۋاتىسەنغۇ، يەنە ئاغرىۋاتامسەن؟ — دېدى موماي تورۇسقا تىكىلگىنىچە ئوكسۇپ ياتقان روشەنگۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ.

روشەنگۈل بېشىنى چايقىدى.

— ئەمىسە نېمىشقا يىغلايسەن؟ ئېرىڭدىن خاپا بولۇۋاتامسەن-يە؟ ھېچقىسى يوق. ھازىر ياشلىق قىلدۇ، ئاستا-ئاستا تۈزىلىپ قالىدۇ. كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئېغىر يۈكتىن يەڭگىۋالدىڭ.

— ياق، چوڭئانا، — دېدى روشەنگۈل زەئىپ ئاۋازدا، — ئۇزۇندىن بېرى مېنى ئازابلاپ كېلىۋاتقان يەنە بىر ئېغىر يۈك بار...

— ۋاي خۇدايىمەي، نېمە دەيدىغانسەن، يەنە قانداق يۈك ئۇ؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى موماي.

روشەنگۈل بىردە مومايغا، بىردە نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقان گۈلبانۇمغا مۆلدۈرلەپ قارىدى.

— مەن قايتاي، سىز ئوبدان دەم ئېلىڭ روشەنگۈل، — دېدى گۈلبانۇم سومكىسىنى مۈرىسىگە ئېلىۋېتىپ.

— ئالدىرىماڭ قىزىم. بىللە چاي ئىچىمىز. بۇنداقلا كەتسىڭىز قانداق بولىدۇ، — دېدى موماي گۈلبانۇمنى توسۇپ.

— شۇنداق قىلىڭ گۈلبانۇم، مېنىڭ سىزگە دەيدىغان جىق گەپلىرىم بار، مۇشۇ باھانىدە سىز بىلەن ئازراق مۇڭدىشىۋالاي، — دېدى روشەنگۈل ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— ھە، شۇنداق بولسۇن، مەن چاي تەييارلاي، سىلەر ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ تۇرۇڭلار، چاي ھازىرلا تەييار بولىدۇ، — دېدى-دە، موماي چىقىپ كەتتى.

روشەنگۈل گۈلبانۇمنى يېقىن ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. گۈلبانۇم ئۇنىڭ ياستۇقى يېنىغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى. روشەنگۈل ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ سۆزىنى باشلىدى:

— سىز بىلەن زادىلا ئەپلىك بىر يەردە ئۇچرىشالمىدىم. سىزگە ئېيتىدىغان مۇھىم گەپلىرىم بار ئىدى. بۇ دەيۈز مېنى كىشىگە قوشمايدۇ. يە بىر يەرگە بارغۇزمايدۇ. شۇڭا سىزنى ئىزدەپ چىقالمىدىم. ئۇزۇندىن بېرى يۈرىكىمنى قۇرت بولۇپ غاجىلاپ، ئارام بەرمەي كېلىۋاتقان بىر ئىش بار. ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىرسىگە تىنماي سالماڭ، ئۆزىڭىزلا بىلىپ قېلىڭ. بولۇپمۇ ئىمىن بىلىپ قالمىسۇن. بولمىسا ئۇ گۆيىنىڭ قولىدا ھارام ئۆلۈپ كېتىمەن...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ گۈلبانۇم سەل سەگەكلەشتى ھەم ئۇنىڭ كۆڭلىگە مەدەت بەرمەكچى بولۇپ:

— خاتىرجەم بولۇڭ روشەنگۈل، مەنمۇ بىر ئەقىل ئىگىسى. ھېچقاچان سىز خاپىلىق تارتىدىغان ئىشنى قىلمايمەن. ماڭا ئىشىنىڭ، ھەرگىز ئەندىشىدە بولماڭ، — دېدى ئۇ سەممىيەت بىلەن.

روشەنگۈل ئىشىك-دېرىزىگە بىر قارىۋېتىپ، ئاستا ياستۇققا يۆلەندى-دە، ئۆزىنى ئوبدان توختىتىۋېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— كۆز ئايلىرى ئىدى. بىر كۈنى كەچكە يېقىن مەھەللىدە كىنو قويۇلىدىكەن

دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، كەچلىك تاماقنى بالدۇر تەييارلىدىم. ئىمىنمۇ بالدۇر كېلىپ تاماقنى يېدى-دە، نەگە بارىدىغانلىقىنى دېمەيلا چىقىپ كەتتى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كىنونىڭ ۋاقتىمۇ بوپقالدى. لېكىن ئىمىن قايتىپ كەلمىدى. مەن ئۇنى كۈتتۇم. ھەتتا دەرۋازا تۈۋىگە چىقىپ ئۇنىڭ يولىغا نەچچە قېتىم قارىدىم، ئۇ كەلمىدى. قوشنىلار بىلەن كېتىۋېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. كىنومۇ باشلىنىپ كەتتى. ئاي دالادا قويۇلۇۋاتقان كىنونىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرغانلىقتىن ئىچىم تىت-تىت بولۇپ كەتتى. كىنو يېرىملاشقىچىمۇ ئىمىن كەلمىدى. ئاخىرى، ئاچچىقىمدا قېيداپ ئورۇننى سالدىم-دە، ئىشىكنى ئېلىپ يېتىۋالدىم. كۆزۈم ئەمدىلا ئۇيقۇغا مېڭىۋىدى، ئىشىك «تىرىق» قىلىپ قالدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئىشىككە قارىدىم. قوشقاناتلىق ئىشىكنىڭ ئارىلىقىدىن بىر قول كىرىپ زەنجىرنى قاغاتۇمشۇقتىن ئاۋايلاپ ئېلىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ مېنى بىردىنلا قورقۇنچ باستى. ئەسلىدە ئىمىن بىر يەردىن كەچ كەلسە ئىشىك تۈۋىگە كېلە-كەلمەي «روشەن!» دەپ توۋلايتتى ياكى ئىشىكنى ئۇراتتى، مەن قورقىنىمدىن بېشىمنى يوتقانغا تىقىپ، ئاستىرتتىن قاراپ ياتتىم. شۇ ئەسنادا ئىمىن ئىشىكنىڭ ئىككى قانىتىنى ئىككى قولىدا ئېھتىيات بىلەن ئىتتىرىپ ئۆيگە كىردى-دە، ئۆي ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ «كىر» دېگەن ئىشارىنى قىلدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا ھەيران بولدۇم-دە، پىلىكى پەس چۈشۈرۈپ قويۇلغان لامپىنىڭ غۇۋا يورۇقىدا دىققىتىمنى يىغىپ ئوبدان سەپسالدىم. غەلىتە بىر ئادەم خۇددى مايمۇندەك بوسۇغىدىن لىككىدە ئاتلاپ كىرگەن پېتى ئىچكىرىسكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئىمىن لامپىنى ئېلىپ پىلىكىنى كۆتۈرگەچ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ كەتتى.

مەن شۇ زامات بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ياستۇققا جەينەكدەپ تۇرۇپ ئۆي ئىچىگە قۇلاق سالدىم.

— خوتۇنۇڭ تۇيمىغاندۇ؟ — دېدى نامەلۇم بىر ئاۋاز.

— ياق، تۇيمىدى. تۇيسىمۇ ھەددى ئەمەس. خاتىرجەم بول. — بۇ ئىمىننىڭ ئاۋازى ئىدى.

— بىر قاراپ باقە، — دېدى يەنە ھېلىقى نامەلۇم ئاۋاز.

ئىمىن پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ تاشقىرقى ئۆيگە چىقتى ۋە بېشىمغا كېلىپ سىنچىلاپ قارىدى. ئاندىن ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى كۆرۈپ بېقىپ كىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا مەن ئاللىقاچان «قاتتىق ئۇخلاپ» كەتكەنىدىم.

— ھېچقانداق شەپە يوق. ئۇمۇ ئۇخلاپ قېتىپ كېتىپتۇ، — دېدى ئىمىن.

ئۇ كىرىپ كېتىشى بىلەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قۇلاق سالدىم. ئىچكىرى ئۆيدە بىر ھازاغىچە پىچىرلىشىش ۋە شىرىق-شىرىق ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇردى. ئۇ شىرىق-شىرىقلار خۇددى ساناۋاتقان پۇلنىڭ شىرىقلىشىغا ئوخشايتتى. ئىختىيارسىز ھالدا ۋۇجۇدۇمنى بىرخىل ئەنسىزلىك چۇلغىۋالدى. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كېتىۋاتاتتى.

— بۇ ئىككى توقماقنى ئۇياققا سۈڭگۈتلى، قالغىنى ئىككىمىزگە تەڭ بولسۇن، قانداق؟ — دېدى ھېلىقى نامەلۇم كىشى.

— سەن نېمە دېسەڭ شۇ ئاداش.

ئىشقىلىپ ھېلىقى ساقچى ئاداشنى ئوبدانراق خۇش قىلىپ قويايلى. ئۇنىڭ كۈچى بىلەن جىق ئىشلىرىمىز بېسىلىپ كەتتى. بولمىسا ئاللىقاچان ئۆزىمىزنى قاراڭغۇ ئۆيدە كۆرەتتۇق، — بۇ ئىمىننىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ۋاي-ۋۇي، ئەجەبمۇ شۇم ئېغىز نېمىكەنسەن. يۈرىكىمنى چوڭراق تۇتە. ئۆتكەن قېتىممۇ ھېلىقى ئوغۇتنىڭ پۇلىدىن ئىككى توقماقنى ئالدى. ئايدا ئازغىنە مائاش ئالىدىغان بىر ئايلىقچى ئۈچۈن ئىككى مىڭ ئاز پۇلمۇ؟ ئەخمەق!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم. «ھە، ئىككى توقماق دېگىنى ئىككى مىڭ سومكەن-دە. ياﺋاللا! بۇ قانداق ئىش؟! بۇنچىلا جىق پۇلنى نەدىن ئالغاندۇ؟»

— ئۆتكەن قېتىمقىنى ھېلىقى پايەندىكى ئاداشقا بەردۇق دېمىدىڭمۇ؟

— ئۇنىڭغا ئۆزۈمگە تېگىشلىكىنىڭ يېرىمىنى بېرىۋەتتىم ئەمەسمۇ. ئۇنىڭ چۆنتىكىگىمۇ ئاز كىرمىدى. شۇڭلاشقا ئەنۋەر پاڭقاينىڭ خوتۇنى ئۇياق-بۇياققا چېپىپ، يىغلاپ ھال ئېيتىپمۇ بىزنى ھېچنېمە قىلالمىدى. بۇمۇ ئەشۇ كاللەك-كاللەك پۇلنىڭ كۈچى. ئەمدى ئۇ، گەپ يوق بىرقانچە يىلغا كەتتى دېگىنە...

— ھەي، ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئاشۇ ئىشتىن مەن ھازىرغىچە ئەنسىرەپلا يۈرۈۋاتىمەن. نېمىشقا دېسەڭ، ئوغۇتنى ئالغانلارغا ھۆججەتنى ئەنۋەرنىڭ نامىدىن بەردۇق. ئۇلار بىزنى تونۇمىغاچقا ھازىرغىچە ئىسى چىقمىدى. ئەگەر يۈزلەشتۈرىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا رەسۋا بولغىنىمىز بولغان، قاپقانغا چۈشكىنىمىز چۈشكەن-جۇمۇ!...

— تازىمۇ گېپىڭ تولا نېمىكەنسەن. ئىشنى ئەپلەپ بىرتەرەپ قىلىدىغان كىشى قولىمىزدا تۇرسا نېمىدىن قورقىسەن؟ ئۇ بۇنچىلىك ئىشنى جايلىۋەتمىسە ئۆزى، ھەتتا ناھىيىلىك تەمىنلەشنىڭ بوغالتىرى بىلەن ئامبارچىسىدىن تارتىپ، ھېلىقى ساقچى غوجامغىچە بىراقلا پاش بولمامدۇ؟ ئاشۇلازە قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ دەمسەن؟ — نامەلۇم كىشىنىڭ خىرىلداق كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ياﺋاللا، ھېلىقى كۆزەتچىنىڭ ئىتىدىن بەك ئەنسىرىگەنتىم. تەلىيىمىزگە ئۇ ئىت كۆرۈنمىدى ياخشى.

— ئاكاڭ قارىغاي، ئاللىبۇرۇن ئىتنىڭ ئامالىنى قىلىۋەتكەن.

— قالتىس پەمىڭ بار جۇمۇ سېنىڭ. ھەر قانداق ئىشقا بوش كەلمەيسەن.

— بولىدى، ئاداش. قالغان گەپنى كېيىن قىلىشلى. كىنونىڭ تۈگەيدىغان ۋاقتى بوپقالدى. مەن كېتىۋالاي...

شۇ سۆز بىلەن تەڭ مەن دەرھال بېشىمنى ياستۇققا قويدۇم-دە، «ئۇخلاپ قالدىم». ئەمما مېڭىمگە قويۇۋالغان قولۇمنىڭ دالدىسىدا، قانداق كىرگەن بولسا يەنە شۇنداق لىككىدە چىقىپ كېتىۋاتقان ھېمىتنى تونۇپ قالدىم.

روشەنگۈلنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە غەزەپتىن ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يانغان گۈلبانۇم ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ گۇمانى توغرى چىققانىدى.

ئۆي ئىچى بىر پەس تىمتاسلىققا چۆكتى. گۈلبانۇم خېلىدىن كېيىن، ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋېلىپ، قايتىدىن جايىغا ئولتۇردى-دە، روشەنگۈلگە قاراپ مۇلايىم

www.uyghurkitap.com

ئاھاڭدا سورىدى:

— ئۇ پۇللارنى نەدىن ئالغانلىقىنى بىلەلمىدىڭىزمۇ؟

— ئۇنى ئۆز ۋاقتىدىلا بىلگەنتىم. شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسىلا «يېزىلىق قەرز كوپېراتىپىغا ئوغرى چۈشۈپ ئون نەچچە مىڭ سومنى ئەكىتىپتۇ» دېگەن گەپ مەھەللىگە پۇر كەتمىدىمۇ؟ ئاخشىمى بىزنىڭ ئۆيدە سانالغان ھېلىقى پۇللار شۇ پۇل بولماي نېمە؟

قولىدا داستىخان كۆتۈرگەن ئاينىسە مومايىنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن گەپمۇ ئۈزۈلدى. ئۇلار چاي ئىچىشتى. گۈلبانۇم روشەنگۈلنىڭ قولىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— روشەنگۈل، ياخشى دەم ئېلىڭ. ئەگەر مىجەزىڭىزدە ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا خەۋەر بېرىۋېتىڭ، مەن يەنە كېلىمەن، — دېدى ۋە ئېگىلىشىپ تۇرۇپ، — خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزدىن ھېچنەرسە ئاڭلىمىدىم، — دەپ پىچىرلاپ قويدى.

گۈلبانۇم بۈگۈن بىر كۈننى ۋەسۋەسىدە ئۆتكۈزدى. قولى ئىشقىمۇ بارمىدى. ئەمما ئىنتايىن خۇشال ئىدى. چۈنكى، بۈگۈن ئاجايىپ سۆزلەرنى ئاڭلىغانىدى. ئەنۋەرنىڭ پۈتۈنلەي ناھەق جازاغا تارتىلغانلىقىغا ئىشەندى. ئەمدى ئۇ ئەنۋەرنىڭ كۈشەندىسىنى ۋە ھەق-ناھەقنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن بىر تۈركۈم بۇزۇقلارنى قانداق پاش قىلىش توغرىسىدا ئويلانماقتا ئىدى. بۇ بىر ئوچۇم قارانىيەت ئوغرى-خىيانەتچىلەرنىڭ، پاراخور ئەبلەخلەرنىڭ ناھايىتى مەلۇم ئورۇنلارغا ھەتتا سىياسىي قانۇن ئورۇنلىرىغىچە سوزغان قارا قولىنى قانداق كېسىپ تاشلاش ھەققىدە باش قاتۇراتتى. ئۇنىڭ ئەمدى پاش قىلىش ماتېرىيالى بىلەن شىكايەتنامىنى ناھىيىگە يېزىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتتى. شۇڭا بۇ قەدەمنى ئوبدان ئويلىنىپ پۇختا باسمىسا، ئەرز ۋە شىكايەتنامىلەر ھېلىقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۇنى باستۇرۇپ قويغاندىن تاشقىرى، بۇرمىلاپ ئۆزىدىن ئۆچ ئېلىشى مۇمكىن.

كۆپ ئويلىنىشلاردىن كېيىن، ئۇ بىۋاستە ۋىلايەتكە بېرىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى پاش قىلىش لازىملىقىنى ھېس قىلدى-دە، كەچ بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي، كىچىككىنە شىرەگە ئولتۇرۇپ لامپىنىڭ يورۇقىدا ۋىلايەتلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن باشقارمىسىغا، ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىگە قارىتىپ ئەرز ۋە پاش قىلىش ماتېرىيالى يېزىشقا كىرىشتى.

ئۇ، ماتېرىيالنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ كونۋېرتقا سېلىۋاتقاندا، مەزىن بامداتقا ئەزان چىللاۋاتاتتى.

ئۇ ناشتىمۇ قىلماستىن يولغا چىقتى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

قۇرمانئەلى ئوسپان (قازاق)

# شېئىرلار

بىز كېلىمىز سەپەر چېكىپ يوللاردا...
بوران ـ چاپقۇن، شىۋىرغانلار تۆكتى ياش،
چېلىشلاردا چېنىقتۇق بىز، پىشتى باش.
كەلمەكتىمىز توسقۇنلارنى يىمىرىپ،
يېڭىباشتىن سەپكە تۇردۇق بىر تۇتاش.

ئالدىمىزدا مەنزىللەر بار، يوللاربار،
ئۇبوللاردا مۇشكۇلاتلار، دەھشەت، سۇر.
ئەمما ئۆچمەس ئۈمىدىمىز يۇلتۇزى،
ئىرادە چىڭ، كۆزلەر ئۆتكۈر، قول باتۇر.

ئانا يۇرتتىن كېچەلمەيسەن ھاياتتا،
دەپ ئەجدادلار خىتاب قىلغان ئەۋلادقا.
ئۆزۈپ كېتەر ئەجدادلاردىن ئەۋلادلار،
باقماس ئۇلار جاھانسازلىق ھاياتقا.

قۇتۇلاي دەپ قايغۇ ـ ھەسرەت، ئەلەمدىن،
ئىزدىمەيمىز «جەننەت» لەرنى ئالەمدىن.
جەننەت نېمە؟ جەننەت دېگەن ئەسلىدە
تۇغۇلدۇ جەننەت سۆيەت ئادەمدىن.

ۋاراقلاردا ساۋاقلار كۆپ، ئىبرەت كۆپ،
خىيال بىلەن چىشلەشمەيدۇ رېئاللىق.
ئەنۋەكچىلىك ۋەدە قىلغان ساماۋى
ئاشۇ ئېچىل داستىخانلار زىيانلىق.

كۆرگۈلۈكنى ئاز كۆرمىدۇق، ئاقىل بىز،
تېنىمىزدە جاراھەت بار، يۇتمەس ئىز.
تەلۋىلەرنى كۆش ـ كۆشلىسەك قايتىدىن،
قايسى كۈننىڭ كېلىشىنى بىلىمىز.

مەنزىل يىراق، يۆكلەر ئېغىر، بىز كارۋان،
كەلمەكتىمىز چىدام چەكسىز، يول راۋان.
بارماق چىشلەر تەدانىلىرىم باش چايقاپ،
قالدۇققۇ دەپ قۇرۇق خالتا ـ بى ھايان!

ئۇلار بەزەن ۋايدات سالار نەپنى دەپ،
قارغىش تۆكەر نەدىكى بىر گەپنى دەپ،
ھاۋشۇشلارغا كۆنۈپ كەتكەن كارۋان بۇ،
قەدەم تاشلار پارلاق نىشان ـ بەتنى دەپ.

مۇشۇ بەرھەق، مۇشۇ توغرا، مۇشۇ دىل،
بەرھەقلىقنى ياقتۇرىدۇ بەرھەق ئەل.
نى ـ نى مۈشكۈل ئۆتكەللەر بار يول ئارا،
باغلىدۇقمۇ، يېشىلمەيدۇ مەزمۇت بەل.

خەتەر كۆرۈپ خەتەر دېسەك يولىمىز،
كىرمەپ تۇتماي تىترەپ كەتسە قولىمىز،
شۇنىڭ ئۆزى بويۇن كەسكەن زۇلپىقار،
شۇنىڭ ئۆزى ماڭلايدىكى شورىمىز.

توساق سولدا، ئاپەت ئوڭدا، تەكشى باس،
چىڭ قەدەمدە بېسىلغان يول تارالماس.
دەيدۇ بىزگە كۆپنى كۆرگەن ئادالەت:
ئالتۇن تارىخ مەڭگۈ يۈزى قارايماس.

بوران ـ چاپقۇن، شىۋىرغانلار تۆكتى ياش،
چېلىشلاردا چېنىقتۇق بىز، پىشتى باش.
كەلمەكتىمىز توسقۇنلارنى يىمىرىپ،
يېڭىباشتىن سەپكە تۇردۇق بىر تۇتاش.

www.uyghurkitap.com

كەلمەكتىمىز توسقۇنلارنى يىمىرىپ،
غايە بۈيۈك، دىل تېۋىنغان چوڭ بىلىپ:
سوتسىيالىزم
بەختىمىزنىڭ باغچىسى،
مىلليارد يۈرەك تاللىۋالغان يول قىلىپ!

سوتسىيالىزم بەختىمىزنىڭ باغچىسى،
تەڭلىشەلمەس ئاڭا يولنىڭ باشقىسى.
يېڭەلمەيدۇ قانچە ئۆپكە قاقسىمۇ،
ئۇنى جەزمەن ئاقسارايىنىڭ ئاقچىسى!

## كۆڭۈل

كۆڭۈل گاھى دەريا كەبى تاشقىنلار،
كۆڭۈل گاھى يەكەن بىلەن قاش تىنلار.
كۆڭۈل گاھى پەرۋاز قىلسا ئاسماندا،
كۆڭۈل گاھى يېرىسىلىقنى باش قىلار.

كۆڭۈل گاھى باغۇ ئىرەم، كۆمۈش كۆل،
كۆڭۈل گاھى ياۋان دالا، قۇملۇق چۆل.
كۆڭۈل گاھى «ئاق ئات» مىنگەن زىمىستان،
كۆڭۈل گاھى نۇرلۇق ئاپتاپ، نۇرلۇق ھۆل.

كۆڭۈل گاھى تاي-تاي باسقان تاي بالا،
ئاڭا ئارمان تۇتىمۇ، سۇمۇ، كەڭ دالا.
كۆڭۈل گاھى ئۈمىدلەرنىڭ دۇلدۇلى،
باسقان يولى سالا-سالا-مىڭ سالا.

كۆڭۈل دېگەن قالتىس نەرسە، بىگۇمان،
سۆيۈنسەن، سۆيۈنمەن ھەر قاچان.
تۈپتۈز-ئەگرى، پىنھان-ئۇچۇق، بىقارار،
كۆڭۈل دېگەن سوقمىقى كۆپ بىر جاھان.

كۆڭۈل دېگەن ئىنچىكە بەك، نازۇك بەك،
قىلدەك ئىشتىن قېپقالىدۇ بولدى دەپ.
سۇغا سالسا سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى،
ئاتىلاردىن قالغان ھېكمەت كۆڭۈلدىكى گەپ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە،
كۆڭۈل دېگەن شاھ تۇرىدۇ ئادەمدە.
دەسسەتمەيلى دېسەم ئۇنى دېۋەڭگە،
كەلمەسسەنمۇ سەنمۇ دوستۇم يار دەمگە.

## ئابروي

ئابروي — ئۈمىد
ئابروي — ئىشەنچ، ئابرويدا
باردۇر دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق،[1] بەرىكە.
ئابروي — دۆلەت، قەدىر-قىممەت، ئېتىبار،
تۇتاش يۈرەك، ئۇ تۈگىمەس مەرىكە.

تۆكۈلسۇن دېرىكىمۇ مېنىڭ ئابرويۇم،
بولمىسۇن دەپ كىم تىلەر چىن نىيەتتىن.
ئابروي ئۇلۇغ، ئۇ كېلىدۇ ھەر قاچان،
ئامەت ئەمەس كۆمۈش تەردىن مېھنەتتىن.

بەرھەق سۆزكى بۇنى ھەركىم بىلىدۇ؛
ئابروي ئەلدىن، ھالال تەردىن كېلىدۇ.
كۆكتىن چۈشكەن ئابروي يوقتۇر دۇنيادا،
ئابروي دېگەن ساختىلىقنى تىلىدۇ.

شۈكرى، بىزدە ئابرويلۇقلار خېلى بار،
شۈكرى، ئاڭا سۆيەتمۇ يار، سانىمۇ يار.
دېمەك بۇمۇ ئابرويىدۇر دەۋرنىڭ،
ئابروي، ئابروي ھالاللىقتا خېرىدار.

ئابروي يۈكسەك، ئابروي كېرەك ئىنسانغا،
ئابروي بىلەن ئابرويلۇقسەن زامانغا.
ئۇڭاي ئەمەس ئۇنى ئېلىش ۋە ساقلاش،
ئەمما تۆكمەك چۈشىدۇ بەك ئاسانغا.

ئويلاپ قالما، بۇرادىرىم، چۈشەكەپ
ئابروي دېگەن شەخسىيەتنىڭ ئىشى دەپ.
ئابروي كېرەك
ئابروي كېرەك ئالەمدە
ئەلدىن كېلىپ، ئەلگە بەرگەن پايدا، نەپ؛

## رېتورىك سوئاللار

ئاشۇ يىللار
كۆڭلۈڭنى كىم؟
كۆكۈڭنى كىم؟
قويۇق قارا بۇلۇت بولۇپ قاپلىدى؟
تۈزمىسەڭمۇ،

كۆنمسەكمۇ،
دەھشەتلەرنى ساڭا كىملەر چاپلىدى؟
كۆزدە ياش،
پاناھسىز ئاچ،
چوڭلار كىمدىن نىمە ئۈچۈن زارلىدى؟
نەگە كەتتى،
نەگە يەتتى،
باللارنىڭ غەمگۇزارى ـــ ساھىبى؟
كۆڭۈل خۇشى،
«خـۇمار» قۇشى،
دەپ ھېسابلاپ قىزلارنى كىم خورلىدى؟
مۇشۇ پەيتتە،
تىكىپ ھەم جان،
تۆكۈپ كۆپ قان،
بىزنى زادى كىملەر ئاياپ قوغدىدى؟
ئاشۇ چاغدا،
قەيسەر، قەتئىي
ئاغا ـ ئىنى
پىدائىي بوپ كىملەر ئۈچۈن بولدى قۇربان؟!
شۇنداق قىلىپ،
بۇ بەدەلگە
بۈيۈك ئەلدە
ئۇلار قۇردى قانداق دەۋران؟!
شۇنچىۋالا
ئۆچمەس ئىزلار،
بۈيۈك ئىشلار،
قانداقلارچە، قانداق قىلىپ ئۇنـتۇلـسۇن؟!
ئۇنتۇغانلار،
ھوشىن تاپماي،
قولىن تارتماي، قانداقلارچە ئەل قەھرىدىن
قۇتۇلسۇن؟!

تەلئەت ناسىرى (ئۆزبېك)

## ئىككى شېئىر

### خوتەن قىزىغا

ئەتلەس،
گىلەم
چىۋەر قولۇڭنىڭ
گۈلى ـ جاۋابى.
شاراب ـ مۇسەللەس
سەندىن تۇتۇلغان
ئىشقى شارابى.
پىراقىڭدا
بولدى تېنىم
تونۇر كاۋاپى.
شۇندىن بۇيان،
قاچتى مەندىن
كۆڭۈل ئارامى.

### ئارتىس

سەھنە،
ئېكراندا
چاقنار سۈرىتى.
گېزىت،
رادىئودا
ياڭرار شۆھرىتى.
ئۇ تونۇيدۇ
چەكلىك ئادەمنى.
ئەگەر
ئاي،
قۇياش
بولسا ئېكران،
ئۇنى تونۇيدىغانلار
قاپلار ئىدى چەكسىز ئالەمنى.

www.uyghurkitap.com

# بالىلار ئەدەبىياتى

ئەركىن داۋۇت

## غۇنچىلار تىلىدىن يازغان كۈيلەر

### ئانا تىل

ئەجەب يېقىملىق
بىزنىڭ ئانا تىل،
ئاشۇ تىل بىلەن
ياشىرىدۇ دىل.

ئۇنى ئۇلۇغلاپ،
جاندىن ئېزىز بىل.
ھەرقانداق جايدا
ھۆرمىتىنى قىل.

ئۆزلەشتۈر پىششىق،
ھارماي يىلمۇ يىل.
نەتىجە يارات
بوشاشماي ئىزچىل.

### ئوغلۇم دېمىسۇن

يىراق سەكرەيمەن،
ھەر كۈنى سەھەر.
قۇياش زېمىننى
سۆيگەنگە قەدەر.

ئۈستى- بېشىمدىن
تۆكۈلسىمۇ تەر،
جاپادىن قورقۇپ،
قاچمايمەن بەدەر.

نىشاندىن ھالقىپ،
ئۆتەلمىسەم گەر.
ئوغلۇم دېمىسۇن،
مېنى ئانا يەر.

### نۇرنى سۆيىمەن

نۇرنى ئەزىزلەپ
نۇرنى سۆيىمەن.
نۇرنىڭ ئىشقىدا
ئوتتەك كۆيىمەن.

نۇر بىلەن تۇپراق
بولار گۈلىستان.
كۈلەر تەبىئەت،
كۈلەر تال بوستان.

نۇرسىز ياشىماس
دۇنيادا ئىنسان.
نۇرغا تەلپۈنۈپ،
تۇرار ھەر بىرجان.

نۇرنى ئەزىزلەپ،
نۇرنى سۆيىمەن.
نۇر بولغاچ گۈزەل
بۇ ئانا ۋەتەن.

### ئادىتىم

سالقىن ھاۋادا
ئالىمەن نەپەس.
ئادىتىم شۇنداق،
ئەمەس بۇ ھەۋەس.

ساغلام بولسا تەن
كۈچ قايناپ تاشار.
كۆتكەن تىلەكلەر
ئەمەلگە ئاشار.

### نۇر چىراغ

ئاتاشلار بىلەن
ئۆتىمەن ئىناق.
ئۇلار قېشىدىن
كەتمەيمەن يىراق.

Altun

قاشلىرىمىز ئۈز،
بەئەينى قىياق.
ئىتتىپاقلىقتۇر
گويا نۇر چىراق.

### قوزىچاق

مەرەشلىرىڭ ئۈز،
سىنىڭ قوزىچاق.
ئۈستى - باشلىرىڭ،
پاختىدەك ئاپئاق.

ئوت - چۆپ بەرسەم يەپ،
سۇ بەرسەم ئىچىپ.
شوخلۇق قىلسەن،
بەزىدە قېچىپ.

ماڭسەن تېخى،
كەينىمدىن مېنىڭ.
بەك ياخشى ئىكەن
مىجەزىڭ سىنىڭ.

دوست بولۇپ مەڭگۈ،
ئۆتەيلى ئىناق.
قېشىمدىن ھەرگىز
كەتمىگىن يىراق.

### ئۆمىلچۈك

ئۆمىلچۈك چوڭ دەرئىمىش: — نەشتىرىم بولسا
ياشىمايتتىم بۇلۇڭدا غەمكىن.
ئىللىق بولۇپ مۇناسىۋەتتە،
ئىش قىلاتتىم ھەرۋاقىت تەمكىن.

نەشتەر ئۇرۇپ سەزگۈر بىراۋنىڭ
ئىچەتتىم راس ئىسسىق قېنىنى.
تۇيدۇرماستىن ئاشۇ يوسۇندا،
ئالاتتىمەن شېرىن جېنىنى.

ئەپسۇس مېنىڭ يوقتۇر نەشتىرىم،
ئىچىمدە كۆپ شۇڭا دەرتلىرىم.

### مۈشۈك

گۈش ئوغرىلاپ گۈش يەيمەن،
كۆنۈپ قالغان ئادىتىم.
قىلمىسام بۇ ھۈنەرنى،
تاق بولىدۇ تاقىتىم.

ئوۋغا ئاستا چىقىمەن
كەلسە ۋاقتى سائىتىم.
ئۆز رىسقىمنى تاپىمەن،
يوقتۇر پەقەت ئاپىتىم.

ھەر تەرەپتىن كېلىدۇ،
تىرىشسام ئامىتىم.
تاغدىن يۇكسەك تۇرىدۇ،
كېلىشكەن بوي قامىتىم.

### ھەرە

ياسانغاندا رەڭ تۈزۈپ،
بىپايان كەڭ داللار.
گۈل تۈۋىدە ئوينايدۇ
چۇرقىرىشىپ باللار.

چىلك تۇتۇپ بۇ پۇرسەتنى،
يېقىنلىشىپ كېلىمەن.
باللارنى چېقىشنى،
خېلى ئوبدان بىلىمەن.

شورىمىسام ئۇلارنىڭ
نەشتەر ئۇرۇپ قېنىنى.
كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ،
ئاغرىتمىسام تېنىنى.

### تولكە

كاتەكتىكى توخۇنى
ئالداپ ئاستا يېمىسەم.
ياشىمايتتىم جاڭگالدا،
شۇ راھەتنى دېمىسەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى www.uyghurkitap.com

تۇرمۇش ماڭا ئۈگەتتى،
چاننى قانداق بېقىشنى.
شارائىتقا ماسلىشىپ،
ھەر خىل ھىيلە تېپىشنى.

خۇشلۇقۇم بار ئەقلىمگە،
قولۇمدىن ئىش كېلىدۇ.
بۇنى يولۋاس ھەم بۆرە،
خېلى ئوبدان بىلىدۇ.

## قاغا

كۆزۈڭ يوقمۇ ئەي ئىنسان،
مېنى قارا دېمىگىن.
كېچە - كۈندۈز ئويلىنىپ،
ئوشۇقچە غەم يېمىگىن.

چېنىپ قالار ئالدىمدا،
ياختىمۇ ئاق، قارمۇ ئاق.
ھېس قىلىمەن ئېيتىمخار،
ناخشا ئېيتىپ قاق ... قاق ... قاق ...

ئىچىڭ گويا چوڭ تاغار،
ھەسەتكە لىق تولۇپتۇ.
قاپسەن يامان كېسەلگە،
بەكمۇ چاتاق بولۇپتۇ.

كۆرۈن بېرىپ دوختۇرغا،
ئارام ئېلىپ داۋالان.
ساڭا لازىم ئەمەسمۇ،
خۇدا بەرگەن شېرىن جان؟

## توز

توز ماختىنىپ دەپتۇ ئۆزدىچە:—
بار گۈزەللىك ماڭا مۇجەسسەم.
كۆز تەگمىسە بولاتتى ياخشى،
بۇ توغرىلىق بېشىمدا بار غەم.

دېرىمدۇ توتى، سېغىزخان
ۋە باشقىلار كۆزۈمگە بەك سەت.
چۈنكى ئۇلار مېنى كۆرەلمەي،
كېچە - كۈندۈز قىلىدۇ غەيۋەت.

## ھۆپۈپنىڭ چۈمۈلىگە ئېيتقانلىرى

ئەي چۈمۈلە بىلىمىم چوڭقۇر،
يارىشىملىق تونۇم بار پار - پۇر.

يەرنى چوقۇپ تاپىمەن بايلىق،
ماكانىمدۇر ئېتىز ھەم سايلىق.

تاجى دېسەڭ ئۇنى مەندىن كۆر،
تىل تەگكۈزمە، جايىڭ بولار گۆر.

ھۆپ-ھۆپ دېسەم گاچىكەن دېمە،
باش ئاغرىتىپ ئارتۇق غەم يېمە.

كۆن چىققاننى، ئولتۇرغاننى بىل،
ئېغىر يۈكنى كۆتۈر، ئەمگەك قىل.

يوقتۇرمايمەن ئۆزگىگە بىلىم،
ئۇ چاغ قالماس قەدرى قىممىتىم.

مانا شۇنداق دەۋران سۈرىمەن،
سەن نادانغۇ، شۇڭا كۈلىمەن.

## پاقا

پاقا دەر ئىمىش ماختىنىپ تۇرۇپ،
خادايغانچە مەيدىگە ئۇرۇپ:

سۇدا ئەركىن ئويناپ ئۈزىمەن،
خالىغانچە سورۇن تۈزىمەن.

چىرايىمدىن نۇرياغار ئىللىق،
كورگىرايمەن ئەجەب يېقىملىق.

چېنىپ قالار بىچارە بۇلبۇل،
ئۆتەلمەيدۇ ئالدىمدىن ئۇدۇل.

ئىست ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىغا،
ئېچىنىمەن ئىستىقبالىغا.

ئېلى زايىت

# ئىرادە قەترىلىرى

## مەنمۇ ئالىم بولىمەن

ئولتۇرىدۇ ھەر كەچتە
دادام چىراغ ئالدىدا.
يۇرغىلايدۇ قەلىمى
خاسىيەتلىك قولىدا.

بىر ئولتۇرسا تاڭغىچە
ھارماي يېزىپ چىقىدۇ.
ھەر قۇرىغا قەغەزنىڭ،
ئۈنچە تىزىپ چىقىدۇ.

سىياھ قىلىپ يازىدۇ
يۈرىكىنىڭ قېنىنى.
ئىلىم پەنگە ئاتىغان
بارلىقىنى - جېنىنى.

ھۆرمەت بىلەن باقىمەن
كۆندە دادام چېھرىگە،
چۆمۈلىدۇ يۈرىكىم
ئىللىق ئاتا مېھرىگە.

ناۋات سېلىپ، قەنت سېلىپ،
دادامغا چاي سۇنىمەن.
ھاردۇق ئېلىڭ دادا، دەپ،
قوللىرىغا سۆيىمەن.

ھەر قارىسام دادامغا،
ئىپتىخارغا تولىمەن.
بىلىم ئېلىپ دادامدەك،
مەنمۇ ئالىم بولىمەن!

## جەڭچى بولىمەن

مەن مەكتەپتە ئوقۇدۇم،
لېي فېڭ ئاغام سۆزىنى.
ئىلھاملاندىم ئۇنىڭدىن
كۆرمىسەممۇ ئۆزىنى.

لېي فېڭ ئىكەن بىز ئۈچۈن،
شانلىق بايراق ھەم ئۈرنەك.
سىڭگەن ئىكەن قېنىغا،
ياخشى خىسلەت، ئەل سۆيەك.

ئىلىم - پەننىڭ ئىچىگە
كىرەر ئىكەن مىق بولۇپ،
قادىلاركەن دۈشمەنگە
گويا ئۆتكۈر تىغ بولۇپ.

ھەممە ئىشتا ھەر قاچان
ئويلىماسكەن ئۆزىنى.
چىڭ ساقلاركەن قەلبىدە
ئۇستازىنىڭ سۆزىنى.

چوڭ بولغاندا لېي فېڭدەك،
ياخشى جەڭچى بولاي مەن!
ئىلىم - ھېكمەت بابىدا
كامالەتكە تولاي مەن.

## باھار بىلەن تۇغۇلغان ھېسلار

باھار بىلەن تۇغۇلغان ھېسلار
باھار باشلاپ كېلەر دىلىمغا.
باھار ھىدى، باھار سۆيگۈسى
كەتكەن سىڭىپ پۈتكۈل ئېڭىمغا.

كەڭرى ۋادا، ئېدىر - قىرلاردىن
بىر خۇشپۇراق كېلىدۇ تاراپ.
بىلىمەن ئۇ يەرنىڭ تىنىقى،
كۆلەر يەرمۇ باھارغا قاراپ.

قېنىپ - قېنىپ ئالىمەن نەپەس،
شۇ تىنىقتىن كۆكسۈم تولدۇرۇپ.
قاراۋۇلدا تۇرىمەن هوشيار،
باهار بىلەن كۈندە مۇگدىشىپ.

هەر يېقىمدا كۈلىدۇ باهار،
ماڭا بېقىپ كۈندەك چاراقلاپ.
مەنمۇ ئۇنى سۆيۈپ كېتىمەن،
مېهرىم بىلەن مەهكەم قۇچاقلاپ.

كەڭ بىپايان چېگرىدا قىش-ياز،
شۇ باهارنى ساقلاپ تۇرىمەن.
مەڭگۈ باهار بولسۇن ئەلدە دەپ،
جۈت بورانىنى قوغلاپ تۇرىمەن.

باهار بىلەن تۇغۇلغان هېسلار
باهار بەخش ئېتەر دىلىمغا.
ئارمىنىم شۇ: بۆرە، قۇزغۇننى
يولاتمىسام گۈلزار بېغىمغا.

ئىلهام ئاتاۋۇللا

## شېئىرلار

### سۆيۈملۈك ۋەتەن

ۋەتەن قوينۇڭدا
ئۆستۈم يېتىلدىم،
خۇددى غۇنچىدەك
ياشناپ ئېچىلدىم.

سۆيۈملۈك دىيار،
قوينۇڭ چىمەنزار.
هۆسنۈڭگە باقسام،
شادلىقىم تاشار.

سۆيۈملۈك ۋەتەن،
سەندە كۈلدۈممەن.
سېنى گۈللەيمەن
ئىلىم - پەن بىلەن.

### لېنىن بولىمەن

ئەل - ۋەتەننى سۆيسە كىم،
ئۇنۇتمايدۇ ئۇنى ئەل.
داستان بولار تىللاردا،
ئەلگە ئىشقى بولسا سەل.

لېنىن تاغا ئەل ئۈچۈن
ئاتىدى ئۆز ئۆمرىنى.
چاكار بولۇپ خەلققە،
ئايىمىدى ئەجرىنى.

خەلق ئۈچۈن ئىشلەشنى،
زور بەخت دەپ بىلدى ئۇ.
نەگە بارسا شۇ يەردە،
ياخشى ئىشلار قىلدى ئۇ.

لېنىن تاغا ئىش ئىزى
مېنى ئالغا باشلىدى.
ئۇنىڭ روهى دىلىمدا،
چولپان بولۇپ چاقنىدى.

### ئارزۇ

بال هەرىسى بال يىغار
تىنىم تاپماي گۈلشەندە.
هۇزۇرلىنار كىشىلەر
هەسەلىنى يېگەندە.

مەكتىپىمدە ـ گۈلشەندە،
بىلىمدىن بال يەغىمەن.
مېھنىتىمدىن كەلگۈسى،
ئەل ھەسە بېرىمەن.ە

ا

**تۇرسۇن قالدى كۈلكىگە**

كۈن نەيزە بويى
ئۆرلىگەن ئىدى.
تۇرسۇن تېخىچە
ياتاتتى ئۇخلاپ.

ئانا بىچارە
بولۇپ ئاۋارە،
ئۈنى بەك تەستە
ئويغاتتى چايقاپ.

تۇرسۇن بەك تەستە
ئاچتى كۆزىنى،
ئانىسىغا ئۇ
كەتتى ۋارقىراپ.

مېنى نېمىشقا
ئويغاتتىڭدىڭ سەن،
ئەمدى دەرسنى
كەتكەندۇ باشلاپ.

بالام تۇرسۇنجان
دېدى ئانىسى،
مەن سېنى تۇرغىن
دېگىلى نەۋاق.

بېشىڭغا مەھكەم
پۈركەپ يوتقاننى،
ئويغانمىدىڭ سەن
ئۇيقۇڭدىن بىراق.

كۆزلىرى چاپاق،
شەپكىسى مايماق،
ماڭدى تۇرسۇنجان
مەكتەپكە قاراپ،

سىنىپقا ئاستا
كىرگەنىدى ئۇ.
بارچە ساۋاقداش
كۈلدى قاقاقلاپ.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مەمتىمىن بارى



## كىتابخانلاردىن خەت

# يۈكسەك ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن ھېكايە

يازغۇچى زوردۇن سابىر «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «تارىم سۈيى كەينىگە ئاقمايدۇ» ناملىق ھېكايىسىدا ماددىي بايلىق بىلەن روھىي گۈزەللىكنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىسلاھات دەۋرىدىكى ئۇلۇغۋار ئىرادىلىك قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. بۇ ھېكايىدا جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇشنى ئۇنتۇغان، ئۆزىلا باي بولۇش، ئۆزىلا شۆھرەت قازىنىشنى باشقا مەقسەت - غايىسى بولمىغان، مەنىۋى بايلىقنى شاخ - شۇمبا، قۇم - شېغىللارنىڭ ئاستىغا بىراقلا كۆمۈۋەتكەن شەخسلەر ئوبراز ۋاسىتىسى ئارقىلىق چوڭقۇر پاش قىلىنغان. مەنىۋى گۈزەللىككە ئىنتىلىش، ئۇلۇغۋار كېلەچەككە تەلپۈنۈش، شەخسىي بەختىنى ئومۇمنىڭ بەختى ئىچىگە قويۇش، قىسقىسى، كوممۇنىستىك غايە، گۈزەل ئەخلاق بىلەن ياشاش توسۇغىلى بولمايدىغان قۇدرەتلىك، ئېقىم ئىكەنلىكى نامايان قىلىنغان.

يازغۇچى باشتىلا يەركەن دەرياسى بويىنى «...سالقىن شامال يۈزۈڭنى سىلاپ، قەلبىڭدە ھېسسىيات ئۇرغىتىپ، سېنى زۇلۇمدىن قۇتۇلغان مالايدەك خۇشاللىق، ھالاۋەت ۋە بەخت بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ - دە، دۇنيادا مىڭ ياشسامكەن دېگۈزىدۇ» دەپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق تۇرمۇشتىكى گۈزەللىكنى سۆيۈش ھەممىگە ئورتاق خۇسۇسىيەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، «مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلھام موللاق ئاۋات يېزىسىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشنى خالىماي، مۇشۇ دەريا بويىدىكى توغراقلىق ئىچىگە ئۆي سېلىپ، چىرايلىق ئايالى بىلەن ئوندەك قويىنى ئېلىپ، ئورمان ئىشچىسى بولۇپ كۆچۈپ كەتكەن.» ئىلىم - مەرىپەتتىن، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتىن ۋاز كەچكەن ئىلھام موللاق 3 يىل ئىچىدىلا باي بولۇپ كېتىدۇ، «لېكىن ئۇلارنىڭ بايلىقى كۆپەيگەنسېرى خۇشاللىقى ئەمەس، خاپىلىقى كۆپىيىشكە باشلايدۇ، ئىلھام چىرايلىق ئايالىنىڭ كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپ جۈدەۋاتقان چىرايىنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن» ئازابلىنىدۇ.

ھېكايىنىڭ بېشىدىكى بۇ قىسقا، ئەمما چوڭقۇر مەزمۇنلۇق بايان كىتابخاننى بىردىنلا ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئۇنىڭ كاللىسىدا نېمە ئۈچۈن؟ دېگەن سوئالنى تۇغدۇرىدۇ، يازغۇچى مۇشۇنداق يوشۇرۇن مەنىلىك بايان ئارقىلىق كىتابخاننى تېخىمۇ قىزىقارلىق ۋەقەلەر ئىچىگە ماھىرلىق بىلەن يېتەكلەيدۇ، «ساڭا نېمە بولدى نۇرانىيە؟ — دېدى ئىلھام ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، — تۆۋەقۇزىمىز تەل بولغاندا تۇتۇلۇۋالغىنىڭ نېمىسى؟ داق يەردە دۇم يېتىپ - قوپۇپ، ئۈچ ۋاقلىق قوناق ئۇمىچى ئىچكەن چاغلىرىمىزدا ئەجەب خۇشال بولاتتىڭ، ناخشا ئېيتاتتىڭ، ئۇسسۇل ئوينايتتىڭ...ئەمدى ساڭا نېمە بولدى؟ يەيمەن دېسەڭ ئەنە ئاق ئۇن، ئەنە پاقلان، كىيىمەن دېسەڭ، ئېسىل رەخت، ئوينايمەن دېسەڭ

ئەنە ئۇنىڭ ئالغۇ. ئەنە رادىئو... خەجلەيمەن دېسەڭ، پۇلۇڭ جىق، ئالتۇن - كۈمۈشكىمۇ كۆ -
چىمىز يېتىدۇ، بالىمىز يوق، كۆڭلىمىز يېرىمىمۇ - يا؟ ئۇنداق بولسا، بالا بېقىۋالايلى....
نۇرانىيە ئېيتقىنا، نېمىشقا نۇرۇڭ ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ؟»

بىز بۇ سۆزلەردىن ئىلھامنىڭ ئائىلىنى ياخشى كۆرۈدىغانلىقىنى، ئائىلىدىن مال -
دۇنياسىنى زادىلا ئايىمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز. شۇنداقلا نۇرانىيەنىڭ روھىي دۇنياسىنى
چۈشىنىشكە تېخىمۇ قىزىقىمىز. يازغۇچى بۇ يەردە بىر خىل يېڭى ئۇسلۇب ياراتقان، يەنى
باي بولغاندا قېيىنچىلىق ۋاقىتلىرىدا ئەسقاتقان ۋاپادار ئائىلىنى خارلاش، ياش، چىراي -
لىق خوتۇنلارغا يۈزلۈش، چىرىكلىشىشتەك ۋەقەلەرنى تەكرارلايدىغان كونا يولدا ماڭمىغان.
پەقەت ماددىي پاراۋانلىقنىلا ئويلايدىغان، كىشىلىك جەمئىيەتتىكە ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىگىلا
بەخت ئىزدەيدىغان ئىلھام ئائىلىگە بولغان مۇھەببەتنى ئەسلىتىپ، ئۇنى تەسىرلەندۈرمەك -
چى بولىدۇ. «مەندىن كۆڭلۈڭ سوۋۇدىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟...بىز بىرىنچى قېتىم ئۇچرىشىش -
كەندە سەن نېمە دېگەن؟ ‹ماڭا سىزنىڭ قەلبىڭىز ياقىدۇ› دېمىگەنمىدىڭ؟!»

مانا ئەمدى كىتابخانىنىڭ ئالدىدا كەڭ مەنزىرە ئېچىلىشقا باشلايدۇ، كۆز ئالدىمىزدا
گۈزەل ئەتراپ، باياشاد تۇرمۇش، خۇشاللىق ئىچىدىكى مەنىۋى نامراتلىق، شەخسىي بايلىق
توپلاش يولىدا سوتسىيالىزمدىن، جەمئىيەتتىن ۋاز كېچىۋاتقان چۈشكۈن روھىي دۇنيا
گەۋدىلىنىدۇ، يازغۇچى تەرىپىدىن يارىتىلغان بۇ بەدىئىي چىنلىق جاپالىق يىللاردىكى
كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ، مەنىۋى بايلىق، خۇشاللىق بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل
قىلىدۇ، ئاپتور بۇ تەپسىلاتلارنى گۈزەل مۇھىت تەسۋىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇخبىر
بىلەن رەسسام ئوبرازىنى يارىتىدۇ.

يازغۇچى — دەۋرنىڭ ئەينىكى. ئۇ كىشىلەر تېخى ھېس قىلمىغاننى ئالدىن كۆرۈپ،
تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنى يۈكسەك ئىدىيۋىلىك بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كىشىلەر قەلبىدە
ئاجايىپ تۇيغۇلار پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نۇرانىيە كۆز ئالدىمىزدا چولپاندەك
پارلاشقا باشلايدۇ، نۇرانىيە «ئاخشامدىن بېرى ئاجايىپ قىزىقارلىق يېڭىلىقلار، ھايات
توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر بىلەن يۈرىكىنى تىترەتكەن» مۇخبىر يىگىتنى يېرىم كېچىگىچە
ئويلاپ ئۇيقۇسىز ياتىدۇ. ئۇنداق بولسا نۇرانىيە مۇھەببەت مەستانىسىمۇ؟ ئۇ نېمە ئىز -
دەيدۇ؟ نېمىنى ئويلايدۇ؟ نۇرانىيە مۇخبىرنىڭ دەريا، ئورمان، يەر توغرىسىدا ناھايىتى
زوق بىلەن سۆزلىگەنلىرىنى ئويلايدۇ، مۇخبىرنىڭ گۈزەل مەنزىرە، بەختلىك ئادەم ھەققى -
دىكى سۆزلىرى ئۇنى قايىل قىلالمايدۇ. «بەختىيار توغىراق، — دەپ پىچىرلىدى نۇرانىيە
خىيال بىلەن، — يالغۇزچىلىقمۇ بەختمۇ؟ بىر تال شاخ پۈتۈن ياز بويى دەريا بويىدا
لىڭشىيدۇ، سائەت ماياتنىكىدەك، تۈگمەن تېشىدەك، چۆلدە ماڭغان ئوتتۇنچى ھارۋىسىدەك
بىرلا خىل ئىشنى قىلىدۇ — بىرلا ناخشىنى ئېيتىدۇ. مۇنداقلار بەختلىك ھېساپلانسا، ئىل -
ھاممۇ بەختلىك ئىكەندە!...بەختنىڭ مەنىسى مۇشۇنچىلىك بىر نېمە بولىدىغان بولسا،
بۇنى ئارزۇ قىلىشنىڭ ھاجىتى قانچىلىك؟...بەخت دېگەن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر
ئۇلۇغ نەرسە بولۇشى كېرەك...»

دائىم بۇ يەرگە كېلىپ تۇرىدىغان ھەرخىل مېھمانلار، چىرايلىق ياشلار، سۆيگۈ -

www.uyghurkitap.com

مۇھەببەت خىرىدارلىرى نۇرانىيەنى ئۆزىگە تازتالمايدۇ، ئەمما «ئادەمنى جەلپ قىلغۇدەك ھېچنېمىسى يوق» مۇخبىر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيدۇ، نېمە ئۈچۈن؟ ئىلھام مۇخبىرنىڭ ئۆزلىرىنى مەدھىيىلىگەن ماقالىسىنى نۇرانىيەگە كۆرسىتىدۇ. نۇرانىيە ئۇنىڭغا: «ھېلىقى مەن ئاشىق بولۇپ قالغان يىگىتمۇ؟» دەيدۇ. بۇ ھەرگىز ئادەتتىكى ئاشىقلىق ئەمەس، بەلكى قەپەستىن چىقىپ، بەخت ئىزدەشكە ئىنتىلىۋاتقان ئىنساننىڭ ئاشىقلىقى. ئىلھام نۇرانىيەگە كەلگۈسى پىلانلىرى، كاتتا ئۆي، روس رومانلىرىدىكىدەك داچىلار، چەت ئەل كىنولىرىدىكىدەك ئىستىراھەتخانىلارنى بەرپا قىلىش، كولۇمبۇ، ۋاشىنگتونلاردەك نام قالدۇرۇش، قىسقىسى، كېيىنكى ئاجايىپ ئېسىل تۇرمۇش ھەققىدە سۆزلەيدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى نۇرانىيەنى قىزىقتۇرالمايدۇ، ئۇنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ جۇشقۇن پىكىر - خىياللار پەرۋاز قىلىشقا باشلايدۇ؛

«جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى تەكلىماكاندا قۇمغا كۆمۈكلۈك، قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن، شۇچاغدا ئىنسانىيەت ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت توغرىسىدىكى سىر - ھېكمەتلىرى ئېچىلىدۇ»، «ئىنسان ياراتقان پۈتۈن ماددىي بايلىق قۇمنىڭ تېگىدە چىرىپ تۈگىمىدى ياكى ئەسرارى تىلسىمغا ئايلاندى، لېكىن ئىنسانلار ياراتقان مەنىۋى بايلىقچۇ؟ئۇ بۈگۈن بىزنىڭ قېنىمىزدا.» بۇ قۇرلارنى ئوقۇغان كىتابخانىنىڭ قەلبى لەرزىگە كېلىدۇ.

مۇخبىرنىڭ سۆزلىرى نۇرانىيەنى «تىنىچ، خاتىرجەم تۇرمۇشتىن يۈز ئۆرۈپ»، «گۈزەللىك ئۈچۈن ئىنتىلىشقا» دەۋەت قىلىدۇ، دەل مۇشۇ نۇقتىدىن مۇخبىر نۇرانىيەنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ھەيكەل بولۇپ قالىدۇ...ئىلھاممۇ بىر چاغلاردا ئىلىم ھېكمەتلىرى، دۇنيا سىرلىرى توغرىسىدا قىزىق گەپلەرنى قىلىپ، نۇرانىيە ئۈچۈن «جانلىق لۇغەت»، «مۇكەممەل قامۇس» بولغانىدى. نۇرانىيە مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، «لېكىن يىللار ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئېتىقاد ۋە ھۆرمەت پەردىسىنى يىرتىپ تاشلىدى.»

« — يەكشەنبە بازاردىن نېمىلەرنى سېتىۋالىمىز؟

— كىتاب.

— نېمە؟ مەن بۇ چۆل - جەزىرىدە قىرائەتخانا ئاچاتتىممۇ؟...»

..............

« — نۇرانىيە نەگە بېرىپ ئويناپ كېلەي دەيسەن؟

— ھېلىقى سىز مۇئەللىمچىلىك قىلغان مەكتەپكە.

— نېمە؟ مەن بىلەن قېرىشماقچىمۇ سەن؟ مەن مەكتەپ دېگەن بىلەن مەڭگۈ خوشلاشقان، باللارنىڭ ۋاڭ - چۇڭى ھەرىنىڭ ئاۋازىدەك قۇرقۇنچلۇق، مېنىڭ ئاغىنىلىرىمنىڭكىگە بارغىن.»

ئىلھامنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى نامراتلىقنى ئېچىپ تاشلىغان بۇ سۆزلەر كىتابخانىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ، نۇرانىيەنىڭ ئىلھامدىن كۆڭۈلسىزلىك ھېس قىلغانلىقىنىڭ مەنبەسىنى ئېچىپ بېرىدۇ. نۇرانىيە چۈش كۆرىدۇ:

«تەكلىماكاننىڭ ئاچقۇچى تېپىلدى، مېنى قويۇۋېتىڭ، ئىلھام». نۇرانىيە چۆچۈپ ئويغانغاندا، ئىلھامنىڭ ئېغىر، يۈگلۈق يانپاشلىرى بېسىۋالغانلىقىنى كۆرىدۇ. نۇرانىيەنىڭ

ئوي-پىكىرلىرى، دەريا سۇيىدەك مەۋج ئۇرغان ھېسسىياتلىرى ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلەيدۇ، «— كۆردىڭىزمۇ؟ قۇملۇقلارنىڭ بېتىدە ئالتۇن-مەرۋايىت، ئېسىل تاشلار يالتىراۋاتىدۇ، مەن ئۇلارنى تېرىپ كېلىمەن، كىم بىلىدۇ، ھېلىقى ئاچقۇچ يەر بېتىگە چىقتىمۇ تېخى.

— ئالجىپسەن، ساراڭ بوپسەن، ماڭ شەقىقى، تولا جۆيلىمەي ماڭ.»

ھېكايە ۋەقەلىكى تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ نۇرانىيە بىلەن ئىلھامنىڭ بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى روھىي ھالىتى كەسكىن تۈس ئالىدۇ؛

«— ئىلھام، مېنى ئۆلتۈرەمسىز؟

— مەن ساڭا بۇنىڭدىن كېيىن كىتاب ئوقۇتمايمەن، ئىلىم توغرىسىدا، ھېلىقى مۇخبىردەك زامانىمىزنىڭ دوڭكىخوتلىرى توغرىسىدا سۆزلەشكە، ئويلاشقا رۇخسەت قىلمايمەن، بىز بۇ چۆل-جەزىرىگە پۇل-دۇنيا، بايلىق-پاراغەت ئىزدەپ كەلگەن...

— مەن ئادەم، — نۇرانىيە ئېرىنىڭ قوللىرىنى سىلكىپ بوشاندى، قەددىنى رۇسلىدى، — مەن ئادەممەن، ئۆز ئىستىقبالىم ئۈچۈن كۈرەش قىلالايمەن.

— ئىستىقبال؟ نېمە ئۇ؟ بىلەمسەن، ئىستىقبال، غايە، بەخت دېگەنلىرىڭ ھەممىسى پۇل، پۇل بولمايدىكەن، سېنىڭ ئاۋازىڭ، كۆز نۇرۇڭ، بەدىنىڭدىكى قېنىڭمۇ تۈگەيدۇ... مانا بۇ ھايات بىلىمى، ئىنسان ھەققىدىكى ھەقىقەتنىڭ يەكۈنى-جەۋھىرى». مانا بۇ پۇل، دۇنيا ئۈچۈن تامامەن خۇدىنى يوقاتقان شەخسنىڭ تىپىك ئوبرازى. بەزى كىشىلەر ئىلھامنى تەبرىكلىگەن، ماختىغان، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۇتۇق، بەخت تىلىگەندى، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان، ساختا ئىدى. نۇرانىيەنىڭ قەلبى ئازاب، ئەلەم ۋە خورلىنىش ئىچىدە پۇچىلانماقتا ئىدى. «ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى...ئومۇمەن ئىنسانىيەت ياشاۋاتقان ۋە ياشاپ ئۆتكەن يەرلەرنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىپ يۈرەتتى...» ئۇنى ئىلھامنىڭ «خان سارايلىرى» ئەسىر قىلالمىدى، ئىلھام «ئايال دېگەن چىۋىن، گۈزەل ئۆي سەسەل شىرنىسى، ئاياللارنىڭ گۈزەل ئۆيگە تومشۇقى تەگدىمۇ چاپلىشىپ قالىدۇ» دەپ چالۋاقاپ ئاجايىپ ئۆي سېلىپ، ئايالىنى «مېڭ يىللىق چىنارغا زەنجىر بىلەن باغلانغان دېۋىدەك» باغلىماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا تەھدىت سالىدۇ، نۇرانىيە مۇنداق تەلۋىلىك ئالدىدا تىز پۈكمەيدۇ، «گۈزەل كۆل» بولۇپ جىم-جىت تۇرۇشنى خالىمايدۇ، «سۆيگۈنىڭ قىممىتى — ھەرىكەت، ئېقىنىدا، بىز ئاقمىغان بولساق ھايات كۆلمەيتتى... ھاياتنىڭ لەززىتى ئېقىنىدا...» نۇرانىيە «ساداقەت»، «پاكلىق» تىن ئىبارەت يالغان نىقابنى يىرتىپ تاشلاشنى قارار قىلىدۇ. «ئىنسان دەريادەك ھەرىكەتچان، قۇم ئۈستىدە ئۆسكەن قومۇشتەك ئۈمىدۋار»...

«تارىم ئالدىراپ ئاقماقتا، ئۇ ھەرگىز-ھەرگىزمۇ كەينىگە ئاقمايدۇ»، مانا بۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە قىممەتلىك سۆز، تارىخ ھامان ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، كەينىگە قايتىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

قارامايدىن: رەخمەتجان ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

www.uyghurkitap.com

# «سادا» ھېكايىسىدىكى سادا

ھەر بىر مىللەت مەلۇم جۇغراپىيىۋى ۋە ئىجتىمائىي شارائىتتا ياشايدۇ. شۇڭا ھەرقايسى مىللەتنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بولىدۇ. ئاشۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدەبىياتتا چوقۇم مىللىي خۇسۇسىيەت گەۋدىلىنىدۇ، ئەدەبىي ئەسەردىكى مىللىي خاراكتېر زامان ۋە ماكاندىن خالى ياكى سىنىپتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئابستراكت نەرسە ئەمەس، بەلكى شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئىنكاسى، مىللىي يازغۇچىنىڭ ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان شارائىت توغرىسىدىكى تەسىراتىنىڭ جەۋھىرى، ھەرقايسى مىللەتنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى بىلەن رېئال تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى. ئەگەر يازغۇچى ئاشۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى مەلۇم ماھىيەتلىك تەرەپنى ئىگىلەپ، شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇشىنى چىنلىق بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلىسە، ئۇنىڭ ئەسىرى روشەن مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن ئەسەر بولالايدۇ.

يازغۇچى زۇلپىقارنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلغان «سادا» ناملىق ھېكايىسىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ھاياتىدا يۈز بەرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك زور ئۆزگىرىشلەر يېزىلغان، ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەنلەر ھەر ساھە، ھەر تەبىقىدىن بولغان ئالتىلا كىشى، بىرى «ئىشپىيون» دەپ ئاتالغان چەت ئەللىك تۇتقۇن، بىرى جاھان كۆرگەن، ئوقۇمۇشلۇق مۇئەللىم، بىرى جامائەت تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىۋاتقان موللا، قالغان ئۈچىنىڭ بىرى دېھقان، بىرى ھۈنەرۋەن، بىرى شەھەر پۇقراسى. ئۇلار مۇستەبىت سىياسەت تۈپەيلى ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش شارائىتىدىن ئايرىلىپ، بىر كامېردا ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغانلار، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق يېقىن مۇناسىۋەتمۇ ياكى ئۆچ - ئاداۋەتمۇ يوق. شۇنداق تۇرۇقلۇق مۇئەللىم يىگىت ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئاھانەت،زەربىسى بىلەن بۇ دۇنيادىن پاجىئەلىك ھالدا خوشلىشىدۇ. ئۇ نېمىشقا ئۆزىنى بۇ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالالمايدۇ؟ قېرىنداشلىرىنى نېمىشقا بۇ ئىشتىن قايتۇرۇۋالالمايدۇ؟ دېھقان، ھۈنەرۋەن، شەھەر پۇقراسىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ناداننىڭ قولى بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنى بىلەن بويىلىدۇ، لېكىن ئۇلارمۇ ئاخىرىدا «ھىمايىچى» موللامنىڭ رەزىل نىيىتىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. جىنايەتچى موللام يەنىلا كۆككە كۆتۈرۈلۈپ ماختىلىۋېرىدۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

دۇنيادىكى ھەر قانداق مىللەت ياكى دۆلەت مەلۇم بىر تارىخىي بۇرۇلۇش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقاندا، ئادالەت ۋە جاھالەت كۈچلىرىنىڭ زىددىيىتى ئۆتكۈرلىشىدۇ، ئادالەت كۈچلىرى ھامان جاھالەت كۈچلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، لېكىن جاھالەت كۈچلىرىمۇ ئوڭايلىقچە بوي بەرمەيدۇ. ئۇلار ھەرخىل ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ، ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنىدۇ، ھەققانىيەت غەلىبە قىلغۇچە نۇرغۇنلىغان قۇربانلار بېرىلىدۇ.

ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن مۇئەللىمنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان سانسىزلىغان زىيالىيلار تەقدىرىنىڭ بىر گۇۋاھچىسى. دېھقان، ھۈنەرۋەن، شەھەر پۇقراسى قاتارلىق نادانلارنىڭ پاجىئەسىمۇ مەنىۋى قاششاقلىقنىڭ ئا -

Altunoq

خېرقى تەقدىرىنىڭ گۇۋاھچىسى. ئاپتور مىللىيەت ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مۇشۇ تۈپ مەسىلىنى ئېچىپ بېرىشتە ھەر ساھەگە ۋەكىللىك قىلغۇچى كىشىلەرنى، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنى، ئادالەت بىلەن جاھالەتنى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان.

ئاپتور پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى تەسۋىرلەشتە تىلدىن ناھايىتى ئۇندۇملۈك پايدىلانغان.

«— شور پېشانىلىقىمدىن دائىملا خەقلەرنىڭ ئىشىغا ئازلىشىپ قالىمەن.»

ئاپتورنىڭ شەھەر پوقراسىنىڭ تىلىدىن بېرىلگەن بۇ سۆز ئارقىلىق قەيەردىن مەنپەئەت چىقسا، شۇياققا ئېغىپ كېتىدىغان، مەيدانسىز، ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىۋالالماي قايمۇقۇپ قالغان، نادان، كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئۇستىلىق بىلەن ئېچىپ بەرگەن. بىز موللىنىڭ: «— ئىلىم ئىچىندا بولسىمۇ ئۆگىنىمەك كېرەكتۇر» دېگەن سۆزىدىن ئۇنىڭ ئىككى يۈزلىمىچى ئىكەنلىكىنى كۆرسەك، «ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرى ۋاجىپ»، «— ئەپەندىلەرنىڭ ھەممىسى ناپسارا بىلەن ئوخشاش! ماڭا قويۇپ بەرسە، ئىتنى دۇمبالىغاندەك دۇمبالايتتىم مۇنداق جوھۇت، خاۋارىچنى!...» دېگەن سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلىۋالالايمىز.

«— بىز ھازىر جاھالەتنىڭ چاڭگىلىدا، بۇ ھالدا ئىلىم تەھسىل قىلىشتىن نېمە پايدا... ئەگەر ساق قالسام؟... بۇ مۇمكىن ئەمەس! مەندە ئىشەنچ يوق...» مۇئەللىمنىڭ بۇ سۆزلىرى تۇرمۇشنىڭ ئېغىر زەربىسىگە ئۇچراپ، روھىي دۇنياسىدا خىلمۇ خىل مۇرەككەپ مەنزىرى توقۇنۇشلار، ئىلىشىشلار يۈز بېرىۋاتقان زىيالىيلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. قىسقىسى، بۇ ھېكايىدە پېرسوناژلارنىڭ دەبدەبىلىك سۆزلىرى، جاراڭلىق خىتاپلىرى، كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان ۋەز- نەسىھەتلىرى يوق. ئاددىيلا بېرىلگەن دىئالوگ، باياڭلار بىزنى ئىختىيارسىز قايىل قىلىدۇ. مانا بۇ قۇرلار بۇنىڭ ئەڭ جانلىق مىسالى:

«— ئېيتىڭا ماڭا، مېنىڭ خەلقىم قاچان ئازادە بولىدۇ؟

— خەلقىڭىز ئاۋۇ سېلىلىنىڭ جانابىنى ئەمەس، سىزنى يوقلاپ كېلىدىغان بولغاندا، ئازاد بولىدۇ... خەلقىڭىزگە ئازادلىقنىڭ قەدرى، ئۆتتۇلۇپ ھۇرلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان بولغاندا... ئازاد بولىدۇ.»

ئەمدى تۆۋەندىكى بايانغا قاراڭ:

«موللا شۆكلەپ قالغاندەك، ھېلىقى ئۆچەيلەنمۇ ئاداۋەتنى ئۇنتۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى-يۇ، لېكىن، موللىنىڭ پۈتۈن تۇرمىدىكى نوپۇزى يەنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى، ئۇ ئاستىرتىن مۇئەللىمگە ئوخشاش جېدەلگە قارشى ئىتتىپاق ئۇيۇشتۇردى، ئۇلار بىر ياقىدىن باش چىقىرىشتى، مەخپىيەتلىك ئوبدان ساقلاندى، موللىنىڭ ئىشلىرىدىمۇ ئىزچىللىق باردى: مەھبۇسلار قوتۇپلارغا ئايرىلغان، دىنىي، سىياسىي كۆز قاراشلار بويىچە ئىككى چوڭ قوتۇپقا بۆلۈنگەنىدى مۇللا تەرەپدارلىرى يەنە ئۆز ئىچىدىن ھەر بىر يۇرت بويىچە، بۇنىڭدىن باشقا شەھەرلىك، سەھرالىق بويىچە پارچىلانغانىدى.» ئاپتور پەرەڭنىڭ سۆزى ئارقىلىق ئازادلىق شادىيانىسى- ياڭراتقان بولسا، يۇقىرىقى بايان ئارقىلىق ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھالەتلىك جەمئىيەتتە قانچىلىك ئېزىلىپ يۈرگەنلىكىنى يورۇتۇپ بەرگەن. «ھەممە ئىش پەرەڭنىڭ ئويلىغىنىدەك بولىدى، بىراق

مۇئەللىمنىڭ تەقدىرى ھۆكۈمەتنىڭ جازا ئەترىتى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن ھەل قىلىنغاندى»، «لېكىن بۇ قەبرە خېلى ئېگىز ۋە كۆككۆل قويۇپ ياسالغانىدى.»

بىز بۇ بايانلاردىن ئويغاق خەلقنىڭ يەنىلا ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرغان ئوغلانىنى ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى كۆرۈلالايمىز. ئەندى ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا بېرىلگەن مۇنۇ قىسقا ئېپىزوتقا قاراپ باقايلى:

«شۇ كۈنلەردە موللىمۇ تۇرمىدىن چىقتى، كىشىلەر ئۇنى جەڭدىن ساق قايتقان غازىدەك كۆرۈشۈپ، باشلىرىدا كۆتۈرۈشتى، ئۇنىڭ ئىناۋىتى تېخىمۇ ئۆستى، ئۇ يەنە قېچىرمېنىپ، بىر توپ جامائەتنىڭ ئالدىدا مېڭىشنى، مەسچىت، جامائەلەردە تەرىقەتلىرىنى سۆزلەشنى داۋام قىلدى...» خەلق ئۆزىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئويغا پاتقان مۇئەللىمگە ئوخشاش بىگۇناھ ئوغلانلارنىڭ قېنىنى تۆكۈپ ساۋاب تېپىۋاتقان، دىنىنى نىقاب قىلىپ، ئۆزلىرىنى نادانلىق سىرتماقلىرىدا بوغۇپ ئالداۋاتقان بۇ موللىنى يەنە نېمىشقا ئەزىزلەيدۇ؟

ئەدەبىي ئەسەردە مىللىي روھنى، يەنى خەلق روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش، خەلقنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى، خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمان، تىلەكلىرىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرىش يازغۇچىدىن ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. يازغۇچى زۇلپىقار ئۆز ئەسىرىدە مىللىي روھنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ماھىيەتلىك مەسىلىنى ھەقىقىي تۈردە ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئېلىمىز ئازاد بولدى، خەلق ھاكىمىيەتنى تىكلەندى، دەۋر ئۆزگەردى، ھەرقايسى مىللەتلەر قاتارىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتىدىمۇ نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر، تەرەققىياتلار بولدى، بىراق تا ھازىرغىچە ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئاڭ - سەۋىيىنىڭ ساقىندىسى تەسىرىدە ياشاۋاتقان كىشىلىرىمىز يوق ئەمەس. بەزى كىشىلىرىمىز، ھەتتا بىر قىسىم زىيالىيلىرىمىز ھېلىھەم «قۇتۇپلارغا بۆلۈنۈش» تەك ھالەتنى مىراس ئورنىدا ساقلاپ كەلمەكتە، ئاران ئۇيۇشقان بىر گەۋدىنى ھەدەپ پارچىلاشقا ئۇرۇنماقتا، خەلق ساۋاتسىزلىق، خۇراپاتلىق كىشەندىن تولۇق قۇتۇلمىدى... خۇلاسىلىغاندا، يازغۇچى زۇلپىقار «سادا» ناملىق ھېكايىسى ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتىكى ئازادلىق ساداسىنى ھەم نادانلىقتا قالغان كىشىلىرىمىزنى ئويغىتىشنىڭ ساداسىنى ياڭراتقان.

ئۇرۇمچىدىن: پاتىگۇل ئىسمايىل (ئوقۇغۇچى)

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# «ئالتۇن چاغ موكاپاتى»غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

ئەبەيجان ماخمۇت

## «تىرىلگەن» پېرسوناژ

(ھېكايە)

ھۆرمەتلىك كىتابخان، شۇنى تەنتەنە بىلەن جاكارلايمەنكى، سىز ئېتىراپ قىلىسىڭىزمۇ، قىلمىسىڭىزمۇ مەن ھازىر يازغۇچى. يازغۇچى بولغاندىمۇ ئەڭ بەختلىك يازغۇچى. بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ! بۇنداق دېسەم قانداقتۇر بىر كاتتا ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭ، مەن ئۇنداق مۇكاپاتقىمۇ ئېرىشمىدىم، لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ ئالىي شان-شەرەپكە ئېرىشتىم. يېقىندا بىر پېرسوناژىم «تىرىلدى»، ھەتتا مېنى ئىزدەپ كەلدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۇم.

بىر كۈنى ئۆيۈمدە بېشىمنى قاتۇرۇپ، گەدىنىمنى يەلكەمگە پاتۇرۇپ، ئىككى قولۇمنى كەينىمگە تۇتقىنىمچە ئۇيان-بۇيان مېڭىپ، يېڭى ئەسىرىمدىكى غايىۋى پېرسوناژىم بىلەن قىزغىن سۆزلىشىۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ ئايالىم كىرىپ كەلدى ۋە ماڭا قاراپ:

— سىزنى بىر كىشى ئىزلەپ كەلگەنىكەن، ئۆيگە كىرەيلى دېسەم ئۇنىماي سىرتتا ساقلاپ قالدى، — دېدى.

مەن غايىۋى پېرسوناژىمدىن كەچۈرۈم سوراپ دەرھال سىرتقا چىقتىم ۋە ۋىجىك بەستىگە، قارامتۇل چىرايىغا ماس ھالدا ئۈستىگە كۆك سارجىدىن كاستيۇم، شىم، بېشىغا يارىشىملىق بادام دوپپا كىيگەن 40 ياشلاردىكى زىيالىي سۈپەت كىشىنى كۆرۈپ، مېنى ئىزدەپ كەلگەن كىشى شۇمىدۇ، ئەمەسمىدۇ، دەپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ باش-ئايىغىمغا بىر قۇر سىنچىلاپ كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ئالدىمغا كەلدى. ئۇنىڭ قەدەم ئېلىشلىرى گويا ئورمانلىقتىكى قاپلانلارنىڭكىدەك سالماق، قاراشلىرىمۇ خۇددى تاشقى پلانېتلاردىن كەلگەن مەخلۇقلارنىڭكىدەك سوغۇق ئىدى. مەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتىم. ئۇ ماڭا قول بەرمەستىن سورىدى:

— شۆھرەتقارجان دېگەن سىز بولامسىز؟

— ھەئە.

ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى.

— مېنىڭ ئىسمىم مەتۋاقى، گۈلباغدا يەككە تىجارەت قىلىمەن. سىز بىلەن مۇھىم بىر ئىش توغرىلىق سۆزلەشكىلى چىققانىدىم. يۈرۈڭ، خالىيراق بىر جايغا بارايلى.

ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بىر خىل قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشتىم.

مەن بۇ كىشىنى تونۇمىسام، ئەجەبا ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى قانداق بىلىدىكىنە؟ يەنە مەن بىلەن مۇھىم بىر ئىش توغرىلىق سۆزلەشمەكچىكەن. زادى قانداق مۇھىم ئىشتۇ ئۇ؟ ئۇنىڭ ماڭا شۇنچە قوپاللىق قىلغىنىغا قارىغاندا، بۇ ئۇچرىشىش يامانلىقنىڭ بېشارىتىدەك قىلىدۇ. بىرەر بالا-قازاغا يولۇقمىسام بولاتتىغۇ... مەن ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. بىردىنلا پۇت-قولۇم ماغدۇرسىزلىنىپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلاشتى. يۈرىكىم ئورنىدىن بىرى توختاپ قېلىپ بىردىنلا مېڭىپ كەتكەن سائەتكە

ئوخشاش ئەنسىزلىك ئىچىدە دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى.

بىز ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈك ئارىسىغا قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقلارنىڭ بىرسىدە ئولتۇردۇق. ئۇ ئاۋال ئېغىز ئاچتى:

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— ئىشلەۋاتىمەن.

— ماقالە يېزىۋاتامسىز؟

تېخى ھېلىلا يەككە تىجارەت قىلىمەن دەۋاتاتتى، ئەمدىلىكتە ئىجادىيەت ئەھۋالىمنى سوراۋاتىدۇ. ئۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزىقىدىغان مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى ئوخشىمامدۇ. مۇشۇلارنى ئويلاپ، كۆڭلۈم بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئالدىراپ جاۋاب بەردىم:

— ھەئە.

— بۇنى سىز يازغانمۇ؟ — ئۇ يانچۇقىدىن پۈرلىشىپ كەتكەن بىر ژۇرنالنى ئېلىپ، بېگىز بارمىقى بىلەن ئۇنىڭغا بېسىلغان ھېكايەمنىڭ ماۋزۇسىنى كۆرسەتتى.

— ھەئە، مەن يازغان.

— ھىم، مۇنۇ يېرىم يالىڭاچ رەسىمنىمۇ سىز سىزغانمۇ؟

— ياق، ئۇنى تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر ئۆزلىرى سىزىدۇ.

— ئۇ ھاياسىز، رەسۋا رەسسام بىلەن ئايرىم سۆزلىشىمەن تېخى! ئېيتىڭا، ئۇ ماقالىدىكى ئىشلار نەدە بولغان؟ بۇنى سىزگە كىم دەپ بەرگەن؟ — ئۇ، ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرگەندەك سوغۇق نەزەر بىلەن ماڭا مىختەك قادالدى. شۇندىلا ئۇنىڭ كېلىشىدىكى مەقسەتنى چۈشەندىم ھەمدە قائىدە سۆزلەش ئارقىلىق ئۇنى قايىل قىلماقچى بولدۇم.

— ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بۇ ھېكايە، ھېكايە بولغان ئىكەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭدا بەدىئىي توقۇلما بولىدۇ. شۇڭا بۇ ھېكايەدىكى ئىشلار پالانى يەردە بولغان، بۇنى ماڭا پۇستانى دەپ بەرگەن دېيەلمەيمەن. لېكىن بۇنداق ئىشلار تۇرمۇشتا چېچىلاڭغۇ، تارقاق ھالەتتە بار، مەن ئۇنى تىپىكلەشتۈرۈپ يېزىپ چىققان.

— بولدى، ئۇندىغىي ـ مۇندىغىي، دەپ قورقۇپ گەپ سېتىپ مېنى كولدۇرلاتماڭ! — ئۇ قوپاللىق بىلەن قوللىرىنى شىلتىدى، — سىز تېخى خىيالىڭىزدا مېنى ھېچنېمە ئۇقمايدىغان قارا قورساق ئادەم دەپ ئويلايدىكەنسىز ـ دە، ئۇقۇپ قويۇڭ، مەنمۇ ئونىنچى سىنىپنى پۈتتۈرگەن، سىز بىلگەننى بىلگۈچىلىكىم بار. ئوچۇقىنى ئېيتسام، سىز بۇ ماقالىڭىزدا پۈتۈن شىنجاڭدىن يازغىلى ئادەم تاپالمىغاندەك مېنى يېزىپسىز. يازغاندىمۇ توغرا يازماپسىز، مەسىلەن ئالساق، — ئۇ ھېكايەمنىڭ قەلەم بىلەن سىزىلغان جايلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى، — مانا ماۋۇ يەردە رومكا سوقۇشتۇرغاچ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق دەپسىز. ماڭا بىر قاراڭ، مەن سىز بىلەن نەدە ھاراق ئىچىشكەن؟ مەن دېگەن خۇدانىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ، بەش ۋاق نامازنى قازا قىلماي ئوقۇيدىغان تەقۋادار ئادەم تۇرسام، يۇرتتىكىلەر بۇ ماقالىنى ئوقۇسا مېنى ھاراقكەش بولۇپ كېتىپتۇ، دەپ ئويلاپ قالامدۇ؟ مەن ئەمدى يۇرتقا قايسى يۈزۈم بىلەن بارىمەن؟ ئەڭ يامىنى خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولمامدىمەن؟ ماڭا قاراڭ، — ئۇ جەينىكى بىلەن مېنى بىقىنلاپ ئۆزىگە قاراتتى، — تېخى تەپ تارتماستىن ئايالىمنى پۈتەرمىغان توغراقتەك سەت، دەپ تىللاپسىز. چىرايلىق بولسۇن، سەت بولسۇن، ئۆزۈمنىڭ ئايالى، سىزنىڭ چىرايلىق خوتۇنىڭىزنى تالاشمىغاندىكىن ئۇنى تىللاشقا نېمە ھەققىڭىز بار؟ يەنە تېخى ئۆيۈمنى توخۇ كاتىكىدەك كىچىك دەپسىز، كىچىك ئۆيدە ئولتۇرسام مەن ئولتۇردۇم.

uyghurkitap.com

سىزنىڭ نېمە چاتىقىڭىز؟ سىڭگەن نېنىڭىزنى يېمەي نېمىشقا خەقنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىسىز؟ بۇ ھوقۇقنى سىزگە كىم بەردى؟! بۇنداق غەلىتى ماقالە يېزىپ پۇل تاپىمەن دېگۈچە ئۈيۈمگە كىرگەن بولسىڭىز بېشىمغا كەلگەن بالا-قازانىڭ ھەققىدە سەدىقە بېرەتتىم ئەمەسمۇ؟ — ئۇ دىمىقىنى قېقىپ زەھەرلىك ھىجايدى.

باياتىن بېرى نادان (كەچۈرۈڭ، پېرسوناژىمنى ئەيىپلەپ سالدىم) بىلەن تەڭ بولماي، دەپ چىشىمنى چىشلەپ ئولتۇرغانىدىم. ئۇنىڭ تەنە قىلىپ ئېيتقان ئاخىرقى گېپى قاتتىق غۇرۇرۇمغا تەگدى. شۇنداقتىمۇ سىلىق سۆزلەشكە تىرىشتىم:

— مەن سىزنى تونۇمىسام، قانداقسىگە سىزنى يازغان بولىمەن؟

— راست دەيسىز، — ئۇ بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىز مېنى تونۇمايسىز. مەنمۇ سىزگە ئۆزۈم توغرىلىق بىر نەرسە دەپ بەرمىگەن. بىراق سىز تېخى كىچىك، ئۇقمايسىز، ئادەمنىڭ دوستىدىن دۈشمىنى تولا. مەن بىلەن قېرىشىدىغان، مېنىڭ ئىشلىرىمنى سىزگە ئاپىرىپ چاقىقان ئادەم بار. بولمىسا سىز مېنىڭ مەخپىي ئىشلىرىمنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە شۇنچە تەپسىلىي يېزىپ چىقالامتىڭىز؟ مەن ئاشۇ چېقىمچىنى چوقۇم تاپماي قويمايمەن؟ — ئۇنىڭ چىشلىرى قۇم چايناۋالغاندەك غۇچۇرلىدى، مۇشتۇملىرى تۈگۈلدى، ۋۇجۇدى غەزەپتىن غال-غال تىترەپ كەتتى.

ھېكايەمدە ئاكىسىنىڭ ئايالىنى خوتۇنلۇققا ئېلىش ئارقىلىق ئاكىسىدىن ئۆچ ئالغان بىر يەككە تىجارەتچىنىڭ ئىشلىرى بايان قىلىناتتى، بۇ ئىشلار بىلەن بۇ ئادەمنىڭ نېمە چېتىشلىقى باركىنە؟

— سىز راست شۇنداق ئىشلارنى قىلغانمۇ؟

— قىلغان، — ئۇ بۇ سۆزنى ئالاھىدە بىر خىل كۆتىرەڭگۈ ئۇرغۇ بىلەن ئېيتىپ، ئۆزىچە بىر كېرىلىپ قويدى، چىرايىدا بولسا بىلىنەر-بىلىنمەس يېقىمسىز تەبەسسۇم پارلىدى، — بىرىق بۇ ئىشلارنىڭ بېسىقىپ قالغىنىغا بىرقانچە يىل بولغان، بۇ قېتىم سىز قايتا كۆتىرىپ چىقىپ، ماڭا بىر مۇنچە كۆڭۈلسىزلىك تېپىپ بەردىڭىز، — ئۇنىڭ چىرايى يەنە تۇتۇلدى، — ژۇرنال قولۇمغا چۈشكەن كۈنىلا ماقالىنى بىرنەچچە ئاغىنىلىرىمغا ئوقۇپ بەرگەنىدىم، ھەممەيلەننىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. سوتتا ئىشلەيدىغان ئاغىنىلىرىم «بۇ ھەققەتەن كىشىلەرنىڭ ئىززەت-غورۇرىغا تېگىش جىنايىتى بوپتۇ. قەلەمكەش، ژۇرنالكەش ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىلسىڭىز بولغۇدەك» دەپ مەسلىھەت بېرىشتى. ئايالىممۇ «مېنى نېمىشقا يونىمىغان توغراقتەك سەت دەپ تىللايدىكەن» دەپ نەچچە كۈنگىچە يىغلىدى. بىزنىڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئىشلەيدىغانلىقىڭىزنى ئۇققاندىن كېيىن، چوڭ ئوغلۇم مەھەللىدىكى لۈكچەك ئاغىنىلىرىنى باشلاپ چىقىپ سىزنى ئۇرغۇزۇشقا تەييارلانغانىدى، لېكىن مەن يول قويمىدىم. يەنىلا بىر يۇرتلۇق ئىكەنلىكىمىزنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلدىم. ئەسلىدە مەن توغرۇلۇق بىر نەرسە يېزىش نىيىتىڭىز بولسا بۇنداق ئۆز بېشىمچىلىق قىلماي ئۆيۈمگە كىرىپ: «ئاكا، مەن مۇشۇنداق بىر نەرسە يازماقچىدىم، سۆزلەپ بېرىڭ» دېگەن بولسىڭىز، ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتىم. ئۇ چاغدا سىز بىر رومان پۈتكۈدەك دەسمايىغا ئىگە بولاتتىڭىز. بىراق سىز ئۇنداق قىلماپسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماقالىنى ھەممىلا يەرگە تارقىلىدىغان ژۇرنالغا باستۇرۇپسىز. ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ ماڭا يۈز-ئابروي، بالىلىرىمنىڭ ئىستىقبالى كېرەك ئەمەسمۇ؟ — ئۇ، ئاداق-

www.uyghurkitap.com

قى نۇرلىرىنى دەرەخلەر ۋە گۈللەرنىڭ ياپراقلىرىدا قالدۇرۇپ ئۇپۇق باغرىغا ئاستا-ئاستا پېتىۋاتقان قۇياشقا قارىغىنىچە ھەسرەتلىك ئۇھ تارتتى. ئۇنىڭ بۇ ئۇھ تارتىشلىرىدىن قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇ تەسەللىيگە موھتاج ئىدى. لېكىن مەن ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللىي بېرىشنى بىلمەيتتىم. ئارىدا بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئاخىرى ئۇ بېشىنى شارتتىدە مەن تەرەپكە بۇرىدى. كۆزلىرىدىن يەنە سوغۇق نۇر چاچرىتىپ، مېنىڭ چىرايىمغا مىقتەك قادالدى:

— سىز ئەمدى يا يازغىنىم خاتا ئىكەن، دەپ يەنە بىر ماقالە يېزىڭ، يا خوتۇن-بالىلىرىمنى قولىڭىزغا ئېلىڭ. بولمىسا ئۈستىڭىزدىن سوتقا ئەرز قىلىمەن!

كۆزلىرىمىز توقۇنۇشتى، بىرەر مىنۇتچە ئۈنسىز تىكىلىپ تۇرۇشتۇق. ئۇ، چىرايىدىكى غەزەپلىك ئىپادىنى ساقلىغان ھالدا ماڭا قاراشنى داۋام قىلماقتا ئىدى. ئۇ، مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق مېنى قورقۇتۇپ توۋا قىلدۇرماقچى بولسا كېرەك. لېكىن مەنمۇ كۆزۈمنى ئېلىپ قاچمىدىم. «كۆز ھۇجۇمى» ئەۋجىگە چىقتى. ھېچقايسىمىز «جەڭ»دىن چېكىنىشنى خالىمايتتۇق. ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ پەرەكلىرى گاھ كېڭىيىپ، گاھ تارىيىپ تۇراتتى. ئاخىرى مەن بۇ «جەڭ»گە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن:

— سوتقا ئەرز قىلىڭ! — دېدىم.

ئۇ قاتتىق تېپىكتىن قاڭقىپ كەتكەن تـوپتەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، چىرايى بولسا غەزەپتىن قارىداپ كەتكەنىدى.

— سوتقا ئەرز قىلىڭ، ھېم، مۇنداقمۇ گېپىم بار دەڭ تېخى! مەن سىزنى چوقۇم مەندىن ئەپۇ سورايدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، سىز نوچى ئوخشايسىز. بوپتۇ، ئەرز قىلاي، سىزگە ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى، خەلقى-ئالەم ئالدىدا قانچىلىك ئىناۋىتىم بارلىقىنى بىر تونۇتۇپ قوياي، خەپ!...

ئۇ يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ، ئادرېسىمنى يېزىۋالدى.

— سىز «ئۆچ ئېلىش» دەپ ماقالە يازغان بولسىڭىز مەنمۇ سىزدىن ئۆچ ئالىمەن. قەلەمكەشلەرگە پۇل خەجلەپ ماقالە يازدۇرۇپ، رەسۋايىڭىزنى چىقىرىمەن. خوش ئەمىسە، سوتتا كۆرۈشەيلى!

ئۇ، تېز-تېز قەدەم تاشلاپ كېتىپ قالدى.

مەن تىرىلگەن پېرسوناژىم مەتۋاقى بىلەن ئەنە شۇنداق تاسادىپى ئۇچرىشىپ، كۆڭۈلسىز خوشلاشتىم.

مەتۋاقىغۇ كەتتى، لېكىن تىنچ كۆڭلۈمنى قاتتىق داۋالغۇتىۋېتىپ كەتتى. ئۇ راستىنلا ئۈستۈمدىن سوتقا ئەرز قىلارمۇ؟ ئەرز قىلسىغۇ مەيلى، لېكىن باشقا يوللار بىلەن مەندىن ئۆچ ئالسىچۇ؟ ھەر ھالدا ئۆزۈمگە پەخەس بولغىنىم تۈزۈك... يېقىنقى نەچچە كۈن ئىچىدە مەتۋاقى ئوڭۇمدا خىيالىمغا، ئۇخلىسام چۈشۈمگە كىرىۋېلىپ ماڭا زادى ئارام بەرمىدى. ھەي مەتۋاقى، ھەي مەتۋاقى، ئادەمنى بۇنداق ئاۋارە قىلغۇچە تىرىلمىسەڭ بولماسمىدى!

مەن غەم-ئەندىشىدىن قۇتۇلۇش ۋە ئۆز-ئۆزۈمگە تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن «مەتۋاقىنى يامان نىيەتتىن قايتۇرغايسەن!» دەپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلدىم. ئەي ئاللا! ئۇنىڭ دىلىنى ئىلىم-مەرىپەت بىلەن نۇرلاندۇرغايسەن!

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە




يېقىندا، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەزەرىيە تەتقىقات ئىشخانىسى بىرلىكتە يولداش دىلى شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت توغرىسىدىكى باياناتلىرىنى ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. سۈرەتتە: يىغىنغا قاتناشقان بىر قىسىم ئاپتورلار مۇھاكىمە ئېلىپ بارماقتا.



«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى يېقىندا يېڭىباشتىن تەشكىل قىلىندى. سۈرەتتە: يېڭى تەھرىر ھەيئەتلەرنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىنىدىن بىر كۆرۈنۈش.

سۈرەتلەرنى قەيۇم تۇرسۇن تارتقان.

www.uyghurkitap.com



《塔　里　木》　文学月刊　（维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL
IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1990 ـ يىل 5 ـ سان ( 351 ـ سان ) ، 40 ـ يىل نەشرى .
تۈزگۈچى « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 ـ قورۇ ، تېلېفون نومۇرى : 78784 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

国内统一刊号：　CN65－1010／I
本刊代号：58－66 定　价：1.40元
邮政编码：830002

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 ـ 1010 / I
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 66 – 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 1.40 يۈەن .
پوچتا نومۇرى :